« جۇڭگو سەرخىل ژۇرناللار سېپى » دىكى نەشرىي ئەپكار
« شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى » غا ئېرىشكەن نەشرىي ئەپكار
入选《中国期刊方阵》的刊物
荣获《新疆期刊奖》的刊物




orkax的空间
http://...1198790.qzone.qq.com

3

2015

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

ISSN 1008-6498
05>
9 771008 649003

# 新疆文化

•XINJIANG CULTURE•СИНЬЦЗЯНСКАЯ КУЛЬТУРА•シンキョウ ブンカ•مجلة حضارة شنجيانغ•



«كۆك مەشرەپ»نىڭ ھېكايىسى

ئۆتكۈر نىجات فوتوسى



نورۇزدىكى ئەزىمەت

ئۆتكۈر نىجات فوتوسى




تەھرىر ھەيئەت مۇدىرى: مۇختار مەخسۇت

تەھرىرات باشلىقى،
دائىمىي مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: بەگمەت يۈسۈپ (ئالىي مۇھەررىر)

## شوئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىباپلىق، ئوقۇشچانلىق

# 2015.3

(ئومۇمىي 333 - سان)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى باشقۇرىدۇ
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەنئەت تەتقىقات ئورنى چىقىرىدۇ
ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال

چىرىكلىككە، پارىخورلۇققا قەتئىي قارشى تۇرۇپ، ئاۋامغا بەخت يارىتايلى

# بۇ ساندا

مەدەنىيەت ئەينىكىدە


چەت ئەل مەدەنىيەت كەسپىي تەرەققىياتىغا نەزەر ...... ئەخمەتجان ئەمەت (ت) 3


كىتاب ئوقۇش دەۋرىگە كىرىش


ئۈستۈن ئوقۇرمەنلىك، روھ پەرۋىشى ۋە ئاقارتىش جاراھىتى ....................
زۇلپىقار بارات ئۆزباش ........................................ 10


دانا ۋە ئاگاھ بولۇڭ


ئۆزىنى باشقۇرۇش دېگەن نېمە ............................ ئابدۇرېھىم دۆلەت 20


سەھرا بازىرىدىكى ھېكايە


تۆزچى...............................(پوۋېست) ...... ئابدۇرەھمان ئەزىز ئوغلى 30


«تىلسىماچىلار جاڭخانىسى»دىكى بازاكلار


تۇماندىكى پاراخوت ............................ ئوسمانجان مۇھەممەد (ت) 55
قوي ئوغرىلىغان «ئەۋلىيا» قاتارلىقلار ............ يۇسۇپجان داۋۇت (ت) 62


ئەي زىيالىي، مەنزىلىڭ قايان؟


خەلق بىلەن زىيالىيلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ۋە بۇرچ ...... ئىسرائىل تۇردى 65


تەپەككۇر دۇنياسى


تەپەككۇر مېۋىلىرى ................ ئابدۇغېنى توختى توغرۇلتېكىن قاتارلىقلار 75


مۇقاۋىدا: قەلبداشلار ........................................ ئۆركەش جاپپار فوتوسى


شىنجاڭ مەدەنىيىتى
(64-يىل نەشرى)

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال

تەھرىر ھەيئەتلەر
(ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)

ئابدۇقادىر جالالىددىن
ئارسلان ئابدۇللا
ئازات سۇلتان
ئادىل تۇران
بەگمەت يۈسۈپ
جالڭ خۇگچاۋ
دىلشات پەرھات
قۇربان مامۇت
ئىمىن ئەخمىدى

بۇ ساننىڭ تەكلىپلىك
مۇھەررىرى ۋە
تېخرىداكتورى:
ئايگۈل ئەمەت
(كانديدات ئالىي مۇھەررىر)

# چەت ئەل مەدەنىيەت كەسپى تەرەققىياتىغا نەزەر

ئەخمەتجان ئەمەت



مەدەنىيەت كەسپى يېڭىدىن گۈللەنگەن كەسىپ بولۇپ، نۆۋەتتە نۇرغۇن دۆلەتتە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ كۈچلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە ئايلاندى. بۈگۈنكى دۇنيا مەدەنىيەت كەسپىگە تۆۋەندىكى توققۇز كاتتىباش غوجا بولۇپ كەلمەكتە. ئۇلار: Warner Time, Disney، ۋىيكاڭ خەۋەرلىشىش شىركىتى، TCL، ھەممباب ئېلېكتىر ئۈسكۈنىلىرى، Bertelsmann، ئاخبارات گۇرۇھى، Sony، Seagram دىن ئىبارەت. بۇ توققۇز گۇرۇھ دۇنيا بويىچە 500 كۈچلۈك كارخانا تىزىملىكىدىن ئورۇن ئالغان.

## مەدەنىيەت ئەينىكىدە

ئۇلاردىن قالسا دۆلەت دەرىجىلىك ياكى رايون دەرىجىلىك مەدەنىيەت كەسپى كاتتىباشلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ يېرىمى شىمالىي ئامېرىكىغا جايلاشقان. قالغانلىرى ياۋروپا ۋە ياپونىيەدە بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 1 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىدىن ئاشىدۇ. ئۇنداقتا ئامېرىكا مەدەنىيەت كەسپىنى دۇنياغا غوجا قىلدۇرغان نېمە؟ ئەنگلىيە، فىرانسىيە قايسى ئەۋزەللىكنى جارى قىلدۇرۇپ مەدەنىيەت كەسپىنى گۈللەندۈرگەن؟ ياپونىيە، كورېيە مىللىي مەدەنىيىتىنى قانداق تارقاتقان؟

### ئامېرىكا

بازارنى جانلاندۇرۇش تېپىدىكى مەدەنىيەت

www.uygurkitap.com

كەسپى. ئامېرىكا مەدەنىيەت سىياستى لىبېرالىزم ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، سېتىشنى يۈكسەك بازارلاشتۇرۇش ۋە ھۆكۈمەتنىڭ قول تىقىشىنى ئىمكانقەدەر ئازايتىشنى تەكىتلەشنى ئاساسىي مەقسەت قىلىدۇ. ئامېرىكىدا، مەدەنىيەت كەسپى ئىقتىساد ساھەسىدە ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە ئەمەس، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى مەدەنىيەت كەسپى پولات-تۆمۈر، ئاپتوموبىل قاتارلىق باشقا مەھسۇلاتلار بىلەن ئانچە پەرقى يوق، مەدەنىيەت ئالاھىدە يېرىك پىلان ۋە قوغداشقا موھتاج ئەمەس، ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ قىلىشقا تېگىشلىكى مەدەنىيەت كارخانىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرى ۋە شەخسىي مەدەنىيىتى ئۈچۈن باراۋەر، مۇۋاپىق، تولۇق رىقابەتلىشىدىغان سەھنە ھازىرلاپ بېرىش، دەپ قارايدۇ.

بازار قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلىپ، يۇقىرى سوممىلىق پايدىغا ئىنتىلىش بىلەن ئادەتتىكى سودىغا مەبلەغ سېلىشنى سېلىشتۇرغاندا، ئامېرىكا مەدەنىيەت كەسپىگە مەبلەغ سېلىشتا ئېرىشىدىغان پايدىسى ئىنتايىن زور ھەم تېز. ئامېرىكىنىڭ مەدەنىيەت كەسپى مەھسۇلات ئېچىش، يەر شارىدا سېتىش تورىنى بەرپا قىلىش، تەشۋىق قىلىش، سېتىشنى تېزلىتىش بىلەن باغلاپ سېتىش قاتارلىق كۆپ خىل ۋاستە ۋە ئۇسۇل ئارقىلىق، ئەڭ زور پايدىغا ئېرىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. Disney نى بۇ جەھەتتىكى «ماھىر ئۇستاز» دېيىشكە بولىدۇ؛ يەر شارى بويىچە كەڭ كۆلەملىك ئېلان ۋە سېتىشنى تېزلىتىش ھۇجۇمىنىڭ ماسلىششىدا، Disney ئادەتتە بەش قەدەم بويىچە ئەڭ چوڭ نەپكە ئېرىشىدۇ؛ بېلەت كىرىمى بىرىنچى كىرىم، ئۈنئالغۇ لېنتىسى، DVD تارقىتىش ئىككىنچى كىرىم، Disney باش تېمىلىق باغچىسىنى كېڭەيتىش ئۈچىنچى كىرىم، ئىجازەتلىك تىجارەت ۋە كۇرۇسلۇق مەھسۇلاتلىرىنى مەخسۇس سېتىش تۆتىنچى كىرىم، ئەڭ ئاخىرىدا، تېلېۋىزىيە تاراتقۇلىرىدىن پايدىلىنىپ ئاداققى كىرىمگە ئېرىشىدۇ. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، Disney نىڭ بارلىق كىرىمىدە كىنو تارقىتىش بىلەن ئۇنىڭغا ئۇلىشىپ كەلگەن كىنو ۋە تېلېۋىزىيە كىرىمى پەقەت 30% نى، باش تېمىلىق باغچىسىنىڭ كىرىمى 20% نى ئىگىلەيدىكەن، قالغان 50% نىڭ ھەممىسى كوزىرلىق مەھسۇلاتلىرىنى سېتىشتىن كېلىدىكەن.

**مۇۋاپىق تەڭشەش، كەسىپنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا يېتەكچىلىك قىلىش.** ئامېرىكا ھۆكۈمىتى مەدەنىيەت كەسپىنىڭ ئاكتىپ تەرەققىي قىلىشىغا ئىلھام بېرىش بىلەن بىللە، تۈرلۈك ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ مەدەنىيەت بازىرىنى مۇۋاپىق تەڭشەپ، كەسىپنىڭ ساغلام تەرەققىياتىغا كاپالەتلىك قىلىدىكەن. مەدەنىيەت كارخانىلىرىنىڭ كېڭىيىشىگە يار-يۆلەك بولۇپ، تاراتقۇ كەسپلىرىنىڭ رىقابەتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۇلارنىڭ خەلقئارالىق رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ يەر شارىلىشىشى ۋە تاراتقۇ ئىنقىلابىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىگە ماسلىشىشى ئۈچۈن، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى تاراتقۇلارغا بولغان باشقۇرۇشنى تەدرىجىي قويۇۋېتىدىكەن. 1984-يىلى، رېگان ھۆكۈمىتى ھۆكۈمەت باشقۇرۇشنى ئازايتىش، رىقابەتلىشىش ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇش ئىدىيەسىدە، تاراتقۇلار ئىگىدارلىق ھوقۇقىغا بولغان چەكلىمنى قويۇۋېتىپ، تاراتقۇلار ساھەسىدە ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى قوشۇۋېتىش ۋە مەركەزلەشتۈرۈش دولقۇنىنى شەكىللەندۈرگەن.

1996-يىلى، كلىنتون ھۆكۈمىتى «فېدېراتسىيە تېلېگراف قانۇنى»نى ئىمزالاپ، تاراتقۇلارغا ئىگىدارلىق ھوقۇقى ۋە ھالقىما تاراتقۇلارغا ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىغا بولغان چەكلىمنى زور دەرىجىدە قويۇۋېتىپ، سىملىق تېلېۋىزىيە ئالاھىدە ئىجازەتنامىسى ئىلتىماس قىلمايلا تېلېفون كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىشقا بولۇش، تېلېگراف ۋە ئىنتېرنېت ساھەسىنىڭ ئەنئەنىۋى تاراتقۇچى بازىرىغا كىرىشكە ئىلھاملاندۇرۇشنى بەلگىلەپ، ئەسىر ھالقىش ھارپىسىدىكى مىسلى كۆرۈلمىگەن تاراتقۇلارنىڭ قوشۇلۇش دولقۇنى شەكىللىنىپ، تاراتقۇ ساھەسىدە ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى قوشۇۋېتىش ۋە مەركەزلەشتۈرۈش دولقۇنىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئاز ساندىكى دەرىجىدىن تاشقىرى كۆلەملىك ھالقىما تاراتقۇ مەدەنىيەت كەسپىي گۇرۇھلىرىنىڭ پەيدا بولۇشىغا تۈرتكە بولغان.

**مەدەنىيەتتە يېڭىلىق يارىتىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، كەسىپ بايلىقىنى ئېچىش.** ئامېرىكىنىڭ ئاساسلىق مەدەنىيىتى ياۋروپا مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن كەلگەن بولۇپ، ئۇنى بەرپا قىلىش جەريانىدا، دۇنيادىكى باشقا مەدەنىيەتنىڭ جەۋھىرىنى ئۈزلۈكسىز قوبۇل قىلىپ، تەدرىجىي تەرەققىي قىلىش ئارقىلىق، دۇنيا مەدەنىيەت سەھنىسىدىكى ھاياتىي كۈچكە تولغان، توختاۋسىز ئىلگىرىلەيدىغان مەدەنىيەت كۈچىگە ئايلانغان. «300 ئەزىمەت»، «گومپا مۇشۇكېيىق»، «خۇامۇلەن» قاتارلىق جەت ئەل ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدىن ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەن ھوللىۋود كىنولىرى يەر شارى بويىچە بازىرى ئىتتىك كىنولاردىن بولماقتا؛ دۆلەت

هالقىغان شىركەتلەر ئىشلىگەن مودا مۇزىكا دەۋر سۈرمەكتە؛ چەت ئەلدىن «ئىمپورت» قىلىنغان برودۋېي مۇزىكىلىق تىياتىر يىل بويى ئالقىشقا ئېرىشمەكتە. ئامېرىكا مەدەنىيەت كەسپىنىڭ قابىللىرى چەت ئەل مەدەنىيىتىنى ئاددىي ئۇسۇلدا كۆچۈرمەستىن، بەلكى دادىللىق بىلەن يېڭىلىق يارىتىپ، «ئامېرىكىچە ئۆزگەرتىش» ئېلىپ بېرىپ، مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ئۇسلۇبىنى ساقلاپ، بازار ئېھتىياجىغا ماسلىشىدۇ، ئەلۋەتتە.

ئەنگلىيە، فىرانسىيە

بايلىق مەنبەسىنى جانلاندۇرۇش تېپىدىكى مەدەنىيەت كەسپى. مەدەنىيەت كەسپى بايلىق مەنبەلىك كەسىپ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇپ، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپلا قالماستىن، يەنە قىممەتنىڭ ئېشىشىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ، تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، يېڭى ئېھتىياج يارىتىپ، بايلىقنىڭ مۇلازىمەت قىلىش — ئېشىش-ئەسلىگە كەلتۈرۈش — يەنە مۇلازىمەت قىلىشتىن ئىبارەت ئايلىنىش زەنجىرىنى تاماملاپ، يېڭىچە بايلىققا ئايلاندۇرىدۇ. ياۋروپادىكى نۇرغۇن ئەللەر، مەسىلەن، ئەنگلىيە، فىرانسىيە، ئىتالىيە، گېرمانىيە، دانىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە مەدەنىيەت كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا مول تارىخىي مەدەنىيەت بايلىقىغا ئىگە.

ئەنگلىيە شەھەر مەدەنىيىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپ، مەدەنىيەتنىڭ كۆپ خىللىقى ھەمدە ئۇزاق مۇددەت جۇغلانغان ئىلىم-پەن ئاساسىي ئىجادىيەت قاتلىمىنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن مۇنبەت تۇپراق ھازىرلاپ بەردى. 20-ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىدا، ئەنگلىيەلىك مۇتەخەسسىس، ئالىملار ئىجادىي تەپەككۇر ئىقتىسادى دېگەن ئۇقۇمنى ئاۋۋال ئوتتۇرىغا قويغان. ئون يىللىق تىرىشچانلىق ئارقىلىق، ئىجادىي تەپەككۇر كەسپى ئەنگلىيەدە پۇل مۇئامىلە كەسپى بىلەن قېلىشمىغۇدەك تۈۋرۈك كەسىپكە ئايلانغان بولۇپ، ئاۋام ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەھەتتىكى مۈشكۈل ئەھۋالدىن غالىب كېلىشىگە ياردەم بېرىپ، ئىقتىسادنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىسىنى تېپىپ چىققان.

ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت بايلىقىنى قېزىپ، مەدەنىيەت شەھىرى بەرپا قىلىش. ئەنئەنىۋى سانائەت شەھىرىنىڭ ئاجىزلىشىپ كېتىشىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، مەدەنىيەت ئارقىلىق شەھەرنىڭ يېڭىلىنىشىغا يېتەكلەش ئىدىيەسى غەربنىڭ يېڭى لىبېرالىزم ئېقىمىنىڭ باش كۆتۈرۈشىگە ئەگىشىپ ھەمدە ئەنگلىيەدە خېلى تەسىرگە ئىگە شەھەر پىلانىنى يېڭىلاش ئىستراتېگىيەگە ئايلانغان. گلاسگوۋ شوتلاندىيەدىكى ئەڭ چوڭ شەھەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ، شوتلاندىيەنىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان، ئۆزىنىڭ شانلىق مەدەنىيىتى ۋە ئەنئەنىسى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر. گلاسگوۋ ھۆكۈمىتى تارىخىي مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە قۇرۇش ئۈچۈن نۇرغۇن مەبلەغ، ئادەم ۋە ماددىي كۈچ سەرپ قىلغان. مەسىلەن، ئۇزاق تارىخقا ئىگە، تاشلىۋېتىلگەن يۇڭ گىلەم زاۋۇتىنىڭ بىناسىنى سودا تۇرالغۇسى قىلىپ ئۆزگەرتكەن، شوتلاندىيە يىغىن، كۆرگەزمە مەركىزىنى بېزەپ، گلاسگوۋ گۈللۈك بايرىمى ئۆتكۈزۈپ، شەھەر مۇھىتىنى ياخشىلىغان قاتارلىقلار.

گلاسگوۋ ھەرىكىتىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى مەدەنىيەت جەھەتتىن يېتەكچى قىلغان كونىشەھەرنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق شەھەر ئوبرازىنى يېڭىلاپ، كىشىلەرنى ئولتۇراقلىشىش، خىزمەت قىلىش ۋە كۆڭۈل ئېچىشقا جەلپ قىلىدىغان جايغا ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. بۈگۈنكى كۈندە، گلاسگوۋ شەھەر ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا قايتىدىن قۇرۇپ چىققان، ئەنگلىيەدىكى نۇرغۇن مەشھۇر سەنئەت سارىيى ۋە گۈزەل سەنئەت سارىيى، شۇنداقلا داڭلىق سەنئەت ئۆمەكلىرى، مەسىلەن: خان جەمەتى شوتلاندىيە دۆلەتلىك سىمفونىسە ئۆمىكى، شوتلاندىيە ئوپېرا ئۆمىكى، شوتلاندىيە باللېت ئۇسسۇل ئۆمىكى ھەمدە BBC شوتلاندىيە سىمفونىيە ئۆمىكى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى شەھەر ئوبرازىنى گەۋدىلەندۈرۈشتىكى مۇھىم يېڭى ئامىلغا ئايلىنىپ، گلاسگوۋنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا پۈتكۈل دۇنياغا تونۇشتۇرۇپ بەرگەن.

قويۇق سەنئەت كەيپىياتى يارىتىپ، ئىجادىي تەپەككۇر قاتلىمىغا «تۇپراق» بىلەن تەمىن ئېتىدىغان ئەنگلىيەنىڭ ئويۇن قويۇش كەسپى ناھايىتى گۈللەنگەن بولۇپ، كۆپىنچىسى داڭلىق تارىخىي تىياتىرلار ئوينىلىدۇ. لوندون شەھەر مەركىزىنىڭ كوچىلىرىدا ئون نەچچە تىياتىرخانا مەركەزلەشكەن، «سايگونلۇق خېنىم»، «مۈشۈك»، «پاجىئەلىك دۇنيا» قاتارلىق داڭلىق تىياتىرلار ئۈزلۈكسىز زور ئىقتىسادىي ئۈنۈم ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئېرىشىش بىلەن بىللە، ئەنگلىيە ئىجادىي تەپەككۇر قاتلىمىنىڭ پەيدا بولۇشىنى مۇنبەت «تۇپراق» بىلەن تەمىنلىگەن. بۇنىڭدىن سىرت، ئەنگلىيەدە 2400 دىن ئارتۇق لاياقەتلىك باھالانغان مۇزېي بار، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەتلىك مۇزېيدىن 18ى،

ئامموۋى مۇزېيدىن 200 دىن ئارتۇق، ئۇنىۋېرستېت مۇزېيىدىن 300 ى، رايون خاراكتېرلىك مۇزېي ۋە مۇستەقىل مۇزېيدىن 1100 ى بار بولۇپ 800 دىن ئارتۇقنى يەرلىك باشقۇرىدۇ.

قويۇق سەنئەت كەيپىياتى لوندوننى نەچچە ئەسىردىن بۇيان ئىجادىي تەپەككۇر مەركىزى قىلىپ ياراتقان. ئۇنىڭ ئىختىساسلىقلار زاپىسى دۆلەت ئىچى-سىرتىدىن كەلگەن كۆچمەنلەردىن تولۇقلىنىپ، بۇ ئىجادىي تەپەككۇر ئاپپاراتلىرىنى يېتىشتۈرگەن، شۇنداقلا سەنئەت دائىرىسىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ۋە زاۋال تېپىشى، ئۆزگىرىشى ئارقىلىق دۆلەت ئىچى ۋە دۇنيادىكى ئىختىساسلىقلارنى جەلپ قىلماقتا. ئىجادىي تەپەككۇر كەسپىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئەنگلىيە ئىقتىساد جەھەتتە كەسىپ قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇش ۋە ئۆستۈرۈشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلگە ئاشۇرغان. بۈگۈنكى كۈندە، ئەنگلىيەنىڭ ئىجادىي تەپەككۇر كەسپىنىڭ كەسىپ قىممىتى دۆلەت ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 8% ئەتراپىنى ئىگىلىگەن.

ياۋروپادا، فرانسىيە ئۇزاق مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە دۆلەت، سەنئەت بىلەن مەدەنىيەت بايلىقى سىياسىي تۈزۈلمىدىن ھالقىغان، فرانسىيەلىكلەر ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتىگە كۈچلۈك پەخىرلىك تۇيغۇسى ۋە قوغداش ئېڭىغا ئىگە بولۇپ، مەدەنىيەتكە بولغان ئەھمىيەت بېرىشى قانقىنىغا سىڭىپ كەتكەن. شۇڭلاشقا چەت ئەل مەدەنىيىتىنىڭ بۆسۈپ كىرىشى فرانسىيەلىكلەرنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغايدۇ، بەلكىم بۇ فرانسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ مەدەنىيەت سىياسىتىنى ئۈنۈملۈك كونترول قىلالىغانلىقىنىڭ سەۋەبى بولۇشى مۇمكىن.

فرانسىيە ھۆكۈمىتى مەدەنىيەت كەسپىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، بىر قاتار ئېتىبار سىياسەتلىرىنى تۈزۈپ، مەدەنىيەت كەسپىنىڭ ئوڭۇشلۇق تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولغان. ئاساسلىقى: ئۈچ خىل شەكىلدىكى مالىيە جەھەتتىن قوللاش ۋە ياردەم بېرىش بولۇپ، بىرىنچىسى، مەركىزىي ھۆكۈمەت بىۋاسىتە ياردەم، تولۇقلىما ۋە مۇكاپات قاتارلىقلار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ، مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ھەر بىر كارخانا ياكى ئەل ئىچى جەمئىيەتلەر مەدەنىيەت مىنىستىرلىقىغا مالىيە جەھەتتىن ياردەم ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ؛ ئىككىنچىسى، يەرلىك مالىيەنىڭ قوللىشىدىن كەلگەن، فرانسىيەنىڭ چوڭ رايونلىرى، ئۆلكە، شەھەر، بازارلىق ھۆكۈمەتتە مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى قوللايدىغان مالىيە خامچوتى بولىدۇ؛ ئۈچىنچىسى، ھۆكۈمەت باجنى كېمەيتىش قاتارلىق سىياسەتلەر ئارقىلىق كارخانىنىڭ مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تۈرلۈك ياردەم بېرىشكە ئىلھاملاندۇرىدۇ، ئالاقىدار كارخانا 3% ئەتراپىدا باج ئېتىباردىن بەھرىمەن بولالايدۇ.

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدىن باشلاپ، فرانسىيە يەرلىك ھۆكۈمەتنى مۇناسىپ مەدەنىيەت جەھەتتىن ئۆز-ئۆزىگە خوجا بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان، رايون خاراكتېرلىك مەدەنىيەت تەرەققىياتى مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتى بىلەن زىت كەلمىگەن، بەلكى ئۆزئارا ھەمكارلىشىش، ياردەم بېرىش مۇناسىۋىتى بولۇپ شەكىللەنگەن، بۇ فرانسىيە مەدەنىيەت سىستېمىسىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئايلانغان. يەرلىك ئورگاننىڭ مەدەنىيەت سىياسىتىگە قاتنىشىش دەرىجىسى بارغانسېرى زورايغان، بۇ مەدەنىيەت سىياسىتى تۆۋەندىكى ئۈچ خىل ئاساسىي ئوقتىن ئىبارەت: نەق مەيدان مەدەنىيەت پائالىيىتى جەھەتتىن يېتەكلىك يارىتىش، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرىنى يېڭىلاش ھەمدە ئىجادىي تەپەككۇر كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن مەخسۇس چىقىرىلغان مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرى ۋە ئىستراتېگىيە.

مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىشىگە تۈرتكە بولۇپ فرانسىيە مەدەنىيىتى ۋە ئىجادىي تەپەككۇر كەسپىنىڭ مەركىزى بولغان «فرانسىيە ئارىلى»، پارىژنى مەركەز قىلغان سەككىز ئۆلكە 11 مىليون 600 مىڭ نوپۇسقا ئىگە بولۇپ، فرانسىيە ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 2% ىنىلا ئىگىلىگەن بولسىمۇ، ياراتقان GDP سى 30% گە يەتكەن. پارىژنىڭ مەشھۇر «ئايپاق كېچە»سى، ئامموۋى سەنئەت كۆرگەزمىسى، كەچلىك كۆڭۈل ئېچىش سورۇنى قاتارلىق مول مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى ئارقىلىق، كىشىلەرنى پارىژ كېچىسى ۋە ئەدەبىيات-سەنئەت زىياپىتىدە سەيلە قىلدۇرىدۇ.

2004 - يىلى، فرانسىيەنىڭ شىمالىدىكى لىل شەھىرى ياۋروپانىڭ مەدەنىيەت شەھىرى بولۇپ باھالانغان. لىل شەھىرى پويىز ئىستانسىسىنى ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت ئاممىۋى بوشلۇقتىن قايتىدىن پايدىلىنىپ ھەمدە سەنئەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئۆزگەرتىپ، بىر قاتار مەدەنىيەت ئۆزگەرتىش ئېلىپ بارغان. 2004 - يىلى 17 مىڭ نەپەر سەنئەتكارنىڭ قاتنىشىشى، 2 مىليون ئادەم قېتىم زىيارەت قىلىشى، بىر ۋاقىتتا 10 مىڭدىن ئارتۇق ئاھالە مەدەنىيەت پائالىيىتى ئىجراسىغا قاتنىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇرغان.

مارسېل 2013ـ يىللىق ياۋروپا مەدەنىيەت شەھرىنى باھالاش سالاھىيىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، يەرلىك مەدەنىيەت ـ سەنئەت ۋە ئىمارەت قاتارلىق كۆرگەزمە ئەسلىھەلىرىنى ئۆزگەرتىش پىلانىنى قىزغىن ئېلىپ بېرىپ، كەلگۈسىدە كونا دېڭىز پورتىنىڭ يېنىغا جايلاشقان ئوتتۇرا يەر دېڭىزى مەدەنىيىتىنى باش تېما قىلغان ئالاھىدە مۇزېيى تەسىس قىلماقچى ھەمدە بىر قاتار كەسىپ خارابىلىكلەرنى ئۆزگەرتىپ ئۇنىڭدىن قايتا پايدىلانماقچى.

ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت سورۇنلىرىنىڭ يېڭى پائالىيەتلىرى ۋە مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرىنىڭ يېڭىلىنىشىغا ئىككى يىلغا يېقىن ۋاقىت بولۇپ، ۋېرسال سارىيى فىرانسىيە سەنئەتكارى Xavier Veilhan ۋە ئامېرىكا ھازىرقى زامان سەنئەتكارى Jeff Koons نىڭ كۆرگەزمىسىنى كىرگۈزگەن. زامانىۋى سەنئەتنىڭ شانلىق ئەنئەنىگە ئىگە ۋېرسال سارىيىغا كىرىشى، كىشىنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرىدۇ ھەمدە بەس ـ مۇنازىرە ئۈزۈلمىگەن جامائەت پىكرى، ئەكسىچە تېخىمۇ كۆپ كۆرۈرمەننى جەلپ قىلىپ، تاماشىبىنلارنىڭ قايتا سەيلە قىلىش ئىستىكىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرىدۇ. ھازىرقى زامان ئوخشاش بولمىغان سەنئەتكارلىرىنى كۆرگەزمىگە ئويۇشتۇرۇش ۋېرسال سارىيىنىڭ يېڭى قىزىق نۇقتىسىغا ئايلانغان.

لوۋۇر سارىيى لېنتىسىنى تارماق سارىيى قىلىپ بېكىتكەن، تارماق سارىيىنىڭ تەسىس قىلىنىشى ئۇنىڭغا يېپيېڭى ئەدەبىيات ـ سەنئەت قىياپىتى ئاتا قىلغۇسى، لوۋۇر سارىيىمۇ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى نامايان قىلىش بوشلۇقىنى كېڭەيتىش، مەدەنىيەت بايلىقىنى ئورتاقلاشتۇرۇشقا ئېرىشىدۇ.

رۇبايدا، ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەن سۇ ئۈزۈش كۆلچىكىنى يېڭىدىن مۇزېيغا ئۆزگەرتىپ ياسىغان، مەدەنىيەت يۇمشاق ئەمەلىي كۈچىنىڭ يولغا قويۇلۇشى، شۇ جاينىڭ توقۇمىچىلىق سانائىتى شەھىرىدىن ئىبارەت بۇ ئوبرازىنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتىپ، شەھەرنى تارىخىي ۋە مەدەنىيەت قىممىتىگە ئىگە قىلدۇرغان.

فىرانسىيەنىڭ يەرلىك ھۆكۈمەتلىرى دۆلەت مەدەنىيەت سىياسىتىنىڭ تۈرتكىسىدە مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرماقتا، يەرلىك ھۆكۈمەت ھازىرقى زامان مەدەنىيەت ـ سەنئەتنىڭ يۇمشاق ئەمەلىي كۈچىدىن پايدىلىنىشقا ماھىر بولۇپ، مەيلى يېڭى مەدەنىيەت مەركىزى قۇرسۇن ياكى شەھەر مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشىگە ياردەم بەرسۇن، مەدەنىيەت ـ سەنئەت بىلەن ئىجادىي تەپەككۇر ئىقتىسادىنىڭ مۇكەممەل بىرلەشتۈرۈشنى نامايان قىلىپ، مەدەنىيەت كەسپىنى مۇھىم ئىقتىسادىي تۈۋرۈككە ئايلاندۇرغان.

## ياپونىيە، كورېيە

**سىياسەت يۈرۈشتۈرۈش تىپىدىكى مەدەنىيەت كەسپى.** ياپونىيە، كورېيە مەدەنىيەت كەسپىنىڭ تەرەققىياتى ۋە رىقابەتلىشىش كۈچىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىدىن قارىغاندا، ھۆكۈمەت سىياسىتىنىڭ تۈرتكىلىك رولى مەدەنىيەت كەسپىنىڭ تەرەققىيات جەريانىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان.

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90ـ يىللىرىدىن بۇيان، ياپونىيە ئىقتىسادىدا ئۇدا چېكىنىش ئەھۋالى كۆرۈلگەن. ئەمما ياپونىيەنىڭ كارتون، ھەجۋىي رەسىم، ئويۇنچۇق قاتارلىق كەسىپلىرى كۈنسايىن باش كۆتۈرۈشكە باشلاپ، دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتقان. 2001ـ يىلى، ياپونىيە بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئىستراتېگىيەسىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇپ، مەدەنىيەت رىقابەتلىشىش كۈچىنى ياپونىيە مەھسۇلاتلىرىنىڭ رىقابەتلىشىش كۈچىنى ئۆستۈرۈشنىڭ مۇھىم تەدبىرى قىلىپ، مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرى ئارقىلىق دۇنيانىڭ ياپونىيە مەدەنىيىتىگە بولغان چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ياپونىيە مەھسۇلاتلىرىنىڭ مەدەنىيەت مىقدارى ۋە قوشۇمچە قىممىتىنى ئاشۇرغان. قانۇن تۇرغۇزۇش، سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش، مەدەنىيەت كەسپىنىڭ ئوڭۇشلۇق تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن قانۇن ئاساسى ۋە كاپالىتى بىلەن تەمىن ئەتكەن. ياپونىيە قانۇن، قائىدە ـ نىزام سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئارقىلىق، مەدەنىيەت كەسپىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئاساس يارىتىپ بەرگەن. بىرىنچىسى، قانۇن، قائىدە ـ نىزام مۇكەممەل بولۇپ، ھەر بىر ساھە مۇناسىپ قانۇن، قائىدە ـ نىزام ئارقىلىق قېلىپلاشتۇرۇلغان. مەسىلەن، 1970ـ يىلى ئېلان قىلىنغان «ئەسەر ھوقۇقى قانۇنى» (2001ـ يىلى «ئەسەر ھوقۇقىنى باشقۇرۇش قانۇنى» دەپ ئۆزگەرتىلگەن)، 2000ـ يىلدىكى «يۈكسەك ئاخبارات خەۋەرلىشىش تور جەمئىيىتى شەكىللەندۈرۈش ئاساسىي قانۇنى»، 2001ـ يىلدىكى «مەدەنىيەت ـ سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش ئاساسىي قانۇنى»، 2002ـ يىلدىكى «بىلىم مۈلۈك ھوقۇق ئاساسىي قانۇنى» قاتارلىقلار مۇناسىپ ساھەدە تەپسىلىي ئۆلچەملەشتۈرۈلگەن؛ ئىككىنچىسى، يۈرۈشلەشكەن تەدبىرلىرى ۋاقتىدا ئەمەلىيلەشكەن، مەشغۇلاتچانلىقى كۈچلۈك بولغان. قانۇن،

قائىدە-نىزام ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، دائىم تېخىمۇ كونكرېت تەدبىرلەر يۈرۈشلەشكەن. مەسىلەن: «مەدەنىيەت-سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش ئاساسىي قانۇنى»غا «مەدەنىيەت-سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش ھەققىدىكى ئاساسىي فاڭجېن» يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن ، «بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ئاساسىي قانۇنى»غا «بىلىم مۈلۈك ھوقۇق ئىستراتېگىيەلىك پروگرامما» يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ مەدەنىيەت كەسپىنى كونترول قىلىش ۋاستىسى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلگەن؛ ئۈچىنچىسى، قانۇنغا ئاساسەن مۇناسىپ تەشكىلىي ئاپپارات قۇرۇپ، ئىجرا قىلىش ئۈنۈمى يەنىمۇ ئۆستۈرۈلگەن. ياپونىيە «ئۇچۇر-تېخنىكا ئاساسىي قانۇنى»غا ئاساسەن، «بىلىم بايلىق ئىستراتېگىيەسى باش ئىشتابى» قۇرۇپ، باش ۋەزىر ئىشتاب باشلىقلىقنى ئۈستىگە ئېلىپ، مۇزىكا، كىنو-فىلىم قاتارلىق مەدەنىيەت كەسپى بىلەن تېخنىكا، ھۈنەر-سەنئەت، كوزىر مەھسۇلات قاتارلىقلارنى خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىي كەسپى دەپ ئايدىڭلاشتۇرغان. «بىلىم بايلىق ئىستراتېگىيەسى باش ئىشتابى»، «بىلىم كەسپىنى ئىلگىرى سۈرۈش پىلانى»نى تۈزۈش بىلەن بىللە، مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا بايقاپ، مەدەنىيەت تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى تولۇقلاپ ۋە تۈزىتىپ، ھەققىي يولغا قويۇشقا بولىدىغان مەدەنىيەت سىياستىنى تۈزۈش ئۈچۈن «مەدەنىيەت كەسپىنى تەكشۈرۈش جەمئىيتى» تەسىس قىلغان. «مەمۇرىي جەھەتتىن يېتەكلەش» ئۇسۇلى ئارقىلىق مەدەنىيەت كەسپىنىڭ تەرەققىياتىغا يېتەكچىلىك قىلىش بىلەن «مەدەنىيەت ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىش»تىن ئىبارەت دۆلەت سىياستىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، ياپونىيەلىكلەر ئۆزگىچە «مەمۇرىي جەھەتتىن يېتەكلەش تۈزۈلمىسى»نى ئىشقا سالغان. «مەمۇرىي جەھەتتىن يېتەكلەش» بولسا ياپونىيە ھۆكۈمىتى ئالاھىدە مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، قانۇن ۋاستىسىنى بىۋاستە قوللانماي، پەقەت ئالاقىدار پەرماننى ئاساس قىلىپ، كەسىپ تارماقلىرىنىڭ مەمۇرىي جەھەتتىن باشقۇرغۇچى ئاپپاراتلىرىغا نەسىھەت قىلىش، يېتەكلەش، كۆرسەتمە بېرىش، ئۈمىد قىلىش، تەلەپ قىلىش، تەكلىپ بېرىش، ئاگاھلاندۇرۇش، بۇيرۇق بېرىش قاتارلىق مەمۇرىي جەھەتتىن كېسىم قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق كارخانىنىڭ ھۆكۈمەت مۇددىئاسىنى قوبۇل قىلدۇرۇش ھەمدە ئەمەلگە ئاشۇرۇش، شۇ ئارقىلىق ئالاھىدە ئوبيېكتنىڭ ھەرىكىتىنى تىزگىنلەشتىن ئىبارەت مەدەنىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يېڭىدىن گۈللەنگەن كەسىپ ياپونىيەنىڭ «مەمۇرىي جەھەتتىن يېتەكلەش»تىكى مۇھىم نۇقتىسى.

ھۆكۈمەت يېتەكلەش، ۋاستىچىلىك قىلىش، يۆلەش ۋە ماكرولۇق تەڭشەش رولى ئارقىلىق كارخانىنىڭ يولباشچىسى، كېسىمچىسى، بانكىرى ۋە قوغدىغۇچىلىق رولىنى ئويناپ، مەدەنىيەت كەسپىگە زور ھاياتىي كۈچ ئاتا قىلغان. قانۇن تۇرغۇزۇش بويىچە قوغداشتىن مۇقىم سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش ھەمدە يۈرۈشلەشكەن مۇلازىمەتنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئارقىلىق، ياپونىيە مەدەنىيەت كەسپى «مەدەنىيەت ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىش» ئىستراتېگىيەسىنىڭ تۈرتكىسىدە، ھۆكۈمەتنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىلىق، بىر قەدەر كۈچلۈك بولغان خەلقئارالىق رىقابەت كۈچىنى ھازىرلاپ، خەلق ئىگىلىكى كىرىمىنىڭ مۇھىم كەسپىگە ئايلانغان.

كورېيە 1997-يىلدىكى ئاسىيا پۇل مۇئامىلە كرىزىسى مەزگىلىدە، مەدەنىيەت كەسپىنى 21-ئەسىردىكى دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ تۈۋرۈكلۈك كەسپى قىلىپ بېكىتكەن. بۇنىڭدىن كېيىن كورېيە ھۆكۈمىتى بايلىقنى ئۇچۇر، كۆڭۈل ئېچىش كەسپى ۋە مەدەنىيەتكە مۇناسىۋەتلىك كەسىپلەرگە قاراتقان. مەدەنىيەت كەسپىنىڭ ئىختىساسلىقلىرى، تەتقىق قىلىپ ئېچىشتىن خەلقئارادا سېتىش قاتارلىق بىر يۈرۈش ھالقىلارغا ياردەم بېرىپ ۋە يېتەكلەپ، كورېيە مەدەنىيەت كەسپىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن تەييارلىق كۆرگەن. «كورېيە قىزغىنلىقى» مەدەنىيەت ئېكسپورت مەھسۇلاتلىرى ئاساسلىقى ئويۇنچۇق، تېلېۋىزىيە تىياتىرى، كىنولار. «كورېيە قىزغىنلىقى» مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئېكسپورت قىلىنىشى كورېيەنى زور مىقداردا چەت ئەل پۇلىغا ئېرىشتۈرۈپلا قالماستىن، دۆلەت ئوبرازىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە زور تۆھپە قوشقان.

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىنىڭ بېشىدا، كورېيە ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ كۆپ خىللىق رىقابەتلىشىش ئەندىزىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، پۈتكۈل مەدەنىيەت كەسپىنىڭ تەرەققىياتى ياخشىلىنىش يولىغا قەدەم قويغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھۆكۈمەت ئاكتىپ كەسىپ سىياسەتلىرىنى قوللىنىپ، بازار قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، مەدەنىيەت كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى زور كۈچ بىلەن يۆلەپ ۋە ئىلگىرى سۈرۈپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ياراتقان.

1997-يىلدىكى پۇل مۇئامىلە كرىزىسىدە، كورېيە

يېڭى ئىقتىسادىي ئېشىش نۇقتىسىنى قېزىشقا كىرىشىپ، شۇ يىللا «مەدەنىيەت كەسپى فوندى جەمئىيىتى» قۇرغان؛ 1998 - يىلى، كورېيە ھۆكۈمىتى «مەدەنىيەت ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىش» فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، 2001 - يىلدىن باشلاپ بەش يىلدا كورېيە مەدەنىيەت كەسپىنىڭ كەسپ قىممىتىنىڭ بازاردا ئىگىلىگەن نىسبىتىنى 1%دىن 5%كە ئۆستۈرۈش، دۇنيادىكى مەدەنىيەت كەسپى بويىچە بەش چوڭ كۈچلۈك دۆلەت قاتارىغا كىرگۈزۈشنى پىلانلىغان. 1999 - يىلدىن 2001 - يىلغىچە، كورېيە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ «مەدەنىيەت كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بەش يىللىق پىلان»، «مەدەنىيەت كەسپى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش پىلانى» قاتارلىقلارنى تۈزۈپ، مەدەنىيەت كەسپى تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى ۋە ئوتتۇرا، ئۇزاق مەزگىللىك تەرەققىيات پىلانىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، بىر قاتار مۇھىم تەدبىرلەرنى چىقىرىپ، مەدەنىيەت كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرگەن.

كورېيەنىڭ سابىق زۇڭتۇڭى كىم داجۇڭ سايلامدا مەدەنىيەتنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەمدە مەدەنىيەت راسخوتىنى ئۆستۈرۈپ، دۆلەت ئومۇمىي خامچوتىنىڭ 1%نى ئىگىلەشنى نىشان قىلغان. كىم داجۇڭ ھۆكۈمىتى ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، پۇل مۇئامىلە كىرىزىسى سەۋەبىدىن، ھۆكۈمەت ھەرقايسى مىنىستىرلىق، كومىتېت خادىملىرىنى قىسقارتقان، پەقەت مەدەنىيەت تارماقلىرىنىڭ خادىملىرى قىسقارتىلماستىن كۆپەيتىلگەن، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىغا بولغان قوللىشىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. نۆۋەتتە، دۇنيا بويىچە پەقەت فىرانسىيە بىلەن كورېيەنىڭ مەدەنىيەتكە ئاجراتقان خىراجىتى دۆلەت خامچوتىنىڭ 1% ىگە يېتىدۇ.

كورېيە يەنە كورېيە مەدەنىيىتىنى كېڭەيتىدىغان نۇرغۇن ئاپپارات تەسىس قىلىپ، «كورېيە قىزغىنلىقى»نىڭ تەسىر كۈچىنى تەشكىللىي كاپالەتكە ئىگە قىلغان. جۈملىدىن: سېئولدا «كورېيە قىزغىنلىقىنى تارقىتىش باغچىسى»؛ بېيجىڭ، شاڭخەي قاتارلىق جايلاردا «كورېيە قىزغىنلىقىنى جۇشنىش سارىيى»؛ ئەل ئىچىدىكى مۇتەخەسسىس، ئالىملار «ئاسىيا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جەمئىيىتى» قۇرۇپ، ئېكسپورت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت مەزمۇن سۈپەت ئۆتكەلىنى تۇتۇپ، ناچار مەدەنىيەت مەھسۇلاتلارنى ئېكسپورت قىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئارقىلىق تاشقى دۇنيانىڭ «كورېيە قىزغىنلىقى» مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرىغا بولغان ئىشەنچسىنى ئاشۇرغان؛ «كورېيە قىزغىنلىقى» كەڭ ئومۇملاشقان دۆلەت ۋە رايوندىكى ئەلچىخانا، كونسۇلخانىلارغا مەدەنىيەت ئەمەلدارلىرىنى قوشۇپ ئەۋەتكەن؛ «كورېيە مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈش مەھكىمىسى» قۇرۇپ، «كورېيە قىزغىنلىقى»نىڭ تەسىرى زور دۆلەت ۋە رايوندا چەت ئەلدە تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش باشقارمىسى تەسىس قىلىش؛ كورېيەدىكى نۇرغۇن شەھەردە نەچچە نۆۋەت «كورېيە قىزغىنلىقى تاۋارلىرى كۆرگەزمىسى» ئۆتكۈزۈش بىلەن «كورېيە قىزغىنلىقى»نى پۈتۈن دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش ئارقىلىق، كورېيە دۆلەت ئوبرازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپلا قالماستىن يەنە كورېيە مەدەنىيىتىنى دۇنيادا كەڭ تارقاتقان. كورېيە تۈزگەن مەدەنىيەت ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئىستراتېگىيەسى ۋە بىر قاتار مەدەنىيەت سىياسەتلىرى، كورېيەنىڭ ھەرقايسى ساھە تەرەققىياتىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، نۇرغۇن ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئېرىشتۈرگەن.

«گەنسۇ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدىن **ئەخمەتجان ئەمەت** تەرجىمىسى

---

تىلماچ: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى ئىشخانىسىنىڭ خادىمى

**بۇ سانىنىڭ ئەسەرلىرى «شىنجاڭ گېزىتى» باسما ئىشلىرى مەركىزى ئۇيغۇرچە كومپيۇتېر بۆلۈمىدە تىزىلدى؛ بۇ سانىنىڭ تەكلىپلىك تەھرىرى: ئايگۈل ئەمەت؛ كوررېكتورى: رەنا ئەمەت؛ مۇقاۋا ۋە قىستۇرما سۈرەتلەرنى ئىشلىگۈچى: مەريەمگۈل ئىدرىس (تەكلىپلىك)، بەتچىك: ئىسھاقجان ئىبراھىم قارايېكىن (تەكلىپلىك).**

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

زۇلپىقار بارات ئۆزباش

# ئۈستۈن ئوقۇرمەنلىك، روھ پەرۋىشى ۋە ئاقارتىش جاراھىتى



(2015 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى 20 ـ قېتىملىق دۇنيا ئوقۇرمەنلەر خاتىرە كۈنىدە سۆزلەنگەن نۇتۇق)

ئىنسانىڭ ھەقىقىي ئىنسانىيلىق سۈپىتى ئۇنىڭ تاماق يېيەلىگەنلىكى، كىيىم كىيەلىگەنلىكى، نازاكىتى ياكى سالاپىتى بىلەن ئەمەس، بەلكى پىكىر قىلالىغانلىقى، ئويلىنالىغانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. بىز پىكىر قىلىۋاتقان ۋاقتىمىزدىلا ئۆزىمىزنىڭ ئىنسانىيلىق سۈپىتىنى چىن مەنىسى بىلەن يارىتىۋاتقان بولىمىز. ھازىرغىچە بىزدە ھەر خىل سورۇن تۈرلىرى بارلىققا كەلدى. ئەمما، مەن چۈشىنەلمەيدىغان مۇنداق بىر ئىش بار. مەنسەپ چېيىدا مەنسەپ ھەققىدە سۆزلەر بولسا بولىدۇ، تۇغۇلغان كۈنىدە تۇغۇلۇش ۋە ئۆلۈش ھەققىدە سۆزلەر بولسا بولىدۇ، ئەمما، نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ سورۇنلىرىمىزدا كىتاب ھەققىدە سۆزلەر بولسا زاڭلىق قىلىنىدۇ؟ نېمىشقا توي ـ تۆكۈنلەردە كىتاب سوۋغا قىلىنسا مەسخىرە ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالىدۇ؟

بۇ مەسىلە كاللامدىن ئۆتمەيتتى، ئاشۇ ئوينىڭ تۈرتكىسىدە «ئۆزلۈك گىرۋەكلىرىدە» ناملىق كىتابىمنىڭ 205 ـ بېتىدە «ئىلىم چېيى» ئۆتكۈزۈش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدىم. بۇ كىتابىمنى نۇرغۇن ئوقۇرمەن ياقتۇرۇپ ئوقۇدى، دوست ـ يارانلىرىغا سوۋغا قىلدى. شۇ كىتابىمنى ياقتۇرۇپ ئوقۇغان بىر قىسىم ئىزدىنىشچان ياشلارنىڭ تەشەببۇسىمغا ئاۋاز قوشۇشى بىلەن ئىلىم چېيى يىغىنچە بىر خىل ئىلغار سورۇن مەدەنىيتى سۈپىتىدە بارلىققا كېلىپ جەمئىيەتلەشتى. ئىلىم چېيىمىزغا ھازىرغىچە زىيالىيلار، مەمۇرلار، دېھقانلار، ھۈنەرۋەنلەر، ئاسپىرانتلار، ئىستۇدېنتلار بولۇپ ھەر قاتلامدىن نۇرغۇن ئادەم ئىشتىراك قىلدى. بىز ئىلىم چېيىدا تەبىقە، قاتلام، سالاھىيەت سۈرۈشتۈرمەي ئۇنى ھەقىقىي مەنىدە دېموكراتىك ئىلمىي سورۇنغا قاتناشتۇرۇش ئۈچۈن تىرىشتۇق ۋە «ئىلمىمۇ زاكات كېلىدۇ» دېگەن ئاڭ بىلەن ھەر سان ئىلىم چېيىنى يېنىمىزدىن پۇل چىقىرىپ سۈرەتكە ئالدۇرۇپ توردا ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆرۈشىگە سۇندۇق. نەتىجىدە ئىلىم چېيىمىزنىڭ تەسىرى ئاشتى، ھەر خىل شەكىلدىكى ۋارىيانتلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن بارلىققا كەلدى، ئىلىم چېيىمىزنىڭ جەمئىيەتتە ئوقۇرمەنلەر سانىنى ئاشۇرۇشتىكى رولى زور بولدى.

بۈگۈنكىسىمۇ ئوقۇرمەنلەر ئىلىم چېيى. «دۇنيا كىتاب ئوقۇش خاتىرە كۈنى»نى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان بۇ ئىلىم چېيىدا مەن «ئۈستۈن ئوقۇرمەنلىك، روھ پەرۋىشى ۋە ئاقارتىش جاراھىتى» دېگەن تېمىدا مۇھاكىمە ئېلىپ بارماقچى. مۇھاكىمىگە كىرىشتىن بۇرۇن مەن ئاراڭلاردىكى رىشتىسى كىتابقا باغلانغان تۆۋەندىكى بىر تۈركۈم كىشىلەرگە ھۆرمەت بىلدۈرىمەن.

ئۇنىدىدار ۋە باشقا ئېلېكترونلۇق تاراتقۇلارنىڭ ئېزىقتۇ-

**كىتاب ئوقۇش دەۋرىگە كىرىش**

رۇشى بىلەن نۇرغۇن ئادەم كىتابقا بولغان قىزىقىشى ۋە كىتاب ئوقۇش ئىقتىدارىنى يوقاتتى. ماغزاپ بىلىم، ئۆتكۈنچى ئۇچۇر، يالغان ئىلىمدارلارمۇ ئۇچراپ تۇرىدىغان بىر دەۋردە ئۆزلۈكنى، ئۆز روھىنى ساتماي چوڭقۇر كىتاب ئوقۇۋاتقانلارغا سالاملار بولسۇن!

موھتاجلىق، ياشاشنىڭ تەس بولۇشى، ئىشسىزلىق تالاي ياشلىرىمىزنى ھالسىراتماقتا. مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈنلەردە موھتاجلىق، غېرىبلىق ۋە ئىشسىزلىق ئازابىغا چىداپ كىتاب ۋاراقلاۋاتقان ئىنى-سىڭىللىرىمىزغا سالاملار بولسۇن!

دەۋرىمىز ۋە مىللىي مەۋجۇتلۇقىمىز نېمە ئۈچۈن كىتاب ئوقۇيدىغانلىقنى چۈشەنگەن، سوئاللىرىنىڭ جاۋابىنى چوڭقۇر كىتابلاردىن ئىزدەيدىغان ئۈستۈن ئوقۇرمەنلەرنى تەقەززا قىلىۋاتىدۇ. شۇڭا ئاراڭلاردىكى ئەڭ چوڭقۇر، بۈيۈك كىتابلارنى قېتىرقىنىپ ئوقۇۋاتقان ئۈستۈن ئوقۇرمەنلەرگە سالاملار بولسۇن!

بۈگۈنكى لېكسىيە مۇنداق بۆلەكلەردىن تەركىب تاپىدۇ: بىرىنچى بۆلەك، بىر كىتاب ھەۋەسكارىنىڭ چىقىش يولى ئىزدەش ھېكايىسى: كىتاب ئوقۇش ھاياتىمنى قانداق ئۆزگەرتتى؟ ئىككىنچى بۆلەك، نېمىنى ئوقۇش كېرەك؟قانداق ئوقۇش كېرەك؟ ئۈچىنچى بۆلەك، ئاقارتىش جاراھىتى ۋە ئوقۇرمەنلىك مەدەنىيىتىمىزدىكى مەسىلىلەرگە بىر نەزەر. تۆتىنچى بۆلەك، ئۈستۈن ئوقۇرمەنلىك مۇراجىتى. بەشىنچى بۆلەك، خاتىمە ئورنىدا: كىتابنى سۆيگەنلەرگە دەيدىغانلىرىم. مەن بۈگۈنكى مۇھاكىمىدە ئەمەلىي مىساللارنى ۋە پاكىتلارنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق تۆۋەندىكى بىر قانچە قاراشنى ئىلگىرى سۈرمەكچى:

بىرىنچى، ھەقىقىي مەنىدىكى ئوقۇرمەنلىك روھنى پەرۋىش قىلىش ۋە ھاياتنىڭ يېتەرسىز تەرەپلىرىگە تولۇقلاش ئېلىپ بېرىشتۇر. يېتىم روھنىڭ نالە-پەريادىنى بېسىقتۇرۇشنىڭ، روھنى ئۆزىگە قاندۇرۇشنىڭ، روھنى ئۆزىگە چۆمۈلدۈرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى ئېسىل كىتابلارنى ئوقۇشتۇر.

ئىككىنچى، مەن گۆدەك، رىياكار ئوقۇرمەننى مەنسىتمەيمەن. مېنىڭ يېزىقچىلىق ئوبيېكتىم ۋە ئىزدەيدىغىنىم ئۈستۈن ئوقۇرمەن. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان ئۈستۈن ئوقۇرمەن نېمە ئۈچۈن، قانداق كىتاب ئوقۇش كېرەكلىكىنى چۈشەنگەن، سوئاللىرىنىڭ جاۋابىنى چوڭقۇر يەردىن ئىزدەۋاتقان، ئىزدىنىشلىرىنى ئومۇمىي مەۋجۇتلۇقىمىزنىڭ تەقدىرى بىلەن باغلىيالايدىغان روھىي تېرەن ئوقۇرمەندۇر.

ئۈچىنچى، نۆۋەتتە، كىتاب ئوقۇش توغرىسىدا رىيا، شۆھرەت ئارىلاشقان چۇقانلار كۆپ بولۇۋاتىدۇ. كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىمىزنى ھەقىقىي مەنىدە يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن ئوقۇرمەنلىكىمىزدە رىيا، ساددىلىق كۆلەڭگىسى ئەمەس، ماھىيەتلىك، مەزمۇنلۇق تەركىبلەر كۆپرەك بولۇشى كېرەك.

تۆتىنچى، نەچچە ئون يىللاپ ئاقارتىش قىلدۇق. بىراق، قىلغان ئاقارتىشلىرىمىز چالا بولۇپ قالدى. دەۋرىمىزدە نەشرىياتچىلىقتىكى پىلانسىزلىق، كىتابچىلىقىمىزدىكى بىخۇدلۇقلار، بەرۋالىقلار تۈپەيلىدىن ئەخلەت كىتابلار تۆكمە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن زامانىۋى ساۋاتسىزلىق باش كۆتۈرۈۋاتىدۇ. ئەمدى مۇشۇ مەسىلىلەرگە دىياگنوز قويىدىغان ۋاقىت كەلدى.

### بىرىنچى بۆلەك: بىر كىتاب ھەۋەسكارىنىڭ چىقىش يولى ئىزدەش ھېكايىسى: كىتاب ئوقۇش ھاياتىمنى قانداق ئۆزگەرتتى؟

«بىر كىتاب ئوقۇدۇم، شۇنىڭدىن باشلاپ ھاياتىم ئۆزگەردى». مانا بۇ — مەشھۇر تۈرك يازغۇچىسى، 2006-يىللىق نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى ساھىبى ئورخان پاموكنىڭ «يېڭى ھايات» ناملىق رومانىنىڭ تۇنجى جۈملىسى. روماندا بىر كىتاب بىر پېرسوناژنىڭ ھاياتىنى ئۆزگەرتىدۇ، ئەمما رومان تۈگىگۈچە «مەن» ئۇ كىتابنىڭ قايسى كىتاب ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرمەيدۇ. مەنمۇ ھاياتلىق بابىدىكى بىر ئوقۇرمەن، ئوخشاشلا ھاياتىمنىڭ بۇرۇلۇش پەيتلىرىدە بىر ۋە بىر قانچە كىتاب ئوقۇدۇم. كىتاب ئوقۇش ھاياتىمنى ئۆزگەرتتى. لېكىن ئورخان پاموكنىڭ پېرسوناژىنىڭ ئەكسىچە، مەن بۈگۈن سىلەرگە قايسى كىتابلارنىڭ ھاياتىمنى ئۆزگەرتكەنلىكىنى دەپ بېرىمەن.

مەن ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشنىڭ پايدىسى، ئۈنۈمى، ئەھمىيىتى ھەققىدىكى تىرىك پاكىت. ھازىرغىچە ئۇيغۇر خەتتاتلىق نۇسخىلىرىنى، ئىنگلىز تىلىنى ئۆزلۈكىمدىن ئۆگەندىم؛ ئەدەبىي تەرجىمىنى ئۆزلۈكىمدىن ئۆگەندىم. ئىنگلىز تىلى ئوقۇش-ئوقۇتۇش ساھەسىدىكى ئۇتۇقلىرىم ئۆزلۈكىمدىن ئۆگىنىش ئارقىلىق روياپقا چىقتى. شۇنداق دېيەلەيمەنكى، ھازىرغىچە ئۇچتۇرپان ناھىيەلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە ھاۋاي ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق مەكتەپلەردە ئۆتۈلگەن دەرسلەرگىلا قاراپ قالغان بولسام، بۈگۈنگىچە ئۆزۈمدىن ھالقىيالمىغان بولاتتىم. شۇ تەسىراتلىرىمنى يىغىنچاقلاپ، بەگمەت يۈسۈپ ئاكا باش مۇھەررىرلىك قىلىۋاتقان «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا «ياشاش ئۆزىمىزگە جەڭ ئېلان قىلىشتۇر» ناملىق بىر پارچە سۆھبەت خاتىرىسى ئېلان قىلدىم. ماقالىدە «ياشاش دېگەن نېمە؟» دېگەن سوئالغا جاۋاب بېرىپ كېلىپ، «ياشاش ئۆزىمىزگە جەڭ ئېلان قىلىشتۇر» دەپ ئېيتقانىدىم. بۈگۈنكى دەۋردە بەزىلەر بەلكىم «كىتاب ئوقۇشنىڭ نېمە پاي-

دىسى؟ ھەممە ئۇچۇر ئۇنىڭدا بار تۇرسا» دېيىشى مۇمكىن. مەن «ياق، ئۇنداق ئەمەس» دەپ جاۋاب بېرىمەن. گېرمانىيە پەيلاسوپى فىردىرىخ نىتچىشې بىر كىتابىدا «نېمە ئۈچۈن بىزنى باشقا كىتابلارنى ئوقۇماس قىلىۋېتىدىغان بىر كىتاب يوق» دەپ يازىدۇ. ئەپسۇس، ئىنسانىيلىق مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا نادانلىق بىلەن قوشكېزەك. ئىنسان نادانلىقىنىڭ چېكى بولمىغانلىقى ئۈچۈن سوئاللىرىمىزنى بىرلا كىتابنىڭ قاندۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس، شۇڭا ئۇنداق كىتابنىڭ بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

ھازىرغىچە ئوقۇغان نۇرغۇنلىغان كىتابلار روھىمنى زىلزىلىگە سالدى، ئەنە شۇ زىلزىلىلەرنىڭ تەسىرى بىلەن ھاياتنىڭ قىيىن پەيتلىرىدە جۈرئەت ۋە شجائەت بىلەن ياشاپ كەلدىم. لېكىن، بىلمەيدىغانلىرىم ناھايىتى كۆپ. بىلمەيدىغانلىقىمنى كىتاب ئوقۇش ماڭا ئۆگەتتى. ئۆگىنىشكە تېگىشلىك بىلىملەر كۆپ، ئۇنى ئوقۇرمەنلىك ماڭا ئۆگەتتى. ھاياتنى ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ ياشاش ئۈچۈن نۇرغۇن ئىش قىلىشىم كېرەك. بۇنى ماڭا ئوقۇرمەنلىك ھۇزۇرى ئۆگەتتى. پېرونىڭ مەشھۇر يازغۇچىسى بارگاس لوسا نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى ئېلىش نۇتۇقىدا «ئوقۇرمەنلىك ھاياتنىڭ يېتەرسىز تەرەپلىرىگە قىلىنغان ئىسياندۇر» دېگەنىدى. بىز ھەقىقىي مەنىدىكى ئوقۇرمەنلىك باسقۇچىغا قەدەم قويغان چېغىمىزدا روھىيىتىمىزدىكى كەم قالغان بوشلۇقلار تولۇقلىنىدۇ. ھايات يولىدا تىرىشىپ - تىرمىشىپ ياشاپ، روھىمىز ۋە يۈرىكىمىز چارچايدۇ. قەلبىمىزدە بىسەرەمجانلىق ۋە پاراكەندىچىلىك ھۆكۈم سۈرىدۇ. مۇشۇنداق ۋاقىتتا قەلبىمىزدىكى بوشلۇقلارنى تولۇقلاشنىڭ، قەلبىمىزدىن كېلىۋاتقان نالە - پەريادلارنى بېسىقتۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى مۇنەۋۋەر نادىر كىتابلارغا يۈرۈش قىلىشتۇر. بۇنى كىتاب ئوقۇش ھاياتىم ماڭا ھېس قىلدۇردى.

2013 - يىلى 11 - ماي ھاۋاي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلىم مۇنبىرىدە دوكتورلۇق دىپلومىنى قولۇمغا ئېلىش ئالدىدا نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئويلىدىم. ئۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ ئامېرىكىدىن قايتىپ كېتىش ھەققىدە نۇرغۇن خىياللارنى سۈرگەنىدىم. ئامېرىكىدىن قايتىپ كېلىشىمدە ئون تۆرلۈك سەۋەب بار. بۈگۈن ئۇنىڭ ئەچىدىكى 1 - سەۋەبنى ئاشكارىلاي. مەن ھەقىقىي مەنىدىكى ئۇيغۇر بولۇش ئۈچۈن ۋەتەندە ياشىشىم، قايغۇ - شادلىقلاردا ئۆز جامائىتىم بىلەن بىللە بولۇشۇم كېرەكلىكىنى ھېس قىلدىم. بۇنى ماڭا ياخشى كىتابلار ھېس قىلدۇردى. تۆۋەندە مەن ھازىرغىچە ئۆزۈمگە تەسىر قىلغان ھەم ھاياتىمنى ئۆزگەرتكەن كىتابلارنى چېكىنمە بايان شەكلىدە، يېقىندىن يىراققا ئەسلەش شەكلى بىلەن تەكىتلەپ ئۆتمەكچىمەن.

ماڭا ئامېرىكىدا ئوقۇش داۋامىدا ئەڭ قاتتىق تەسىر قىلغان رومانلارنىڭ بىرى ئامېرىكىلىق قارا تەنلىك مەشھۇر يازغۇچى، نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى ساھىبى تونى موررىسوننىڭ «جان قوزام» ناملىق رومانى. بۇ روماننى ئىنگلىز تىلى ۋە خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلدىم. بۇ روماندا قارا تەنلىكلەرنىڭ نەجاتلىق ئىزدەش جەريانى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. سېپس ئىسىملىك باش پېرسوناژ قۇلدارلارنىڭ ئېكىنزارلىقىدىن بوۋىقىنى ئېلىپ قاچىدۇ. قۇلدارلار قوغلاپ كەلگەندە ئۇ يېڭى تۇغۇلغان بوۋىقنى ئۆزىگە ئوخشاش تەقدىرگە قالمىسۇن دەپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ ھەم بىر ئۆمۈر شۇ بوۋىقنىڭ ئەرۋاھىنىڭ ئازابلىشىدىن قۇتۇلالمايدۇ. بۇ ئەسەر نەشر قىلىنغاندىن كېيىن ئىنگلىز تىللىق ئەدەبىيات ساھەسىنى زىلزىلىگە سالغان. ئەڭ مۇھىمى، نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى ئۆتكۈزگەن 25 يىلدىن بۇيان ئىنگلىز تىلىدا بارلىققا كەلگەن ئەڭ نادىر رومانلارنى باھالاش پائالىيىتىدە 1 - بولۇپ باھالانغان. مەن بۇ روماننى ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىگە تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولغانلىقىمدىن ئىنتايىن ئىپتىخارلىنىمەن.

مۇشۇ بىر پارچە رومان مېنىڭ ئامېرىكىنىڭ جەلپكار يۈزىنىڭ كەينىدە يەنە بىر قارا يۈزى بارلىقى ھەققىدىكى قاراشلىرىمنى روشەنلەشتۈردى. مەن ھازىرغىچە مەلۇم بىر مەدەنىيەتنى قارىغۇلارچە تەنقىدلەشتىن ساقلىنىپ كەلدىم، ئامېرىكا مەدەنىيىتىنى زىيادە كۆككە كۆتۈرۈشتىنمۇ ساقلىنىپ كەلدىم. مەن ئىزدىنىش داۋامىدا مۇنداق ئۈچ خىل ئامېرىكىنى بايقىدىم. بىرى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى؛ ئىككىنچىسى، ئامېرىكا خەلقى؛ ئۈچىنچىسى، ئامېرىكا زېمىنى. مېنى ئوقۇش مۇكاپاتى بىلەن تەمىنلىگەن ئامېرىكا خەلقىگە تەشەككۈر بىلدۈرىمەن. ئەمما، تالايلىغان تەڭسىزلىكلەرگە، ئادالەتسىزلىكلەرگە سەۋەبچى بولغان ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە پىكرىم بار. «جان قوزام» ناملىق روماندا «بۇ دۆلەتتىكى ھەربىر لىم ۋە ھەر بىر بوسۇغىنىڭ تۆۋىدە بىر قارا تەنلىكنىڭ ئەرۋاھى يوشۇرۇنۇپ ياتىدۇ» دېگەن بىر جۈملە سۆز بار. بىر قولىغا دېموكراتىيە ۋە ئادالەت بايرىقىنى كۆتۈرۈۋالغان ئامېرىكىنىڭ ئەركىنلىك نىقابىنىڭ ئەڭ كەينىدە بىز بىلىشنى خالىمايدىغان، ھولليۇود كىنولىرىدا كۆرەلمەيدىغان يەنە بىر قاراڭغۇ تەرىپى بار. مەن بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىمنى «تەپەككۇر» ژۇرنىلىنىڭ 2 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئامېرىكىنىڭ ئىككى يۈزى» ناملىق ماقالەمدە ئىلگىرى سۈردۈم.

ماڭا تەسىر قىلغان 2 - مەشھۇر كىتاب بوستون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سابىق پروفېسسورى، داڭلىق تارىخچى، ئەركىنلىك

جەڭچىسى خوۋارد زىننىڭ «ئامېرىكىنىڭ قاراڭغۇ تارىخى» ناملىق كىتابى. بۇ ئەسەردە ئامېرىكىنىڭ ئۈچ ئەسىردىن بېرى ئاجىزلار توپىنى ــ قارا تەنلىكلەرنى، ئىندىيانلارنى، كۆچمەنلەرنى، خاۋايىلىقلارنى قانداق ئەزگەنلىكى ھەققىدە نۇرغۇن مىسال ۋە پاكىت بار. بۇ كىتاب بىزنىڭ ئامېرىكا ھەققىدىكى خام خىيالىمىزنى بەربات قىلىدۇ. مەن بۇلارنى سۆزلەش ئارقىلىق مۇنداق دېمەكچىمەن. ھەر بىر پارچە قالتىس ئەسەر بىزنىڭ نادانلىقىمىزنى ئېسىمىزگە سېلىپ، روھىمىزنى قايتا قۇرىدۇ. بۇنى مەن مۇنداق ئاددىي مىسال بىلەن ئىپادىلەي. ئون يىللار بۇرۇن، يەنى 2005 - يىلى مۇشۇ يەردە ئولتۇرغان ھەممىمىز ئۆزىمىزنىڭ شۇ چاغدىكى قاراشلىرىمىزدىن گۇمان قىلمايتتۇق. ئەمدىلىكتە (ئون يىلدىن كېيىن) ئەينى چاغدىكى نۇرغۇن قاراشلىرىمىزدا ساددىلىق بارلىقىنى ھېس قىلىۋاتىمىز. مېنى ئويلاندۇرىدىغان شۇنداق بىر سوئال بار. بىز نېمە ئۈچۈن ھاياتىمىزنى، تەقدىرىمىزنى ئۆزگەرتىشىمىزگە ياردىمى تېگىدىغان پايدىلىق پاكىتلارنى بالدۇرراق ھېس قىلالمايمىز؟ ئەمەلىيەتتە، بۇ خىل پاكىتلارنى بالدۇرراق ھېس قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى سىستېمىلىق كىتاب ئوقۇشتۇر.

فرانسىيەنىڭ داڭلىق پەيلاسوپى مىچېل فۇكوۋنىڭ «تۈزۈم ۋە جازا» ناملىق پەلسەپەۋى ئەسىرى ئىنسانىيەت تارىخىدىكى دەۋر بۆلگۈچ ئەسەرلەرنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئامېرىكىدا ۋۇجۇدۇمنى لەرزىگە سالدى. بۇ ئەسەردە بىيۇروكراتلىق ۋە تۈزۈمنىڭ روھىمىزغا قانداق زەھەرلەرنى سالىدىغانلىقى، ئۆزلۈكىمىزنى قانداق زەخىملەندۈرىدىغانلىقى ئەكس ئەتكەن. مىچېل فۇكوۋنىڭ بۇ كىتابتا ئىلگىرى سۈرگەن تارىخ پەلسەپىسىمۇ مېنى ئامېرىكىدىن ئۈزۈل - كېسىل قايتىپ كېتىشكە سەۋەب بولغان ئامىللارنىڭ بىرى.

2000 - يىلى بىر يىل ئۇيقۇسىزلىقنىڭ ئازابىنى تارتتىم، شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى دوختۇرخانىسىدا بىر ئاي ياتتىم. شۇ ۋاقىتتا دوختۇر ماڭا: «سىزنىڭ گىرىپتار بولغىنىڭىز جاھىل خاراكتېرلىك ئۇيقۇسىزلىق كېسىلى، بىر ئۆمۈر دورا يېيىشىڭىز كېرەك» دېگەنىدى. شۇ چاغدا ئۇخلىتىش دورىسىنى تۆت ئاي يېدىم، تۆت ئايدىن كېيىن دورىنىڭ ئەكس تەسىرىدە ئۆگىنىپ بولغان ئىنگلىز تىلىمنى ئاساسەن ئۇنتۇپ كەتتىم. كىتابنىڭ كېيىنكى بېتىنى ئوقۇسام ئالدىنقى بېتىنى ئۇنتۇپ قالاتتىم، مۇشۇنداق پاجىئەلىك تەقدىر مەندەك ئۆگىنىش ئىشتىياقى بار بىر ئادەمنىڭ بېشىغا 25 يېشىدا كەلدى. شۇ قىيىن پەيتلەردە بىر تۈركۈم كىتابلار مېنىڭ ھاياتىمدا مۇھىم رول ئوينىدى. مەسىلەن: ئامېرىكىلىق پسىخولوگ ۋايىن دېيېرنىڭ «سىزنىڭ سەۋەنلىكلىرىڭىز» ناملىق كىتابىنى مەن ئۇيقۇسىز بولۇپ قالغان چاغلىرىمدا ناھايىتى سىستېمىلىق ئوقۇدۇم، كېيىنچە، دالى كارنېگنىڭ «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» ناملىق كىتابىنىمۇ بىردلەپ ئوقۇدۇم. بۇ كىتابتىكى ئۇيقۇسىزلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغان نۇرغۇن كىشىنىڭ ساقايغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۈمىدكە تولدۇم، ھەرىكەتكە ئۆتتۈم. ئىنگلىز تىلىنى قايتىدىن ئۆگەندىم، كىتابلارنى قايتىدىن كۆردۈم. كېيىن بارلىققا كەلگەن «سەرخۇش ئىنگلىز تىلى» يۈرۈشلۈك دەرسلىكلىرى ۋە «سەرخۇش ئىنگلىز تىلى گىراماتىكىسى» شۇ چاغدىكى ئىزدىنىشلىرىمنىڭ مەھسۇلى ئىدى. مەن بۇلارنى دېيىش ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەرگە شۇنى دېمەكچىمەنكى، ئېسىل بىر پارچە كىتاب بىزگە ئۈمىد بېغىشلايدۇ ۋە ياشاشنىڭ مېتودىنى ئۆگىتىدۇ، ھالقىلىق ئازاب پەيتلىرىدە قىيىنچىلىقلاردىن قانداق ھالقىش كېرەكلىكىنى دەپ بېرىدۇ.

شۇ تاپتا باللىق دەۋرىمدە قەلبىمنى زىلزىلىگە سالغان ۋە ۋۇجۇدۇمدا چوڭ بولۇپ ساقلانغان بىر قانچە پارچە كىتاب ھەققىدە سۆزلەشنى لايىق تاپتىم. ئۇنىڭ بىرسى ئەختەم ئۆمەرنىڭ «قىيامەتتە قالغان سەھرا» ناملىق پوۋېست - ھېكايىلەر توپلىمى. مەن بۇ ئەسەرنىڭ ماڭا بەرگەن ھۇزۇرىنى ھازىرغىچە ئۇنتالمايمەن. ئۇ چاغدا يازغۇچىلار ئارىسىدا بىزنىڭ رېئاللىقىمىزنى ساختا يازىدىغانلار كۆپ ئىدى. ئەختەم ئۆمەر ئاشۇ ۋاقىتتا ساختا يازارمەنلىككە قارشى ئەڭ بۇرۇن چۇقان كۆتۈرگەنلەرنىڭ بىرسى ئىدى.

باللىق دەۋرىمدە مېنىڭ ۋۇجۇدۇمنى لەرزىگە سالغان 2 - ئەسەر مەرھۇم ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئىز» ناملىق رومانى. مەن بۇ رومانىنى 14 يېشىمدا ئوقۇدۇم. روماندىكى تۆمۈر خەلپىنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرى ۋە باشقا تەپسىلاتلار ھازىرغىچە ئېسىمدىن چىقمايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن مەرھۇم يازغۇچىمىزنىڭ قولىدا يەنە بىر پارچە رومانىنىڭ يېزىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۆت يىل ساقلىدۇق. بۇ رومانىنىڭ داۋامى «ئويغانغان زېمىن» شەكلىدە مەيدانغا كەلدى. «ئىز» ۋە «ئويغانغان زېمىن» رومانى مەندىكى تارىخ ئېڭىنى، تارىخنى بىلىش ئىستىكىنى ئويغاتقان نادىر رومانلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئىنگلىز تىلىنى چوڭقۇرلاپ ئۆگىنىشىمگە سەۋەبچى بولغان بىر رومان، خەنزۇ تىلىنى چوڭقۇرلاپ ئۆگىنىشىمگە سەۋەبچى بولغان يەنە بىر رومان بار.

1992 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جۇڭگو تىللىرى فاكۇلتېتىغا ئۆتتۈم. شۇ چاغلاردا كۇتۇپخانىدا مەرھۇم تەرجىمە ئۇستازى توختى باقى ئارتىشىنىڭ «تەرجىمە تەجرىبىسىدىن ئۆر-

www.uyghurkitap.com

نەكلەر» ناملىق كىتابىنى ئۈچ ئاي قېتىرقىنىپ ئوقۇپ چىقتىم، كېيىن ئەدەبىي تەرجىمىگە ئىشتىياق باغلىدىم. 1993 - يىلى مەرھۇم ئەدەبىي تەرجىمان مۇساجان ئەزىزى ئاكا تەرجىمە قىلغان «ئاداۋەت» ناملىق رومانىنى 50 بەت سېلىشتۇرۇپ ئوقۇدۇم. مانا شۇنىڭدىن كېيىن تەرجىمىدە ئىچىلىپ كەتتىم. ماڭا ئەدەبىي تەرجىمىنىڭ نېمىلىكىنى ئۆگەتكەن تۇنجى ئۇستازىم مەرھۇم مۇساجان ئەزىزى ئەپەندى ئىدى. شۇڭا ئۇنى چوڭقۇر ئەسلەش بىلەن تىلغا ئالىمەن. بىزدە شۇنداق بىر گەپ بار، «ئەجرىنى دەرياغا قىل، ساۋابىنى سايدىن سورا». مۇساجان ئەزىزى ئاكا ماڭا بىر كۇنمۇ دەرس ئۆتكىنى يوق. ئەمما، ئۇ پىشقان قەلىمى، يۇقىرى تەرجىمە ماھارىتى ئارقىلىق قەلبىمدە چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلغان مەشھۇر تەرجىمانلارنىڭ بىرى. «ئاداۋەت» رومانى مەشھۇر رۇس يازغۇچىسى ئاناتولى ئىۋانوفنىڭ رۇسىيەدە زىلزىلە قوزغىغان ئەسىرى بولۇپ بۇ ئەسەرنى مەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدىن ئارىيەتكە ئېلىپ ئۇيغۇرچىسى بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئوقۇدۇم. كۈندە ئىككى بەتتىن پەقەتلا 50 بەتلا سېلىشتۇردۇم. نەتىجىدە ئۈچ ئايدىن كېيىن دەرسلىكتە مەن بىلمەيدىغان خام سۆزلەر ئاز قالدى، خەنزۇ تىلىنىڭ جۈملە قۇرۇلمىسىنى ياخشى چۈشەندىم. شۇڭا مەن دەيمەنكى، تىل ئۆگىنىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى ئىككى خىل تىللىق رومانىنى سېلىشتۇرۇپ ئوقۇش. مەن بۇنداق ئۇلغار مېتودنى ئىنگلىز تىلىغىمۇ تەدبىقلىدىم. مەشھۇر ئەنگلىيە يازغۇچىسى جېين ئاستىننىڭ «ھاكاۋۇرلۇق ۋە ئاداۋەت» رومانىنىڭ ئىنگلىزچىسىنى خەنزۇچىسى بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئوقۇدۇم. كۈندە ئىككى بەت ئوقۇيتتىم؛ كۈندە ئۇچرىغان خام سۆزنى، ھەر بىر قۇرۇلمىنى ناھايىتى ئىنچىكە تەھلىل قىلاتتىم. كېيىنچە بۇنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈلۈشكە باشلىدى. ئەمەلىيەتتە، كۆپىنچىمىز بىر نەرسىنى تېز سۈرئەتتە ئۆگەنمەكچى بولىمىز، ئەمما بۇ بىر خام خىيال. چوڭقۇرلاپ، تەستە ئۆگەنگەن نەرسە روھىمىزدا زىلزىلە پەيدا قىلىدۇ ۋە ئۇنى ئاسان ئۇنتۇمايمىز. جېين ئاستىننىڭ شۇ رومانى ماڭا ئىنگلىز تىلىنى ئۆگەتكەن رومان، «ئاداۋەت» ماڭا خەنزۇ تىلى ئۆگەتكەن رومان. ھازىرغىچە گارسىيە ماركوزنىڭ، تۇرگېنېفنىڭ، جامېس جويسنىڭ، تونى مورىسوننىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا تەرجىمە قىلدىم.

ياشلىق دەۋرىمدە ماڭا چوڭقۇر تەسىر قىلغان رومانلاردىن يەنە بىرى «يۈز يىللىق غېرىبلىق». بۇ رومان ئىنسانىنىڭ مەڭگۈلۈك تەقدىرى بولغان غېرىبلىقنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى ئۈچۈن 1982 - يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئىنسانىنىڭ مەڭگۈلۈك تەقدىرىنىڭ، مەڭگۈلۈك سوئاللىرىنىڭ بىرسى غېرىبلىقتۇر. غېرىب تۇغۇلىمىز، غېرىب ئۆلۈپ كېتىمىز. شاۋقۇنلۇق شەھەر ھاياتىدا، ئادەملەر دېڭىزى ئارىسىدا تۇرۇپ غېرىبلىق ھېس قىلىمىز. غېرىبلىق چېگرا، سىنىپ، مىللەت ھالقىغان مەڭگۈلۈك تېمىلارنىڭ بىرى.

ئامېرىكىغا چىققاندىن كېيىن ئىنگلىزچىسىنى ئوقۇغان «قەلئە» ناملىق رومانىنىمۇ ياخشى كۆرىمەن. بۇ مودېرنىزم ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن بىرى كافكانىڭ رومانى بولۇپ، ئەسەردە K ئىسىملىك بىر پېرسوناژ بىر قەلئەگە كېلىدۇ، ئەمما بۇ قەلئەنىڭ ئاخىرى چىقمايدۇ. پۈتۈن ئەسەر شۇ پېرسوناژ قەلئەدىن چىقالماي ئاخىرلىشىدۇ. بۇ رومان بيۇروكراتلىقنىڭ، تۈزۈلمىنىڭ ئىنسان ۋۇجۇدىغا سالىدىغان بالايىئاپەتلىك ئاقىۋىتى ھەققىدىكى كىنايىسى بىلەن مەشھۇردۇر. كافكانىڭ بۇ ئەسىرى ھازىرغىچە نەچچىلىگەن يازغۇچىغا تەسىر كۆرسەتكەن. مەسىلەن: ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر يازغۇچىسى مو يەن ئۆزىنىڭ گارسىيە ماركوز، كافكانىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇر تىلىدا چىققان داڭلىق ئەسەرلەردىن «جىنايەت ۋە جازا» رومانىمۇ بار. بۇ ئەسەرنىمۇ مەرھۇم مۇساجان ئەزىزى ئاكا تەرجىمە قىلغان. ئەسەر رۇس يازغۇچى دوستويېۋىسكى تەرىپىدىن يېزىلغان. دوستويېۋىسكىنىڭ ئەدەبىيات ساھەسىدىكى ئورنى تولستويدىن يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ. سەۋەبى، ئۇنىڭ «جىنايەت ۋە جازا»، «ئەخمەق» قاتارلىق رومانلىرىدا پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە، ئىنسانىنىڭ ئازابلىرىغا مۇناسىۋەتلىك تېمىلارنى كۆتۈرۈپ چىققانلىقىدا. «جىنايەت ۋە جازا» ناملىق روماندا مەۋجۇدىيەتنىڭ قىيىنلىقى، ياشاشنىڭ تەسلىكى، ئىنسان خاراكتېرىنىڭ مۇرەككەپلىكىدىن ئىبارەت بىر باش تېما ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. رومانىنىڭ زىلزىلىسى بىلەن مەن 1996 - يىلى ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزىدىغان چاغدا «جىنايەت ۋە جازا» رومانىنىڭ تەرجىمىسى ھەققىدە ئوقۇش پۈتكۈزۈش ماقالىسى يېزىپ باكلاۋۇرلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەندىم. مەرھۇم مۇساجان ئەزىز ئاكا قانداق ئەسەرنى تونۇشتۇرۇشنى بىلىدىغان، ئەسەر تونۇيدىغان مۇتەپەككۇرسىمان تەرجىمان ئىدى. ئېيتىش كېرەككى، تەرجىمانلار بىر مىللەتنىڭ روھ قۇرۇلۇشىدا ۋە ئوقۇرمەنلىك مەدەنىيىتىدە ھالقىلىق رول ئوينايدۇ. لېكىن بىزدە ھازىر يارامسىز تەرجىمانلار، پارتىزانىكىسى تەرجىمانلار ئاۋۇپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ ھال مېنى تەشۋىشلەندۈرىدۇ.

ئىككىنچى بۆلەك، نېمىنى ئوقۇش كېرەك؟ قانداق ئوقۇش كېرەك؟

ھازىرغىچە نۇرغۇن ئىستۇدېنت دوستلار، ياشلار مۇشۇ

مەسىلىنى لېكسىيەلەردە مەندىن كۆپ قېتىم سورىدى. بۇ لېكسىيەنى سۆزلەشتىن بۇرۇن كىتاب ۋە ئوقۇرمەنلىك مەدەنىيىتى ھەققىدە، نېمىنى ئوقۇش ھەققىدە جەمئىيەت تەكشۈرۈشى قىلدىم. يېقىندىن بۇيان ياخشى كىتابلارمۇ ئاز ساندا چىقىۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەخلەت كىتاب ياكى چىقماسلىققا تېگىشلىك كىتابلارمۇ يەتكۈچە چىقىۋېتىپتۇ. ئالدىغا كەلگەن كىتابنى نەشر قىلىش، پىلانسىزلىق، بىپەرۋالىق نەشرىياتچىلىقىمىزدىكى بىر مەسىلە بولۇپ قالدى. كىتاب ھەۋەسكارلىرى ئارىسىدا ئالدىغا كەلگەننى ئوقۇيدىغان، قىزىققانلىق بىلەن ئوقۇيدىغان گۆدەك ئوقۇرمەن ئاۋۇپ كەتتى. بۇنداق گۆدەك ئوقۇرمەنلەر، رىياكەش ئوقۇرمەنلەر بىر مىللەتنىڭ ئاڭ سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە ئانچە چوڭ رول ئوينىيالمايدۇ. قانداق ئوقۇش، نېمىنى ئوقۇش ئۆز نۆۋىتىدە يەنە بىر خىل دىت، ئىستراتېگىيە تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا مەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ كىتابنى تونۇشقا ۋە ئوقۇشقا پايدىسى بولسۇن ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك كىتابلارنى تەۋسىيە قىلماقچى:

ئەگەر سىز ئازابلىنىۋاتقان، يوشۇرۇن كۈچىڭىزنى قېزىپ مەۋجۇتلۇق ھالىتىڭىزنى ئۆزگەرتمەكچى بولسىڭىز تۆۋەندىكى كىتابلار سىزگە ياردەم بېرىدۇ: «سىزنىڭ سەۋەنلىكىڭىز»، «ئۆزلۈك گىرۋەكلىرىدە»، «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ». ئەگەر سىز بىر ئۇيغۇر ياش بولسىڭىز، تۆۋەندىكىدەك كىتابلارنى چوقۇم ئوقۇشىڭىز كېرەك. «ئانا يۇرت»، «ئىز»، «ئويغانغان زېمىن»، «بالدۇر ئويغانغان ئادەم»، «ئابدۇقادىر داموللا ھەققىدە قىسسە»، «كەچمىش»، «ھايات شاماللىرى»، «قۇم باسقان شەھەر»، «تەۋپىق ئەپەندى». بۇ رومانلار ۋە تارىخىي قىسسەلەر بىزگە ئوقۇرمەنلىك لەززىتىنى ھېس قىلدۇرىدۇ، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە بىزدە تارىخىي ئاڭ ۋە تارىخنى بىلىش ئىستىكىنى يېتىلدۈرىدۇ. ئەگەر سىزدە ئىگىلىك تىكلەش ئىستىكى بولسا ۋە پۇلنىڭ قەيەردىن كېلىدىغانلىقىنى چۈشەنمەكچى بولسىڭىز، ئۇيغۇر تىلىدا چىققان تۆۋەندىكى كىتابلار سىزگە ياردەم بېرىدۇ: «كارخانىچىلارنىڭ مەغلۇبىيەت ساۋاقلىرى»، «شىركەتنىڭ كۈچ - قۇدرىتى»، «باي دادام، نامرات دادام».

ئەگەر سىز ئۆزىمىزنى ۋە مەۋجۇتلۇقىمىزنى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ چۈشەنمەكچى بولسىڭىز، مۇنۇ كىتابلارنى ئوقۇمىسىڭىز بولمايدۇ: «ئۆزىمىزنى ئېتىراپ قىلايلى»، «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت»، «ئۆزلۈك ۋە كىملىك». يۇقىرىقىلاردىن باشقا ئىسلام مەدەنىيىتىمىزنى ۋە ئۆرپ - ئادىتىمىزنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدىغان كىتابلاردىن «شېرىن بۇلاق»، «ئىسلام دىنىنىڭ تارىخى»، «ئىسلام دىنىنىڭ سۈبھى دەۋرى» قاتارلىقلار بار. بۇ كىتابلار ياخشى يېزىلغان ئەسەرلەردۇر. ئەگەر سىز پەلسەپەۋى پىكىرنى ئۆگەنمەكچى بولسىڭىز، تەپەككۇرىڭىزنى چوڭقۇرلاشتۇرماقچى بولسىڭىز، تۆۋەندىكى كىتابلار سىزگە ياردەم بېرەلەيدۇ: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، «ئەرەب تىلىدا يېزىلغان پەلسەپە»، «سوفىيەنىڭ دۇنياسى»، «سوقراتنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى».

نادىر چەت ئەل رومانلىرىدىن كافكانىڭ «قەلئە» ناملىق رومانى، تونى موررىسوننىڭ «جان قوزام» ناملىق رومانى، گارسىيە ماركوزنىڭ «يۈز يىل غېرىبلىق» ناملىق رومانى، ھېمىڭۋاينىڭ «ئەلۋىدا، قورالىم» ناملىق رومانى، ياشار كامالنىڭ «مەممەت ئاۋاق» ناملىق رومانى، ئورخان پامۇكنىڭ «مېنىڭ ئېتىم قىزىل» ناملىق رومانى، دوستويېۋسكىنىڭ «جىنايەت ۋە جازا» ناملىق رومانى، مۇستاپا ئەمىننىڭ «تۇنجى مۇھەببەت» ناملىق رومانلىرىنى ئوقۇش كېرەك.

كېيىنكى مەسىلە قانداق ئوقۇش كېرەك مەسىلىسى. ئۇنداقتا قانداق ئوقۇش كېرەك؟ مېنىڭ قوللانغان ئۇسۇلۇم كىتابنى پەيلەپ ئوقۇش. كىتابنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، مۇقاۋىسىنى، مۇندەرىجىسىنى، ئارقا بەتلىرىنى، ئاپتورنىڭ تەرجىمىھالىنى بىر قۇر كۆرۈپ چىقىمەن، لېكىن دەرھال ئوقۇشقا كىرىشمەيمەن. پەيلەپ ئوقۇش كىتابقا نىسبەتەن زوقمەنلىك پەيدا قىلىدۇ؛ ئىككىنچى قەدەمدە كىتابقا كىرىشتىن ئاۋۋال ئىزدەنمەكچى بولغان سوئالنى ئايدىڭلاشتۇرىمەن، يەنى كىتابتىن زادى نېمىگە ئېرىشمەكچى بولغانلىقىمنى ئېنىق چۈشىنىشكە تىرىشىمەن؛ ئۈچىنچى قەدەمدە كىتاب ئوقۇش خاتىرىسى تۇتىمەن. بۇ ئىنتايىن ئۈنۈملۈك ياخشى ئۇسۇل. ئەسلىي ماقالە يېزىشنىڭ قائىدىسى توغرىسىدا كۆپ بىلىمگە ئىگە ئەمەس ئىدىم. كىتاب ئوقۇش خاتىرىسى تۇتۇش، كىتابقا بولغان تەسىراتنى ئىزچىل يېزىش مەندە ماقالە يېزىقچىلىقىغا نىسبەتەن بىر خىل ئىستەك ئويغاتتى ۋە پىكىرلىرىمنى رەتلىشىمگە ياردەم بەردى. شۇڭا ئامېرىكىدىن جەمئىي 28 پارچە خاتىرىنى ئۆزۈم بىلەن بىللە قايتۇرۇپ ئەكەلدىم. خاتىرىلىرىم مېنىڭ ئۆز روھىمنىڭ داۋامىدۇر؛ تۆتىنچى قەدەم گۆدەك ئوقۇرمەنلىكتىن ھالقىپ رەسمىي ھالدا تەتقىقات خاراكتېرلىك ئوقۇشقا كىرىشىش باسقۇچى. تەتقىقات خاراكتېرلىك ئوقۇش دېگەن نېمە؟ بۇ دېگەنلىك ئۆزىمىزنىڭ ئەڭ قىزىقىدىغان باش تېمىلىرىمىزنى رەتلىۋېلىپ، باش تېمىدىن چەتنىمىگەن ئاساستا شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئەڭ ياخشى ئەسەرلەرنى تاللاپ چىقىش، شۇنىڭ بىلەن بىللە قىزىقىشىمىز بويىچە ئىچكىرىلەپ كىرىش دېگەنلىكتۇر. مەسىلەن: مەۋجۇتلۇق، مەدەنى-

www.uyghurkitap.com

يەت، كىملىك قاتارلىق تېمىلارغا قىزىقساق، شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئەڭ ياخشى ئەسەرلەرنى ئوقۇش، ئەسلەش ۋە ئۇ ھەقتە خاتىر يېزىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەك. تەتقىقات خاراكتېرلىك ئوقۇشتا خاتىرە قالدۇرۇش بىلەنلا قالماي، ئەڭ مۇھىمى باش تېمىدىن چەتنىمىگەن ھالدا ئوي ـ پىكىرلىرىمىزنى رەتلەيمىز. سوئال بىزنى يېتەكلەيدۇ. سوئال قويۇش نەتىجىسىدە بىز قالايمىقان كىتاب ئوقۇشتىن ساقلىنالايمىز. ئەگەر بىز تەتقىقات خاراكتېرلىك ئوقۇشقا كۆنسەك، بۇرۇن تەس ھېسابلىغان نۇرغۇن كىتابلارنى ئاسان ھەزىم قىلالايمىز.

يۇقىرىقى جەريانلار تاماملانغاندىن كېيىن بىز يەنە بىر كىتاب ئوقۇش گۇرۇپپىسى تەشكىللىشىمىز كېرەك. بىزنىڭ بىر ئاجىزلىقىمىز شۇكى، بىر نەرسىنى ئازراق بىلىۋالغاندىن كېيىن ئۆزىمىزگە قاتتىق ئىشىنىدىغان بولىمىز. ئەمما، شۇ ۋاقىتتا نۇرغۇن تونۇشلىرىمىز خاتا بولۇپ چىقىدۇ. بىز پەقەت دىيالوگ ۋە سۆھبەتكە كىرگەن ۋاقتىمىزدا ئۆزىمىزنىڭ تونۇشلىرىدىكى خاتالىقلارنى بايقايمىز. ئىلمىنىڭ ئۆزى يېرىم، يەنە بىر يېرىمى دىيالوگ. شۇڭا ئامېرىكىنىڭ ئاسپىرانت مائارىپىدا مۇھاكىمە، مۇنازىرە شەكلىدە دەرس ئۆتۈلىدۇ. بۇنىڭ پايدىسى كۆپ، كىشى ئوخشىمىغان پىكىرلەردىن زەرەتلىنىدۇ. ئەمما بىز جەمئىيىتىمىزدە غەلىتە بىرخىل بىمەنىلىكنى، يەنى ئوخشىمىغان پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويسا ئۇنىڭغا خاپا بولۇپ كېتىدىغان، ئۆزئارا ئۆچ ئالىدىغان ئەھۋاللارنى بايقايمىز. مەنچە قارشى نۇقتىدىكى پىكىر ئۆچ كۆرۈلمەسلىكى مۇنازىرە روھى بىزنى تېخىمۇ چوڭقۇر بىلىشكە يېتەكلەيدۇ، شۇڭا بەلگىلىك دائىرىدە كىتاب ئوقۇش گۇرۇپپىسى قۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم. بىزنىڭ ئىلىم چېيىمىزنىڭ بىر تەشەببۇسى دەل مۇشۇ يەردە.

ئۈچىنچى بۆلەك، ئاقارتىش جاراھىتى ۋە ئوقۇرمەن مەدەنىيىتىمىزدىكى مەسىلىلەر

يېقىندا بىرەيلەن ماڭا سوئال قويدى، كىتاب ئوقۇغانغا ئادەم ئەقىللىك بولۇپ كېتەمدۇ؟ كىتاب ئوقۇغانغا ئادەم ئەخلاقلىق، ئالىيجاناب بولۇپ كېتەمدۇ؟ مېنىڭچە بۇ دەۋرىمىزدە جايىنى تاپقان سوئال، ئىنتايىن ئۆتكۈر سوئال. شاپتۇل داموللامۇ كىتاب ئوقۇيتتى، ئىنتايىن پاراسەتلىك ئادەم ئىدى، لېكىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى سېتىۋەتتى. نىياز ھېكىمبەگمۇ كىتاب ئوقۇيتتى، ئۇمۇ خەلقىنىڭ بىر مۇنچە مەنپەئىتىنى سېتىۋەتتى. جەمئىيىتىمىزدە نۇرغۇن ئادەم كىتابنى يەتكۈچە ئوقۇدى، ئەمما رېئال دۇنيادا ياخشى ئادەم بولالمىدى. بىزمۇ ھەم نۇرغۇن تەرەپلەردە كەتكۈزۈپ قويۇۋاتقانلىقىمىزنى كىتاب ئوقۇش ئارقىلىق ھېس قىلىۋاتىمىز. ئۇنداقتا بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان نۇقتا نېمە؟ بىلىشىمىز كېرەككى، كىتاب ئۇ جانسىز نەرسە، ئۇ دۇنيانى ئۆزگەرتمەيدۇ. ئەمما كىتاب بەرگەن روھىي ئېنېرگىيە بىلەن ئىنسان رېئاللىقنى ئۆزگەرتىدۇ، ئۆز نۆۋىتىدە كىتابمۇ ئىنسانغا كۈچ ـ قۇدرەت ئاتا قىلىدۇ. بۇنىڭ شەرتى ئەلۋەتتە كىتاب ئاتا قىلغان تونۇش ھەرىكەتكە ئايلانغان بولۇشى كېرەك. ئامېرىكا مائارىپچىسى جون دۇۋېي بىر مەشھۇر ئەسىرىدە مۇنداق يازىدۇ: «ھەرىكەتكە ئايلانمىغان تونۇش ئەھمىيەتسىزدۇر». نۇرغۇن كىشىلەر كىتابلارنى ئوقۇدى؛ ئەمما توخۇ يۈرەك، قورقۇنچاق بولۇپ كېتىشتى. بۇ يەردىكى گەپ دەل تونۇشنىڭ ھەرىكەتكە ئايلانمىغانلىقىدا، سۆكۈتنىڭ زىيادە ئېشىپ كەتكەنلىكىدە.

ھازىر خەلق ئىچىدە مۇنداق بىر ئاچچىق كىنايە بار. زىيالىي دېگەن نېمە؟ كىتاب ئوقۇيدىغان ئادەم قانداق بولىدۇ؟ ئۇلار گالستۇك تاقاپ يوتقانغا كىرىدىغان ئادەملەردۇر. بۇنچە ئاچچىق كىنايە خەلق ئىچىدە نېمە ئۈچۈن چىقتى؟ بۇ ئاددىي مىسال ئوقۇرمەن مەدەنىيىتىمىزدىكى بىر كىرىزىسنى، مەسىلىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. كىتاب ئوقۇغانغا ئەقىللىق بولۇپ كەتتۇقمۇ؟ كىتاب ئوقۇغانغا ئالىيجاناب بولۇپ كەتتۇقمۇ؟ ناتايىن. ھالقىلىق پەيتلەردە كىتاب ئوقۇغانلار كەتكۈزۈپ قويۇۋاتىدۇ. ئاۋامنىڭ زىيالىيلار ھەققىدىكى ساداسىغا قۇلاق سالىدىغان ۋاقتىمىز كەلدى. ئەگەر بىلگەنلىرىمىزنى، تونۇشلىرىمىزنى ھەرىكەتكە ئايلاندۇرمىساق، ئوقۇغاننى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتمىسەك، ئۇنداقتا ئۆزىمىزنىڭ ئوقۇرمەنلىك، ئىنسانلىق سۈپىتىمىزگە يۈز كېلەلمەيمىز.

دەۋرىمىزدە يەنە ئاقارتىش جاراھىتى ئېغىر لاپ بارماقتا. ئاقارتىش جاراھىتى دېگەن نېمە؟ بىر خىل تونۇشنى، بىر خىل چۈشەنچىنى، بىر خىل پىكىر ئەندىزىسىنى مۇبالىغە قىلىۋېتىپ، سۈكۈت ئىچىدە ياشاشتىن ياكى زىيالىيلارنىڭ كوللېكتىپ ئاڭسىزلىقىدىكى تەپەككۇر ئەخلەتلىرى ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىن پەيدا بولغان سەلبىي ئاقىۋەتتۇر. مەن بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىمنى يېقىندا تەپەككۇر ژۇرنىلىنىڭ 2 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئاقارتىش جاراھىتى ۋە ئاددىي ئەقىل» ناملىق ماقالەمدە ئەكس ئەتتۈردۈم. بىزگە نىسبەتەن ئاقارتىش بولسىلا، بىر خىل تونۇش شەكلى بولسىلا كۇپايە قىلمايدۇ. غەرب نەچچە ئەسىر ئاقارتىش ئېلىپ باردى. ئۇلار ئەقىلنى، ئىلىمنى زىيادە مۇبالىغە قىلىۋېتىپ، ئەمدىلىكتە ئەقىلنىڭمۇ نۇرغۇن نەرسىگە يەتمەيدىغانلىقىنى چۈشەندى. شەرق دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، ئىمانىنى كۈچلۈك تەكىتلەپ ئەقىلگە، ئىلىمگە سەل قارىدى ۋە بۇنىڭ زىيىنىنى يەتكۈچە تارتتى. ئىلىم ۋە ئەقىدە ئىنسان روھىنىڭ ئىككى شېخى،

ئىنسان ئىككىلىسىدىن ئايرىلالمايدۇ. ئەمما بۈگۈنكى كۈندىمۇ
بىز بەزىلەرنىڭ بىرنى كۆككە كۆتۈرۈپ يەنە بىرنى بېسىۋاتقان-
لىقىنى ھەيرانلىق ئىچىدە بايقايمىز.

ھازىرغىچە بولغان ئۇيغۇر ئاقارتىش تارىخىمۇ ئاقارتىش
جاراھىتىدىن مۇستەسنا ئەمەس. مەسىلەن: گۇڭگا شېئىر ھەرىكە-
تى ئۇيغۇر شېئىرىيەت تارىخىدىكى بىر ئەدەبىيات ھەرىكىتى.
بۇنىڭ تۆھپىسىنى مەلۇم دەرىجىدە مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەك.
ئەمما، گۇڭگا شېئىر ھەرىكىتى بايراقدارلىرى 1986 - يىلىدىن ھا-
زىرغىچە ئۆزلىرىنىڭ نەزەرىيە سىستېمىسىنى رەتلەپ چىقالما-
دى، سىستېمىلاشتۇرالمىدى. ئۇلاردىن بىزگە قالغىنى پارچە
پۇرات، گۇڭگا تەپەككۇر شەكلى بولدى. شۇڭلاشقا ئوخشاش
مۇشۇ خىل ئاقارتىش جاراھىتىنىڭ تەسىرى بىلەن مۇھاكىمىدىمۇ
تۈز سىزىقلىق، لوگىكىلىق تەپەككۇر شەكلىگە كۆنۈپ بولالما-
دۇق، شۇڭا مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىشىمىزدا تەپەككۇر زەخمە-
سىنىڭ ئىپادىسى كۆرۈنۈپلا تۇرىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، بىزدە زامانىۋى ساۋاتسىزلىق باش كۆ-
تۈرمەكتە. شۇنى ئېچىنىش بىلەن تىلغا ئېلىشىم كېرەككى، بىزدە
ئارستوتىلنىڭ «پوئېتىكا»، كانتنىڭ «نوقۇل ئەقىلگە تەنقىد»-
دىمۇ چىقمىدى. بۇلارنى غەربنىڭ دەپ باھانە كۆرسىتەيلى
دېسەك، بوۋىمىز فارابىنىڭمۇ ئەسەرلىرى تولۇق نەشر قىلىنمى-
دى. 30 يىللىق ئاقارتىش ئۇيغۇرلاردا چالا - بۇلا ھالەتتە
كەتتى. ھەتتا شۇنچە ئەدەبىياتچىلار نان يەۋاتقان ئەدەبىياتشۇ-
ناسلىق ساھەسىدە تۈزۈكرەك «ئەدەبىياتشۇناسلىق لۇغىتى»مۇ
يوق. چىقمايدىغان ئەخلەت كىتابلار تازا چىقىۋاتىدۇ. 4 - ئاينىڭ
23 - كۈنىدىكى ئىمزالىق كىتاب سېتىش پائالىيىتىدە بىر نەرسىنى
بايقاپ قالدىم، ئالدىمغا ئىمزا قويدۇرغىلى كەلگەن بەش پارچە
كىتابنىڭ ئۈچى پاخ - پاخ كىتابلار ئىكەن. ئىچىم شۇنداق ئې-
چىشتى. ھازىر كىتابخانىلىرىمىزدا دادا - ئاپىسىنىڭ تايىنى يوق،
قوراشتۇرۇلغان كىتابلار كۆپىيىپ كەتتى. ئاپتورى يوق، ياماق-
لانغان تەرجىمە كىتابلار دەل مۇشۇنداق كىتابلاردۇر. كىتاب
تاللىغاندا پىشقان ئاپتورنىڭ، كەسپ ئەھلىلىرىنىڭ نادىر كىتاب-
لىرىنى تاللاپ تۇرۇپ ئوقۇش كېرەك.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئوقۇرمەنلىك مەدەنىيىتىمىزدە كۆرۈلۈ-
ۋاتقان يەنە بىر مەسىلە شۇكى، بازار ئىگىلىكى، سودا مەدەنىيىتى
ئوقۇرمەنلىك مەدەنىيىتىمىزگە خىرىس ئېلىپ كەلدى. ئۆي،
تاۋار، ماددىي كاپالەتنى چوڭ بىلىش نۇرغۇن زىيالىيلىرىمىزنى
ئۆزىنىڭ ياشلىق دەۋرىدىكى ئەقىدىسىدىن ياندۇردى. ئەمەلە-
يەتتە بۇ بىر خىل ئاسىيلىق. بىر تۈركۈم زىيالىيلىرىمىز ئۆزى
بۇرۇن نەپرەتلىنىدىغان، ياراتمايدىغان كىشىلەرگە ئايلىنىپ
قالدى. نۇرغۇن گېزىت - ژۇرنال ئىسراپ بولۇپ كەتتى. بىر
مۇنچە مەتبۇئاتلاردا، تاراتقۇلاردا چىقىۋاتقىنى ساپلا «ئاتام
ئېيتقان بايقى» گەپلەر. بىر مىللەت 80 - يىللاردا ئېيتىلغان گەپ-
لەرنى 2010 - يىللاردا يەنە تەكرارلاپ ياشاشتىن ھارمىسا
بۇنداق مىللەتكە ئېچىنىش كېرەك. رادىيو - تېلېۋىزورلاردا قې-
لىپقا چۈشۈپ قالغان سۆزلەر تەكرار - تەكرار ئېيتىلىدۇ. شاتوتە-
دەك گەپلەرنى قىلىپ ھارمايدىغان بىر قىسىم رىياسەتچىلەر قو-
لىدىكى ئارگىنال بولمىسا ھېچنېمە دېيەلمەيدۇ. يەنە بىر
تۈركۈم مۇھەررىرلەر بولسا قولىدىكى مۇھەررىرلىكتىن ئىبا-
رەت يۈكسەك مەسئۇلىيەتنى ئىسراپ قىلماقتا. ئاۋامنىڭ، ئوقۇر-
مەنلەرنىڭ بۇنىڭغا قارىتا پىكرى بار. بۇ پىكىرلەرگە قۇلاق
سېلىش كېرەك. مەركەزدىن كېلىۋاتقان ئىلغار مەدەنىيەت بەرپا
قىلىش، كىتابخۇمارلار جەمئىيىتى قۇرۇش تەشەببۇسلىرىدىن
ياخشى پايدىلىنالمىدۇق. نەشر ئىشلىرى ئۈچۈن نۇرغۇن مەب-
لەغلەر بېرىلدى، بۇلارنىڭ بىر قىسمى نادىر كىتابلارغا ئەمەس،
ئەخلەت كىتابلارغا سېلىنىپ كەتتى. مەن بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆكۈنى-
دىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن.

سورۇن مەدەنىيىتىمىزدىمۇ چاكىنىلىق، پۇچەكلىكلەر ئوب-
دانلا ئەۋج ئالدى. ئامېرىكىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن سو-
رۇنلارغا چاقىرىلدىم. مېنى ئۆكۈندۈرىدىغان شۇنداق بىر ئىش
بار. كىچىككىنە ئون كىشىلىك ئايرىمخانىلاردا بىر قولىدا چوكا،
بىر قولىدا تاماكا تۇتۇپ ئولتۇرىدىغان ئەرلەر مېنى سەسكەندۈ-
رىدۇ. ئىسقا چۆمۈلۈپ تۇرۇپ يېيىلىۋاتقان تاماقلاردا قانداقمۇ
لەززەت بولسۇن. مەن بۇنداق كىشىلەرنى مەڭگۈ چۈشىنەلمەي-
مەن. ئامېرىكىدا رېستوراندا ئەمەس، ئوقۇتۇش بىناسىغا 100
مېتىر كېلىدىغان جايلاردىمۇ تاماكا چېكىش چەكلەنگەن. بۇ
ئەھۋال بىزنىڭكى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما، ئەلۋەتتە. ھازىر
بۇ خىل ئەھۋال ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە كېڭىيىپ ھار ئېلىنمايدىغان
بولۇپ كېتىپتۇ. بۇ بىر داغ، ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى
شەرمەندە داغ. بۇنداق ئىشلارغا جەڭ ئېلان قىلىدىغان ۋاقىت
كەلدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، نەشرىياتچىلىقىمىزدا پىلانسىزلىق، چە-
رىكلىك مەسىلىسى گەۋدىلىك بولماقتا. كىتاب نەشر قىلىدىغان،
كىتابنىڭ نېنىنى يەۋاتقان بەزىلەر كىتاب ئوقۇمايدۇ. بۇ بىر ئەپ-
سۇسلىنارلىق ئەھۋال. بىز شۇ تاپتا قايتىدىن ئويلىنىش بىلەن
خاراكتېرلەنگەن يەنە بىر قېتىملىق ئاقارتىش دەۋرىگە قەدەم
قويۇۋاتىمىز. ئەمدى بىز سوراپ باقايلى، بىزنىڭ نەشرىياتچىلى-
رىمىز، مۇھەررىرلىرىمىز قولىدىكى بوشلۇق ۋە ئىمكانىيەتنى
ئىسراپ قىلىۋېتىپ بارامدۇ - يوق؟ مۇھەررىرلىرىمىز ئۆز قولىدى

كى مۇھەررىرلىك پېچىقىنى نەپسانىيەتچىلىكنىڭ ۋاستىسى قىلىۋېتىپ بارامدۇ ـ يوق؟ ئويلىنىشىمىز كېرەك. بىزنىڭ ئېسىل نەشرىياتچىلاردىن، ئېسىل مۇھەررىرلەردىن ئۆگىنىدىغان ۋاقتىمىز كەلدى. كىتابخانىلارنىڭ ۋاقتى، زېھنى، روھىغا خىيانەت قىلىشنى ئەمدى توختىتىشى كېرەك. قۇراشتۇرۇلغان، مۇناسىۋەت بىلەن چىقىرىلغان كىتابلاردىن ھەزەر ئەيلىشىمىز كېرەك. مەن بەلكىم ئۇزاق ئۆتمەي نەشرىياتلىرىمىزدىن چىققان يۈز پارچە ناچار كىتابنىڭ (قۇراشتۇرما كىتابمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) تىزىملىكىنى ئېلان قىلىپ قېلىشىم مۇمكىن. بۇنى مەن مەسئۇلىيەتچانلىق دەپ چۈشىنىمەن. بۇنىڭدىن باشقا ئوقۇپ تەكشۈرۈش باسقۇچىدىكى زىيادە زىللىقلار، سەزگۈرلۈكلەر ئاپتورلارنى ھالسىراتماقتا. ئامېرىكىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن كۆپىنچىلەر ماڭا يېزىشنى ئەسكەرتتى، بەزى كىتابلاردا ئۇيغۇر تىلى ئىزاھلىق لۇغىتىدە چىقىدىغان «خۇدا» دېگەن سۆزمۇ قىسقىراپ كېتىدىكەن. ئەھۋال بۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇيغۇر تىلىدا كىتاب يېزىشنىڭ مۇمكىنچىلىك شارائىتى ھەققىدە ئويلىنىپ قالدىغان بولدۇم. زىيادە زىللىق، چېكىدىن ئاشقان خۇدۇكسىرەش ـ بىزنىڭ كاللىمىزدىكى كوللېكتىپ ئاڭسىزلىقتىن چىقىۋاتقان مەسىلە. بىزگە بېرىلگەن پۇرسەتتىن پايدىلانماي تۇرۇپ سەۋەب كۆرستىش ئاقمايدىغان ئىش. بىر بوشلۇق ئېتىلسە يەنە بىر بوشلۇق ئېچىلىدۇ. مۇھەررىرلەر، نەشرىياتچىلارنىڭ قاتتىق ئويلىنىدىغان ۋاقتى كەلدى.

ئەمدىكى گەپ، ئۈندىدار بىز ئۈچۈن نېمەتمۇ ياكى ئاپەتمۇ؟ دېگەن مەزمۇن ئۈستىدە بولىدۇ. ئۈندىدار ئاۋۋال بىزگە قولايلىق ئالاقە شارائىتى ياراتتى؛ بىزگە ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش، يەڭگىللەش پۇرستى ئاتا قىلدى. ئەمما، يامان بولغىنى روھىمىزنىڭ بىر قىسمىنى بىزدىن تارتىۋالدى. ھازىر دۇنيا خاراكتېرلىك بىر پىسخىكىلىق كېسەل يامرىماقتا. ئۇ بولسىمۇ دىققەت چېچىلىش كېسىلىدۇر. بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغۇچىلار دىققىتىنى بەش مىنۇتتىن ئارتۇق مەركەزلەشتۈرەلمەيدۇ. ئامېرىكا تەنقىدچىلىرى ئامېرىكىنىڭ بۈگۈنكى ياشلىرىنى تەنقىدلەپ، «پارلاق ئامېرىكا مەدەنىيىتى 90 ـ يىللاردىن كېيىن تۇغۇلغان، دىققىتى ئېلېكترونلۇق تاراتقۇلاردا چېچىلىۋاتقان يارىماس باللارنىڭ قولىدا ۋەيران بولىدۇ» دېيىشمەكتە. تور، تەشۋىقات، ئۈندىدار بىلەن زىيادە كۆپ ھەپىلىشىدىغانلارنىڭ دىققىتى بىر يەردە ئەمەس. بۇلارنىڭ قولىدىن چوڭ ئىش چىقمايدۇ. مەن دىققىتى چېچىلمىغان، فوكۇس نۇقتىسىنى يوقاتمىغان، تەپەككۇرنى يىغالايدىغان ياشلارغا ھۆرمەت بىلدۈرىمەن. ھازىرقى ئىلىم كۈرىشى دەل زېھىن كۈرىشى بولۇپ قالدى، زېھىن چېچىلغانچە ياخشى ئوقۇرمەن بولغىلى بولمايدۇ. ئۈندىدار بىزدە يەنە ياتلىشىش، روھىي گادايلىقنى بەرپا قىلىپ ئۈلگۈردى. تۇغقانلار، دوستلار بىلەن پاراڭلىشىشنىڭ ئورنىغا مەۋھۇم بوشلۇقتىن تەسەللى ئىزدەيدىغان بولۇپ قالدۇق. بۇمۇ بىر خىل پىسخىكىلىق كېسەل. ئۈندىدار بىلەن ھەپىلىشىشنى تۇرمۇش شەكلىنىڭ ئالاھىدە بىر قىسمىغا ئايلاندۇرۇۋاتقانلار كىتاب ئوقۇيالماس بولۇپ قېلىشتى. كىتاب ئوقۇش ئىقتىدارىنى يوقىتىش ئېغىر بىر مەسىلە. مەن ئۈندىدار ئىشلەتمەيمەن، تېلېۋىزور كۆرمەيمەن. مەن ئىزدىمەكچى بولغان ئۇچۇرلار كىتابلارنىڭ قېتىدا، چوڭقۇر مۇھاكىمىلەر ئارىسىغا يوشۇرۇنغان، ئۇلار مېنىڭ ئىزدىنىشىمنى كۈتىدۇ. كىتابتىن كېلىۋاتقان بىر ھۇزۇر بار. شۇنداق بىر لەززەت بار، ئۇ پەقەت چوڭقۇر ئوقۇرمەنلىكتىن كېلىدۇ. مۇشۇنداق لەززەت بىلەن ئوقۇۋاتقان، كۈرەش قىلىۋاتقانلارغا سالاملار بولسۇن!

### تۆتىنچى بۆلەك، ئۈستۈن ئوقۇرمەنلىك مۇراجىتى

ئۈستۈن ئوقۇرمەن دېگەن نېمە؟ بۇ مەن يېقىندا نەزەرىيەلەشتۈرمەكچى ھەم رېئاللاشتۇرماقچى بولغان يېڭى ئۇقۇم. ئۈستۈن ئوقۇرمەن ئۆزىنىڭ غايىسىدىن، ئېدىئال دۇنياسىدىن ۋاز كەچمەيدىغان ئادەمدۇر؛ ئۆزىنىڭ ئوقۇرمەنلىك غايىسى ۋە ئىستىكىنى ھېچنەرسىگە تېگىشمەيدىغان، سوئاللىرىغا چوڭقۇر كىتابلاردىن جاۋاب ئىزدەيدىغان، ئوقۇغانلىرىنى ئەمەلىيەتكە تەدبىقلىيالايدىغان ئادەمدۇر. دەۋرىمىز دەل مۇشۇنداق ئۈستۈن ئوقۇرمەنلەرنى تەقەززا قىلىۋاتىدۇ. شۇڭا كىتابچىلىقىمىز، ئوقۇرمەنلىك مەدەنىيىتىمىز ئىسلاھاتقا موھتاج.

ئۈستۈن ئوقۇرمەن يەنە نېمىنى ئوقۇش، نېمە ئۈچۈن ئوقۇش، قانداق ئوقۇش كېرەكلىكىنى چۈشەنگەن، ئىزدىنىشلىرىنى ئومۇمنىڭ ئىستىقبالى بىلەن باغلىيالايدىغان ئوقۇرمەندۇر. مەسىلەن: ئابدۇقادىر داموللا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرلەر ماھىيەتتە ئۈستۈن ئوقۇرمەنلەردۇر. شۇنىڭدەك ھەر بىر ئۈستۈن ئوقۇرمەن ئۆز مۇھىتى، ئۆز دەۋرىدە پىكىردە بىر بۆرۈلۈش ھاسىل قىلىدۇ. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ھاياتىنى جىمجىت كۆزەتسەك، ئۇنىڭ چۈشەنمەسلىك، مەسخىرە، غېرىبلىق، ھەسەتخورلۇق، قىيىنچىلىقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتىپ تۇرۇپمۇ جىمجىت ئىزدەنگەنلىكىنى كۆرىمىز. ئۇنىڭدىن قالغىنى «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا»، «قۇتادغۇ بىلىگ خەزىنىسى» قاتارلىق توم ـ توم نادىر كىتابلار بولدى. يۈز يىللىق ئۇيغۇر ئاقارتىش تارىخىنى ئاب

دۇقادىر داموللامسىز، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرسىز، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرسىز، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىنسىز تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز دەۋرىدە ئۇستۇن ئوقۇرمەنلىكنىڭ لەززىتىنى تېتىغان. بۇ يەردە ئۇلارنى ياد ئەتمەي تۇرالمايمىز. ھەر بىر ئۇستۇن ئوقۇرمەن ئۆز دەۋرىنىڭ ئاۋانگارتى، ئۆز مەدەنىيىتىدە بۇرۇلۇش ھاسىل قىلغۇچى، شۇنداقلا مىللىي روھنىڭ ئادۇۋكاتىدۇر. نېمە ئالدىغا ئۇچرىسا شۇنى ئوقۇش، كاللىغا كەلگەننى ئوقۇش بىلەن ئۇستۇن ئوقۇرمەنلىك مۇقامىغا يەتكىلى بولمايدۇ.

**خاتىمە ئورنىدا**

ئەتراپىمغا قارىسام، ھەممە يەردە ناخشا - ئۇسسۇلنىڭ ساداسى. ھەممە يەردە سەنئەت چۇقانى. شۇ چۇقان جەۋھەر سەنئەتنىڭ چۇقانى بولسا كاشكى! ئۆزىنى مەدەنىيەتلىك ھېسابلايدىغان 10 مىليون ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى ھاياتىدا كىتاب، مەدەنىيەت - مائارىپ ھەققىدە بىرمۇ پىروگراممىسى يوق. شۇنداق بىر ئارزۇيۇم بار، ئۇيغۇرلاردىنمۇ كىتابنى قېتىقىنىپ ئوقۇيدىغانلار، ئۇستۇن ئوقۇرمەنلەر مۇكاپاتلىنىدىغان كۈنلەر كەلسە. خۇددى ھەممىلا يەردە ئۇسسۇلچىلار، ناخشىچىلار مۇكاپاتلانغاندەك.

دىلىدىن ئىنسانىيلىق ئوتى كەتمىگەن ئەي سۆيۈملۈك قېرىندىشىم! قانداق قىلسام مىللىتىمگە تۆھپە قوشالايمەن، دەپ سوراۋاتامسىز؟ بۇنىڭ ئۇسۇلى ئىنتايىن ئاددىي، ئۇنداق بولسا قېتىرقىنىپ، باش چۆكۈرۈپ كىتاب ئوقۇڭ. بۇ مىللەتكە تۆھپە قوشۇشنىڭ ئەڭ ئاددىي، ئەڭ ياخشى، ئەڭ كونكرېت ئۇسۇلى.

ئەي سۆيۈملۈك قىز! قانداق قىلسام ياخشى ئوغۇللارغا ياتلىق بولالايمەن دەپ سوراۋاتامسىز؟ ئەمىسە دەيمەنكى، كىتابنى سۆيگەن، كىتابنى قەدىرلىگەن ئوغۇللارغا ياتلىق بولۇڭ. چۈنكى، كىتاب ئوغۇللارنىڭ قەلبىدىكى قاباھەتنى، مۇدھىشنى، قورقۇنچنى پەسەيتىدۇ. ئۇ سىزنى كىتابنى ئاسرىغاندەك ئاسرايدۇ. كىتاب ئوقۇغان ئادەمنىڭ قەلبىدىكى مۇز توڭلار ئېرىۋاتقان بولىدۇ.

مودىكەش قىزنىڭ كەينىدىن كېتىۋاتقان ئەي يىگىت! قايتىڭ، كەينىڭىزگە قايتىڭ! كىتاب ئوقۇۋاتقان قىزلارنىڭ ئارىسىغا قايتىڭ، سىز ئىزدەۋاتقان قىز كىتاب ئوقۇۋاتقان قىزلار ئارىسىدا.

تەھرىرلىك ئۈستىلىدە مۈگۈدەۋاتقان ئەي مۇھەررىر، كەچكىچە كونا گەپلەرنى شاتۇتىدەك تەكرارلاۋاتقان ئەي رىياسەتچى! كاللىڭىزنى سىلكىۋېتىڭ، كىتاب ئوقۇڭ، چۈنكى، سىزنىڭ مەسئۇل بولۇۋاتقىنىڭىز خەلقنىڭ روھ قورۇلۇشى!

ئاخىرىدا ئۈمىدىم شۇكى، كىتاب ۋاراقلاۋاتقان قوللارغا دەرد كەلمىسۇن، كىتابقا تىكىلگەن كۆزلەر روشەن بولسۇن، كىتاب ھەققىدە ئويلىنىۋاتقان مېڭىلەر ساغلام بولسۇن. كىتاب نۇرى كىرگەن قەلبلەر نۇرسىز قەلبلەرگە ئەنداز ۋە ئەينەك بولسۇن. ئەڭ مۇھىمى كىتابنى سۆيگەنلەر ھەر يەردە بولسا ئامان بولسۇن!

2015 - يىلى 4 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، ئۈرۈمچى، پارلاق رېستورانى

---

ئاپتور: دوكتور، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا، ئوقۇتقۇچى.


**جىددىي بىلدۈرگۈ**

تەھرىراتىمىز ئۈرۈمچى شەھىرى شىنخۇا جەنۇبىي يولى 11- نومۇر ۋەنگو سارىيى 10- قەۋەتكە يۆتكەلدى. ئەسەر ئەۋەتكۈچىلەرنىڭ مۇشۇ ئادرېس بويىچە ئالاقىلىشىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئەسەر ئەۋەتكەندە ئادرېسنى خەنزۇچە مۇنداق يېزىڭ:

新疆乌鲁木齐市新华南路 11 号万国大厦 10 楼“新疆文化”杂志编辑部　邮编:830000

كامالىي ئېھتىرام بىلەن:

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى

www.uyghurkitap.com

ئابدۇرېھىم دۆلەت

# ئۆزىنى باشقۇرۇش دېگەن نېمە



(ئۆزىنى باشقۇرۇش ۋە كىرىزىس)

ئادەم كۆچى يەتمەس مۈشكۈلات، قىيىنچىلىق ئىچىدە ئۇزاق مۇددەت ياشاپ كەتكەندە، ئەنى دەسلەپ ئامالسىز مەجبۇرىي تېڭىلغان بۇ رېئاللىقنى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاستا-ئاستا، ئاڭلىق-ئاڭسىز رەۋىشتە قوبۇل قىلىشقا باشلايدۇ، بۇ خىل رېئاللىقنى ئۆزگەرتىش، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئىستىكى ۋۇجۇدىدىن بىلىپ-بىلمەي ئۆچۈپ كېتىدۇ. ھەتتا ئاخىرىدا ئىنتايىن ئاز ساندىكى بىر تۈركۈم كىشىلەردىن باشقا زور كۆپچىلىك كىشىلەر بۇنى بىر خام خىيال، ئەمەلگە ئاشماس چۈش، دەپ بىلىدۇ. بارا-بارا ئەنى دەسلەپىدە ئاچچىق بىلىنگەن بۇ رېئاللىققا كۆنىدۇ، ماسلىشىدۇ، ھەتتا ئاخىرىدا ياخشى كۆرۈپمۇ قالىدۇ. ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنغان، خىيال قىلغانلار ئۇلارنىڭ نەزەرىدە ئەخمەققە ئايلىنىدۇ. دەسلەپىدە ئۇلارنىڭ جىسمىغا تېڭىلغان ئاجىزلىق، ئاستا-ئاستا ئۇلارنىڭ ئىچىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ. خورلۇقنى بەخت، زۇلمەتنى يورۇق، ئاچچىقنى تاتلىق ھېسابلايدىغان، ھەتتا ئۇلارنى يورۇتماقچى بولغان شامنى ئۆزلىرى دەرھال پۈۋلەپ ئۆچۈرىدىغان بولىدۇ.

ۋەھالەنكى، گەرچە قىيىنچىلىق قانچىلىك ئېغىر، كىرىزىس قانچىلىك چوڭقۇر بولسۇن، ھەرقانداق يوقىتىشمۇ،

**دانا ۋە ئاگاھ بولۇڭ**

ئېرىشىشمۇ مۇتلەق بولمايدۇ. يوقاتقانلارنىڭ قولدا بەكلا ئاز، يوشۇرۇن بولسىمۇ بەزى نەرسىلەر قالىدۇ. ئۇنى تاپالمىغانلىق يوقلۇقىدىن ئەمەس، كورلۇقتىن بولىدۇ. مەن مۇنداق بىر ھەقىقەتكە شەكسىز ئىشىنىمەن:

مەيلى ئادەم قانچىلىك ئىمكانسىز، ئامالسىز، بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالسۇن، ئۇنىڭغا يەنىلا يېڭىنىڭ تۆشۈكىدەك جايىدىن بولسىمۇ ئۈمىد شولىسى چۈشۈپ تۇرىدۇ. ئىشىك-دېرىزىلەر ئېتىلىپ قالسىمۇ، تۈڭلۈكنىڭ ئوچۇق قالىدىغانلىقى جاھاننىڭ بىر قانۇنىيىتىدۇر. دېمەك، قىيىنچىلىقتا قالغان ھەر قانداق ئادەم مۇتلەق ئىمكانسىز قالمايدۇ، ئەتراپىدا چوقۇم كىچىك ياكى چوڭ، ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن پۇرسەتلەر ئۇنى ساقلاپ تۇرغان بولىدۇ. ھېچبولمىغاندا، ئۇ ھايات، تېنى ساق، ئەقلىي-ھوشى جايىدا، نورمال پىكىر قىلالايدۇ.

ئەپسۇس، ئۆزگەرتىش ئىستىكىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر دىققىتىنى دائىم ئېتىلىپ قالغان، ھازىرچە ئېچىش مۇمكىن بولمايدىغان ئىشىك-دېرىزىلەرگىلا مەركەزلەشتۈرۈپ، تۈڭلۈكنى كۆرمەيدۇ. ئۆز ئىلكىدىكى ئىمكانىيەت-بايلىقلارنى قانداق قېزىش، پايدىلىنىشنىڭ ئورنىغا ئېرىشىش ئىمكانسىز بايلىقلارنىلا چۈشەپ، ئۆمرىنى ئىسراپ قىلىدۇ. قولىدىكى، كۆز ئالدىدىكى بايلىقلارنى تونۇمايدۇ، تونۇسىمۇ ئۇلارنى بەكلا ئاجىز، رولى يوق ھېسابلايدۇ. ھەر

دائىم يوقلۇقتىن، ئاجىزلىقتىن قاقشايدۇ. ئۆزلىرىنى
مۇتلەق ئىمكانسىز ھېس قىلىدۇ. ھالبۇكى، بۇ بىر قانۇن-
يەتنى، ئىسپاتلاپ تەلەپ قىلمايدىغان قانۇنىيەتنى ئىنكار
قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ، مەسىلە پۇرسەتنىڭ بار-يوقلۇقى
ئەمەس، ئۇنى بايقاش-بايقىيالماسلىق مەسىلىسىدۇر. يەنى
كۆزىمىزدىكى، دىتىمىزدىكى مەسىلىدۇر. ئوخشاش كىرد-
زىس، ئوخشىمىغان ئادەمگە ئوخشىمىغان كۆرۈنىدۇ. بەزى
ئادەملەر قاپقاراڭغۇ زۇلمەتتە يىڭنە تۆشۈكىدىن چۈشكەن
نۇرنى كۆرەلىسە، بەزىلەر ئەكسىچە نۇرنىڭ كىچىكلىكىدىن
ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىدۇ. بەزىلەر يېرىم ئىستاكان سۇنى
تېخى سۇ باركەنغۇ دەپ ئۈمىدلەنسە، بەزىلەر ئاران شۇن-
چىلىك قاپتۇ، دەپ ئۈمىدسىزلىنىدۇ. ئوخشاش مۇسىبەت
بەزىلەرنى ئويغاتسا، بەزىلەرنى ئۇخلىتىدۇ، ئوخشاش قىيىن-
چىلىق بەزىلەرنى ئىلگىرىلەتسە، بەزىلەرنى چېكىندۈرىدۇ،
ئوخشاش تاياق بەزىلەرنى غەزەپ-نەپرەت، كۈچ-قۇۋ-
ۋەتكە تولدۇرسا، بەزىلەرنى قورقۇنچ-ئۈمىدسىزلىككە پا-
تۇرىدۇ، خۇددى ئوخشاش يامغۇردىن بەزى زېمىن كۆك-
رىپ، بەزى زېمىن زەئىپلىشىپ كەتكەندەك، شۇنىڭدەك
ئوخشاش زەربە بەزى مىللەتلەرنى ھالاك قىلسا، بەزى مىل-
لەتلەرنى تىرىلدۈرىدۇ.

دېمەك، تاشقى دۇنيانىڭ ئوخشاش غىدىقلاشلىرى
ئوخشىمىغان ئىنساندا ئوخشىمىغان ئىنكاس پەيدا قىلىدۇ.
ئۆزىنى، ئۆزىدىكى بايلىقنى تونۇيالىغان، قىممىتىنى ھېس
قىلالىغان، ئۆزىنىڭ كىرىزىسنى، مۈشكۈلاتلىرىغا ئاكتىپ
روھىي ھالەتتە، ئۈمىدۋار يۈزلىنەلىسە، ئۇلارنى تونۇمىغان-
لار ئۆز كىرىزىسىدىن باتاپ، قاخشاپ، ئۆز ئىرادىسىنى
سۇندۇرىدۇ. ھەتتا ئېغىرراق بولغاندا، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى
بىلەن كىرىزىسنى ئۆزگەرتىش ئارزۇ-ئىستەكلىرىدىن
تولۇق ۋاز كېچىدۇ، ئۆزگەرتىشنىڭ ئاكتىپ ئىشتىراكچىسى
ئەمەس، پاسسىپ كۈتكۈچىسى بولۇشنى تاللايدۇ.

خۇلاسە شۇكى، مەيلى بىر ئادەم ياكى بىر قوۋم قاند-
چىلىك ئېغىر قىيىنچىلىقتا قالسۇن، پۇرسەتتىن، ئىمكانىيەت-
تىن مۇتلەق مەھرۇم قىلىنمايدۇ. ئۇلارغا يەنىلا ئاز بولسا-
مۇ مەلۇم ئىمكان-بايلىقلار بېرىلگەن بولىدۇ. مۇشۇ مەنە-
دىن ئېيتقاندا، ئۆزگەرتىشنىڭ تۈنجى قەدىمى ھەرگىزمۇ
مەۋجۇت رېئاللىقتىن قاخشاش، ئۇنىڭدىن قېچىش بىلەن
ئەمەس، بەلكى، ئۆزىگە بېرىلگەن شۇ بايلىقلارنى بايقاش،
قېزىش، پايدىلىنىش بىلەن باشلىنىدۇ. ئۆزىگە بېرىلگەن
ئىمكانىيەتنى بايقىيالمىغان ئادەمنىڭ ئۆز قىسمىتىدىن
قاخشاش ھەققى يوق. باشقىچە ئېيتقاندا، ھەرقانداق ئۆز-
گەرتىش-ئىسلاھات ئەڭ دەسلەپتە ئۆزىدىكى بايلىق-
ئىمكانلارنى تونۇش، پايدىلىنىشتىن باشلىنىدۇ، شۇ ئارق-
لىق مۇھىتقا تەسىر كۆرسىتىپ، ئىمكانىيەتنى يەنە بىر
قەدەم كېڭەيتىدۇ. ئۆز ئىمكانىيىتىدىن تولۇق پايدىلانغان-
سېرى، كۈچەيگەنسېرى، ئۇنىڭ پۇرسەت ئىشىكلىرى ماس
قەدەمدە كۆپىيىپ ماڭىدۇ. ئادەم بىلەن مۇھىتنىڭ مۇناس-
ۋەتى قوش يۆنىلىشلىك بولىدۇ، ئادەم مۇھىتنىڭ تەسىرىگە
ئۇچرايدۇ، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە مۇھىتنىمۇ تەسىرگە ئۇچرىتى-
دۇ. ئىمكانىيىتىنىڭ كېڭىيىشى ۋە كۈچىنىڭ زورىيىشىغا ئە-
گىشىپ، ئاندىن تاشقى مۇھىتنى كۈچىگە لايىق ئۆزگەرتىش-
كە ئۇرۇنىدۇ. ئۆزىنى ۋە ئۆز توپىنى ئۆزگەرتىشنى ياكى
مۇشۇنداق بىر ئۆزگەرتىشكە ھەسسە قوشۇشنى ئويلايدى-
غان بىر ئادەم ئوخشاشلا ئاۋۋال مەن نېمە قىلالايمەن؟
مەندە نېمىلەر بار؟ دېگەن سوئاللارنى ئۆزىدىن سورايدۇ
ۋە شۇنىڭ جاۋابىنى ئىزدەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاۋۋال ئۆ-
زىنى ئەنە شۇ قىيىنچىلىقلارنى يېڭەلەيدىغان بىر لاياقەتلىك
ئادەم قىلىپ تەييارلاشقا تىرىشىدۇ، مانا مۇشۇنىڭ ئۆزى
ئۆزىنى ئۆزگەرتىشتۇر، مانا مۇشۇ ھەر بىر شەخسنىڭ
يەككە-يەككە ھالەتتە ئۆزىنى ئۆزگەرتىشى ۋە تەييارلىشى
چوڭ ئۆزگىرىش، چوڭ ئىسلاھاتنىڭ تۈنجى قەدىمىدۇر.

بىز مەزكۇر ماقالىمىزدە دەل ئۆزىنى ئۆزگەرتىش
دېگەن مەسىلە ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزىمىز. مەن بۇنىڭ-
دا ئۆزىنى ئۆزگەرتىش دېگەننى ئۆزىنى باشقۇرۇش دېگەن
سۆزگە ئۆزگەرتتىم. چۈنكى مېنىڭ قارىشىمدا، ئۆزگەرتىش
بىر ياكى ئىككى قېتىملىق پائالىيەت، قارىماققا تېزلا ئەمەل-
گە ئاشىدۇ، ئەمما، ئۇ ئىزچىللىققا ئىگە بولالمىسا، تېزلا
خېمىغا يانىدۇ. مەسىلەن: بىز ئورۇقلاشنى مىسالغا ئالايلى:
دوختۇر تۈزۈپ بەرگەن رېتسېپنى باشلاش بەك ئوڭاي،
ئەمما داۋاملاشتۇرۇشچۇ؟ ئەلۋەتتە، داۋاملاشتۇرۇش باش-
لاشتىن قىيىن، پەقەت داۋاملاشتۇرغاندىلا ئورۇقلىغىلى بو-
لىدۇ، يەنى، ئۆزگەرتىش ئەمەلگە ئاشىدۇ، داۋاملاشتۇرۇش-
قا بولسا، ئۆزىنى باشقۇرۇش بىلەنلا كاپالەتلىك قىلغىلى بو-
لىدۇ. دېمەك، شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئۆزىنى ئىسلاھ
قىلىش، ئۆزگەرتىش ئۆزىنى باشقۇرۇش بىلەن ئاندىن
ئىشقا ئاشىدۇ. يەنى، ئېغىزىمىزدىكى نۇرغۇن ئۇلۇغ ھەق-
قەت-غايىلەر پەقەت ۋە پەقەت ئۆزىمىزنى ئۈنۈملۈك باش-
قۇرغاندىلا، ئاندىن ئەمەلگە ئاشىدۇ. مەن مەزكۇر ماقالى-
دە، ئۆزىنى باشقۇرۇشنىڭ بىر قانچە قاتلىمى ھەققىدە مۇلا-

…هنزە يۈرگۈزىمەن. ئوقۇرمەنلەر بىرەر جۈملىدىن بولسىمۇ ئىلھام ئالالىسا، يىپ ئۇچى تاپالىسا مەن چەكسىز مەمنۇن بولىمەن.

### 1. قەلبنى باشقۇرۇش

ئاۋۋال ئەسكەرتىشكە تېگىشلىكى، مەزكۇر ماقالىدە مەن «قەلب» ئىبارىسىنى ئىرادە، كەيپىيات، پوزىتسىيە، ئېتىقاد، نەپس-خاھىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭرى بىر ئۇقۇم سۈپىتىدە قوللىنىمەن. مەن بۇلارنى قەلب ئۇقۇمى ئىچىگە سىغدۇرغىلى بولىدۇ، دەپ قارىدىم.

روشەنكى، ھەرقانداق بىر ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ ئاۋۋال ياخشى ئادەم بولۇش ئەڭ ئەقەللىي بىر تەلەپ ھېسابلىنىدۇ. بىر ئۆز ھالىنى ئۆزگەرتمەكچى بولغان كىشى ئۈچۈنمۇ، ئۇنىڭ ئەقەللىي ئادىمىلىك پەزىلەتلىرىنى ھازىرلاپ، بىر دۇرۇس ئادەم بولۇشى، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلاھاتنىڭ تۈنجى، ئەمما ئەڭ ماھىيەتلىك قەدىمى ھېسابلىنىدۇ. ئادەمنىڭ ياخشى ياكى يامان بولمىقى بولسا دەل قەلب بىلەن بولىدۇ. يەنى ئادەم قەلبى بىلەن پەرىشتە، قەلبى بىلەن ئالۋاستى بولالايدۇ. شۇڭلاشقا، ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ ئاۋۋال بىر ساغلام قەلب بولۇشى زۆرۈر. چۈنكى، ئىنسان قەلبى تۈزەلگەندىلا، ئاندىن ھەقىقىي مەنىدە ئىسلاھ بولىدۇ. قەلبنى تۈزەش بولسا قەلبنى باشقۇرۇش ئارقىلىق كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ. مېنىڭچە قەلبنى باشقۇرۇش ئومۇمەن مۇنداق ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(1) قەلبنى پاكىز تۇتۇش

بۇ دېگەنلىك، ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، ئاق كۆڭۈل بولۇش، قارا كۆڭۈل بولماسلىق دېگەنلىكتۇر. ئىنسان ئۈچۈن قەلبىنىڭ پاكىزلىقى ئۇنىڭ پۈتۈن ئەخلاق-پەزىلىتىنىڭ ئۇلى-يادروسى ھېسابلىنىدۇ. قەلبى قارا، ئەمما ئۆزى دۇرۇس بىر ئادەمنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى تەسەۋۋۇرغا سىغدۇرغىلى بولمايدۇ. بىر ئادەمنى ئاخىرقى ھېسابتا ياخشى ياكى يامانلار قاتارىغا ئايرىيدىغان ئاداققى ئۆلچەممۇ شۇ كىشىنىڭ قەلبى ھېسابلىنىدۇ. ئادەمنىڭ ئەخلاقى، ئادىمىلىكى دەل شۇ پاكىز قەلب ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ. كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئىنساندىكى بارلىق ياخشىلىقنىڭ مەنبەسى پاكىز قەلب ھېسابلىنىدۇ.

خۇددى كىيىم-كېچەك كىرلىشىپ، ئۆي ئەخلەت بولۇپ تۇرغاندەك قەلبىمۇ كىرلىشىدۇ، چاڭ-توزان قونىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، كىيىمنى يۇيۇپ، ئۆينى تازىلاپ تۇرغاندەك قەلبىمۇ پات-پات تازىلىنىشقا، يۇيۇلۇشقا موھتاج. يەنە تازىلانماي تاشلىۋېتىلگەن كوچىمۇ ئاخىر ئەخلەتخانىغا ئايلىنىپ كەتكەندە، قوغدالمىغان، تازىلىنىپ تۇرمىغان قەلبىمۇ ھەق-ناھەق، گۈزەللىك-رەزىللىكنى سېزەلمەس، خورلۇق-ھۆرلۈكنى پەرق ئېتەلمەس، ئازابلانماس دەرىجىدە قارىيىپ، دات بېسىپ كېتىدۇ. دېمەك، قەلب يۇيۇلۇپ تۇرۇش ئۈچۈن سوپۇنغا، سۈپۈرۈلۈپ تۇرۇش ئۈچۈن سۈپۈرگىگە، قوغدىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن بىر مۇھاپىزەتچىگە موھتاج بولىدۇ. ئېتىقاد بولسا دەل مۇشۇ ۋەزىپىنى ئادا قىلىدۇ. يەنى قەلبنىڭ پاكىزلىقى ئېتىقادنى شەرت قىلىدۇ. ئادەمنىڭ قەلبىدىكى نەپس-خاھىش دائىم ئادەمگە ئاقنى قارا، زىياننى پايدا، ھارامنى ھالال قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ئادەمنى دائىم يامان ئىشقا سۆرەيدۇ. مانا مۇشۇنداق چاغدا، ئېتىقاد دەرھال نەپسكە جەڭ ئېلان قىلىپ، ئۇنى مۇئەييەن قىزىل سىزىق ئىچىدە چەكلەپ تۇرىدۇ.

يۇقىرىقىلارنى خۇلاسە قىلغاندا، قەلبنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ بىرىنچى قەدىمى قەلبنى ئېتىقاد ئارقىلىق داۋاملىق پاكىز ساقلاشتۇر. قەلبنى باشقۇرۇشنىڭ بۇ قاتلىمىدا ئادەمنىڭ دۇرۇسلۇقىغا ئاساس سېلىنىدۇ.

(2) قەلبنى كۈچلۈك ساقلاش. يۇقىرىقى مۇلاھىزىدىن بىز ئۆزىنى ئىسلاھ قىلماقچى بولغان بىر ئاق كۆڭۈل، سەممىي ئادەم بولۇشى كېرەك، دېگەن يەكۈنگە كەلدۇق. ھالبۇكى، كىرىزىستىن قۇتۇلۇش، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشتە سەممىيلىك، ئاق كۆڭۈللۈكلا يېتەرلىك ئەمەستۇر. شۇ ئېنىقكى، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش، ھالىمىزنى ئىسلاھ قىلىش پۈتۈنلەي جاپا-مۇشەققەتكە تولغان بىر يول. بۇ يولدىكى ھەر بىر قەدەم تالاي قان-تەر بەدىلىگە ئېلىنىدۇ. ئېغىر بېسىم، تەكرار مەغلۇبىيەت، تەرەپ-تەرەپتىن سېپىلىپ تۇرىدىغان سوغۇق سۇ...... قاتارلىقلار دائىم روھىمىزنى سۇندۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ تۇرىدۇ. مانا مۇشۇلارغا يۈزلىنىشتە قەلب ساپ بولسىلا يېتەرلىك ئەمەس، بۇ چاغدا بىز كۈچلۈك بىر قەلبكە موھتاج بولىمىز. بىز مۇشۇنداق بىر كۈچلۈك قەلب بىلەن ھەر خىل قىيىنچىلىقلارغا يېڭىلسەكمۇ مەغلۇپ بولمايمىز، يولىمىزدا تەۋرەنمەي مۇستەھكەم تۇرالايمىز، نىشانىمىزدىن ۋاز كەچمەيمىز، مۇشۇنداق بىر قەلب دائىم بىز يىقىلغاندا، ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىغاندا، يالغۇز قالغاندا، ئۈمىدسىزلەنگەندە، غېرىبسىنغاندا بىزگە تەسەللى، كۈچ-مەدەت بېرەلەيدۇ، ئورنىمىزدىن تارتىپ تۇرغۇزالايـ

دۇ. مۇشۇنداق كۈچلۈك قەلب بىزنى دۇنياغا ئاكتىپ پوزىتسىيە، ئۈمىدۋارلىق بىلەن يۈزلەندۈلەيدۇ. مەن باشتا ئوخشاش بىر ھادىسىگە، ئوخشىمىغان كىشىلەرنىڭ ئوخشىمىغان پوزىتسىيە، مۇئامىلىدە بولىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغانىدىم. مانا بۇ دەل كىشىلەرنىڭ قەلبى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئاكتىپ قەلبلىك كىشىلەر دۇنياغا ئۈمىد-ئىشەنچ بىلەن يۈزلىنەلەيدۇ، قىيىنچىلىق، جاپا-مۇشەققەتلەرگە ۋايسىمايدۇ، ئاسان تىز پۈكمەيدۇ، قىيىنچىلىقلارنى ئۆزىگە توسالغۇ ئەمەس، پەلەمپەي قىلالايدۇ. قاپقاراڭغۇ جايلاردىمۇ ئۈمىد نۇرىنى كۆرەلەيدۇ، مەغلۇبىيەتلىرىگە باھانە ئەمەس، چارە ئىزدەيدۇ، كىشىلەرنىڭ تەنقىد-چۈكۈرۈشلىرىگە سوغۇققانلىق بىلەن يۈزلىنەلەيدۇ، ئۆزىنى يوقىتىپ قويمايدۇ، ياشلىرىنى ئېرتىۋېتىپ، قانلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، يارىلىرىنى تېڭىۋېتىپ يولىنى داۋام قىلالايدۇ. ئەكسىچە پاسسىپ قەلبلىك كىشىلەر بولسا، ئىشنىڭ قاراڭغۇ تەرىپىنىلا كۆرىدۇ، يولۇققان مەسىلە-قىيىنچىلىقلاردىن داۋاملىق قاخشايدۇ، ئاسان بەل قويۇۋېتىپ پۇرسەتنى كۆرمەيدۇ، باشقىلاردىن كەلگەن ئازار-ئەرزىيەتلەردىن روھىنى تۈگەشتۈرۈۋالىدۇ. بۇنداق پاسسىپ قەلبلىك كىشىلەردە ئىرادە-ھىممەت ئاجىز بولىدۇ. ھەممە مەسىلىنىڭ سەۋەبىنى تاشقى دۇنيادىنلا ئىزدەپ، ئۆزىنى تەكشۈرمەيدۇ. كىچىككىنە تەنقىد، سوغۇق مۇئامىلىدىن ئوڭايلا ئۈچۈقۈپ كېتىدۇ. باشقىلارغا تايانغاندىلا ئاندىن بىخەتەر ھېس قىلىدۇ. يۇقىرىقىلاردىن شۇ ئايان بولىدۇكى، ئۆزگەرتىش-ئىسلاھات يولىغا ماڭغان كىشىنىڭ قەلبى پاكىز، ئاق بولسىلا كۇپايە ئەمەس. بىر ئادەمنىڭ ئاق كۆڭۈل، دۇرۇسلۇقى ئۇنىڭ ئۆز مەسىلە-كىرىزىسلىرىنى ھەل قىلىشىمۇ ئىقتىدارلىق ئىكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. شۇنداقلا بۇ يولدىكى كۈتكەن-كۈتمىگەن ۋەقە-ھادىسىلەرگە پاكىز قەلب بىلەنلا تاقابىل تۇرغىلى بولمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن قەلب كۈچلۈك بولۇشى كېرەك. مېنىڭ ئاكتىپ قەلب دېگىنىم دەل كۈچلۈك قەلب شۇدۇر.

قەلبنىڭ پاكىز تۇرۇشىدا ئېتىقاد ئاچقۇچلۇق بولغىنىدەك، قەلبنىڭ كۈچلۈك-ئاجىز بولۇشىمۇ ئېتىقاد تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. يەنى، ئېتىقاد قەلبكە كۈچ بېرىدۇ، ئۇنى تۈگىمەس ئېنېرگىيە بىلەن تەمىنلەپ تۇرىدۇ. يۇقىرىدا بىز قەلبنى پاكىز تۇتۇش ئارقىلىق ئادەمنىڭ دۇرۇسلۇقىغا ئاساس سېلىنىدۇ دېگەنىدۇق، قەلبنى كۈچلۈك تۇتۇش بىلەن بولسا، ئادەمنىڭ ئىرادىسى، قابىللىقىغا ئاساس سېلىنىدۇ، قەلبنى باشقۇرۇشتا، بۇ ئىككىلا تەرەپ تەڭ تۇتۇلۇشى لازىم، قايسى كەم بولسا قەلبنى باشقۇرۇش كەمتۈك، نەتىجىسىز بوپقالىدۇ.

يۇقىرىقىلارنى خۇلاسە قىلغاندا، ياخشى باشقۇرۇلغان بىر قەلب، بىزگە مۇنداق نەرسىلەرنى بېرىدۇ:

بىرىنچىدىن، بىزگە نىشانىمىزنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، قەلب ئېتىقاد بىلەن ئاندىن ياخشى باشقۇرۇلىدۇ. ئېتىقاد بولسا ئىنساننى ئېتىقادىنىڭ تەلپىگە ماس بىر نىشان بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. شۇندىلا ئىنسان ھاياتىدا مەنە پەيدا بولىدۇ. چۈنكى، نىشانسىز ھايات-مەنزىلسىز سەپەردۇر، مەنىسىزدۇر، قىممەتسىزدۇر.

ئىككىنچىدىن، ئۆلچەم.

بۇنىڭ بىلەن ھاياتىمىزدا بىز رىئايە قىلىدىغان بىر مىزان پەيدا بولىدۇ. بىز بۇ مىزان بىلەن ئادەملەرنى، ئىش-ھادىسىلەرنى ئۆلچەيمىز، باھا بېرىمىز، ھەر شەيئى ھەققىدە ئۆز مەۋقە-مەيدانىمىزنى بېكىتىۋالىمىز. گۈزەللىك-رەزىللىك، ھەق-ناھەق دېگەنلەرنىڭ پەرقى ھەققىدە تۇراقلىق تونۇش بەرپا قىلىۋالىمىز. بۇ مىزان بىلەن كىم ئىكەنلىكىمىزنى، كىم ئەمەسلىكىمىزنى بىلىۋالىمىز، ھەر شەيئى ھەققىدە ئوچۇق پوزىتسىيە تۇتۇشىمىز بولىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، ئىرادە

تەكرار-تەكرار يىقىلغاندا، يىقىتىلغاندا روھىمىز سۇنىدۇ، قەلبىمىزنى مەيۈسلۈك قاپلايدۇ. مۇشۇنداق پەيتلەردە بىز پەقەت قەلب تەمىنلىگەن ئىرادە بىلەنلا ئورنىمىزدىن تۇرالايمىز، ئازار-ئەزىيەت، جاپا-مۇشەققەتلەرگە دادىل يۈزلىنەلەيمىز. يولىمىزنى داۋام ئېتەلەيمىز. ئىرادە پەيدا قىلالمىغان قەلبنىمۇ ياخشى باشقۇرۇلغان قەلب دېگىلى بولمايدۇ. بۇ ئىرادە بىلەن كەيپىياتىمىزنى كونترول قىلالايمىز، پسىخىكىمىزنى تۇراقلاشتۇرالايمىز.

خۇلاسە قىلغاندا، قەلبنى باشقۇرۇش ئۆز ھالىمىزنى ئۆزگەرتىشكە تاشلانغان تۇنجى ۋە ئەڭ ماھىيەتلىك قەدەم، شۇنداقلا كېيىنكى قەدەملىرىمىزنىڭ ئاساسى. بۇ قەدەم مۇۋەپپەقىيەتلىك بولماي، كېيىنكى قەدەملەردىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس، قەلب بىزنىڭ ھېچكىم مۇداخىلە قىلالمايدىغان ئەڭ ئەركىن رايونىمىز، ئەڭ قىممەتلىك بايلىقىمىزدۇر. تۆۋەندە بىز ئەمدى نىشان ھەققىدە سۆزلەيمىز. قەلب باشقۇرۇلۇشقا موھتاج بولغاندەك نىشانمۇ باشقۇرۇلۇشقا موھتاجدۇر.

### 2. نىشان باشقۇرۇش

يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، قەلب ياخشى باشقۇ-

رۇلغاندىلا بىز نىشاندىن سۆز ئاچالايمىز. چۈنكى، ئۇ قەلبنىڭ نەتىجىسى. بىر ئادەمنىڭ هاياتىنىڭ قىممىتى، مەنىسى شۇ ئادەمنىڭ نىشانى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئادەمنىڭ ئۇلۇغلۇقى ئۇنىڭ نىشانىنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن كېلىدۇ. شۇ ئۇلۇغ نىشانلارغا بېغىشلانغان هايات جەريانىدىن ئاندىن قىممەت، مەنە بارلىققا كېلىدۇ.

تۆۋەندە بىز نىشان ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەر ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

نىشان قەلبتىن تۇغۇلىدۇ، ئېتىقادنىڭ تەبىئىي تەقەززاسى. ئەگەر ئېتىقاد ئۆز ئىگىسىگە بىرەر نىشان كۆرسىتىپ بېرەلمىسە، ئۇنىڭ ئېتىقادى يالغان بولىدۇ ياكى ئۇ ئېتىقادىنى ئوبدان چۈشەنمىگەن بولىدۇ. ئېتىقاد كۆرسەتكەن نىشان بىلەن كارى بولماسلىق ئېتىقادقا قىلىنغان ئاسىيلىقتۇر. يەنە بىر تەرەپتىن، بىز مۇهاكىمىمىزنىڭ بېشىدىلا ئۆز هالىنى ئۆزگەرتمەكچى بولغانلارنىڭ قەدەمنى ئاۋۋال ئۆزىنى باشقۇرۇشتىن ئېلىشى كېرەكلىكىنى سۆزلىدۇق. بۇ دېگەنلىك بولسا، ئەنە شۇ كىرىزىس ئىچىدىكىلەرنىڭ كىرىزىستا ئەمەسلەر ياشىغان تۇرمۇش ئۇسۇلى، قېلىپىدا ياشىشى توغرا ئەمەس. ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىدا، ئۇلارنىڭ كىرىزىس ئېڭى، ئۆزگەرتىش تەشنالىقى ئەمەلىي هەرىكەت بىلەن ئەكس ئېتىشى كېرەك، دېگەنلىكتۇر.

گەرچە كىشىلەر كىرىزىستىن قۇتۇلۇشتىن ئىبارەت ئاخىرقى نىشاندا ئورتاق بولسىمۇ، بۇ ئاخىرقى نىشانغا يەتكۈچە بولغان يولدىكى باسقۇچلۇق نىشانلاردا خىلمۇخىل بولىدۇ. كىشىلەر ئۆز ئەمەلىيىتى، ئىقتىدارى، ئارزۇ-هەۋەسلىرىگە ئاساسەن هەر خىل نىشانلارنى بېكىتىپ ياشايدۇ. شۇڭلاشقا، نىشان هەققىدە بەزى مەسىلىلەرنى بىلىشى كېرەك.

(1) ئاخىرقى نىشان بىلەن باسقۇچلۇق نىشاننى پەرقلەندۈرۈش ۋە ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى چۈشىنىش.

ئاۋۋال تۇراقلىق، بىر ئاخىرقى نىشان زۆرۈر، ئۇ بىزگە باشتىن-ئاخىر تەۋرەنمەيدىغان بىر ئاداققى پەللىنى، يۆنىلىشنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەمما بىز بۇ ئاخىرقى نىشان هەققىدە ئىنچىكە ئويلانغىنىمىزدا، ئۇنىڭ نۇرغۇنلىغان كىچىك، باسقۇچلۇق نىشانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى، پەقەت مۇشۇ باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتكەندىلا، ئاخىرقى نىشانغا يەتكىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىمىز. هەتتا ئاشۇ باسقۇچلۇق نىشانمۇ يەنە ئۆز ئىچىدىن يەنە نۇرغۇن ئۇششاق باسقۇچلارغا بۆلۈنۈپ كېتىشى مۇمكىن. بىر مىسال ئالايلى:

سىز خەلققە خىزمەت قىلىشنى ئاخىرقى نىشان قىلدىڭىز دەيلى، بۇنداقتا سىز مۇنداق بىر قانچە مەسىلىنى تەرتىپ بىلەن هەل قىلىسىز.

① نېمە ئىش بىلەن خىزمەت قىلىش ← ئىلىم بىلەن.

② ئۇنداقتا قەيەردە قانچىلىك ئوقۇپ؟ ← ئامېرىكىدا دوكتورلۇق.

③ ئامېرىكىدا دوكتورلۇق ئوقۇش ئۈچۈن قانداق شەرتلەرنى هازىرلاش لازىم؟ ← چەت ئەل تىلى ئۆتكىلى.

④ بۇنىڭ ئۈچۈن ئىنگلىز تىلى ئۆگىنەي، ئەمىسە قەيەردە ئۆگىنىمەن، قانچىلىك ۋاقىتتا ئۆگىنىپ بولىمەن؟

⑤ كۇرسلاردا ئۆگىنىمەن، تەخمىنەن ئۈچ يىلدا. ئۇنداقتا بۇ ئۈچ يىللىق ۋاقىتنىڭ ئىچىدە تۇنجى يىلى قانچىلىك سەۋىيەگە يېتىمەن، بۇنچىلىك سەۋىيەگە يېتىش ئۈچۈن، قانچىلىك ۋاقىت سەرپ قىلىمەن؟ قانچىلىك سۆز يادلايمەن؟

⑥ 2-، 3-يىللىرىچۇ؟... دېمەك، مۇشۇ بويىچە پارچىلىساق، ئەڭ ئاخىرقى خەلققە خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت بىر نىشان مانا مۇشۇنداق نۇرغۇنلىغان كىچىك باسقۇچلارغا بۆلۈنۈپ كېتىدىغانلىقىنى بايقايمىز.

دېمەك، خەلققە ئىلىم بىلەن خىزمەت قىلىش ئەڭ ئاخىرقى نىشان بولسا، چەت ئەل تىلى ئۆتكىلى بىر باسقۇچلۇق نىشان هېسابلىنىدۇ. بۇ نىشانمۇ ئۇنىڭ ئاستىدىكى باسقۇچلارغا نىسبەتەن بىر ئاخىرقى نىشانغا ئايلىنىدۇ، بۇ نىشانغىمۇ هەر مەۋسۇملۇق، هەر يىللىق نىشانلارنى بېسىپ ئۆتكەندە ئاندىن يەتكىلى بولىدۇ. ئوبرازلىقراق ئېيتقاندا، ئاخىرقى نىشانىمىز 20-قەۋەتكە چىقىش بولسا، ئاستىدىكى هەر بىر قەۋەت بىزنىڭ باسقۇچلۇق نىشانىمىز هېسابلىنىدۇ. ئەسكەرتىشكە تېگىشلىكى شۇكى، ئاخىرقى نىشان بىلەن باسقۇچلۇق نىشانلار چوقۇم بىردەك بولۇش، ئاخىرقى نىشاندىن تەۋرەنمەسلىك، يولدىكى ئېزىتقۇ نىشانلارنىڭ كەينىگە كىرمەسلىك لازىم.

(2) نىشان ئېنىق، كونكرېت بولۇش لازىم.

ئاخىرقى نىشان ئادەتتە بىر قەدەر ئابستراكت، تۇتۇق بولىدۇ. نىشان قانچە ئېنىق، سۈزۈك، كونكرېت بولسا، هەرىكەت شۇنچە قاراتمىلىققا ئىگە، نەتىجىلىك، ئۈنۈملۈك بولىدۇ. ئابستراكت نىشان هەرىكەتكە ئۈنۈملۈك يېتەكچىلىك قىلالمايدۇ، ئۇنى ئەنە شۇنداق نۇرغۇنلىغان باسقۇچلۇق نىشانلارغا بۆلۈۋەتكەن. ئاندىن ئۇ هەرىكىتىمىز

ئېنىق پىلانغا، پروگراممىغا ئىگە بولىدۇ.

دېمەك، نىشان بىز چوقۇم ئېنىق تەسەۋۋۇر قىلالايدىغان دەرىجىدە ئېنىقلىقتا، كونكرېتلىقتا ئىگە بولۇشى لازىم. نىشاننى كونكرېتلاشتۇرالماسلىق ماھىيەتتە ئاخىرقى نىشاننىڭ تەلپىنى چۈشەنمەسلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بىز كىشىلەرنىڭ ئېغىزىدىن دائىم ئۇلۇغ غايە-نىشانلارنى چۈشۈرمەيدىغانلىقىنى ئاڭلايمىز، ئەمما ئۇلارنىڭ كۈندىلىك ئىش-ھەرىكىتىدىن بۇ نىشاننىڭ تەسىرى، ئىزىنى كۆرەلمەيمىز. چۈنكى، ئۇلار ئۇ ئاتالمىش ئۇلۇغ نىشاننى باسقۇچلۇق كىچىك نىشانلارغا بۆلەلمىگەن، شۇنىڭ بىلەن نىشانى ھەرىكەتكە يېتەكچىلىك قىلالمايدىغان تەتۈر مەنتىقە شەكىللەنگەن.

ئادەم ئۆزى ئېنىق تەسەۋۋۇر قىلىپ، كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلمىگەن ئىشنى ۋۇجۇدقىمۇ چىقىرالمايدۇ. بىز ئاخىرقى نىشان بىلەن باسقۇچلۇق نىشانلارنى ئېنىق ئايرىۋالساق ھەمدە ئىككىسى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تولۇق چۈشەنسەك، ئاندىن نىشانىمىز ئېنىقلىقتا، كونكرېتلىقتا ئىگە بولىدۇ، ئاندىن ئوقنى نىشانلىق ئاتالايمىز، قۇشقاچنى پىلموتتا ئېتىپ يۈرىدىغان ئەخمەقلىقتىن ساقلىنالايمىز.

(3) نىشان ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.

ئىنسان سۇبيېكتىپ خاھىشقا ئىگە مەخلۇق بولغاچقا، ھاۋايى-ھەۋەسلىرىنىڭ كۈچلۈك تەسىرى ئاستىدا بولىدۇ. نىشان تاللىغاندا بۇ خاھىشلار مۇقەررەر تەسىر كۆرسىتىدۇ، بەلكىم بەزىدە تولىمۇ ئەمەلىيەتتىن يىراق ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن ئەمەس، بىر ئىشنى تاللاپ قېلىشىمىز، يەنە بەزىدە ئۆزىمىزنىڭ ھەۋىسىنىلا چىقىش قىلىپ تاللاپ قېلىشىمىز مۇمكىن. گەرچە نىشان تاللاشتا، شەخسنىڭ خاھىشى بەكلا مۇھىم ئورۇندا تۇرسىمۇ، ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەكچى بولغان كىشىگە نىسبەتەن خاھىشنىلا ئاساس قىلىپ، تاشقى ئېھتىياجنى، شەرت-شارائىتنى نەزەردىن ساقىت قىلىشى ئاقىلانىلىك ئەمەس. مەسىلەن: سىزنىڭ ئائىلىڭىز نامرات، قىيىنچىلىق ئىچىدە، سىز پۇلغا بەك ئېھتىياجلىق، ئەمما سىز ئانچە بەك پۇل تاپقىلى بولمايدىغان بىر كەسىپنى ياقتۇرۇشىڭىز مۇمكىن، گەرچە بۇ سىزنىڭ نۇقتىڭىزدىن ئويلىغاندا، توغرا بولسىمۇ، ئەمەلىيەت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا توغرا بولمايدۇ. بولۇپمۇ كىرىزىستىن قۇتۇلماقچى بولغان ئادەم ئۈچۈن، ئۇنىڭ نىشان تاللىشى، كىرىزىستىن قۇتۇلۇشتىن ئىبارەت ئاخىرقى نىشانغا ماس بولۇشى، شۇنىڭغا خىزمەت قىلىشى كېرەك. سۇغا چۈشۈپ كەتكەن ئادەمنىڭ ئاخىرقى نىشانى قىرغاققا چىقىش، شۇڭا ئۇنىڭ ئاشۇ ۋاقىتتا، ئۇنى سۇدىن قۇتقۇزۇشقا ياردىمى يوق نىشان تاللىشى ئىنتايىن ھاماقەتلىك، ئۆز ھالىنى چۈشەنمىگەنلىكتۇر.

شۇڭلاشقا، ئەمەلگە ئېشىش ئىمكانىيىتى تۆۋەن ياكى يوق، ئوبيېكتىپ شەرتلەر ئۈستىگە قۇرۇلمىغان نىشان قانچە يالتىراق، جەلپكار بولسۇن، ھېچقانداق قىممىتى يوقتۇر. ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان نىشان ئادەمنىڭ ئۆمرىنى، زېھنىنى ئىسراپ قىلىدۇ. شۇڭا نىشاننى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن تاللاشتا مېنىڭچە تۆۋەندىكى تەرەپنى نەزەرگە ئېلىش زۆرۈر.

بىرىنچىدىن، ئادەم ئاۋۋال ئۆزىنى ئوبدان دەڭسەشى، ئۆزىگە بېرىلگەن ئىقتىدار-ئىمكانلارنى مۇۋاپىق مۆلچەرلىيەلىشى كېرەك. ئادەمنىڭ ئىقتىداردىن ھالقىپ كەتكەن نىشاننىڭ ئادەمنى قىيناشتىن باشقا رولى بولمايدۇ، ئۇ ئادەمگە نىسبەتەن كۈچكە ئەمەس، يۈككە ئايلىنىدۇ. ھەرقانداق نىشان شۇ ئادەمنىڭ ئىلكىدىكى ماددىي، مەنىۋى ئىمكان-بايلىقلىرى ئۈستىگە قۇرۇلمىسا، ئاخىرقى ھېسابتا ئۇ بىر قۇرۇق گەپكە ئايلىنىدۇ. شۇڭلاشقا، ئادەم ئۆزىگە رەھىمسىزلىك بىلەن يۈزلىنىپ، تولىمۇ سوغۇققان ئويلىنىپ مەن مۇنداق ئىشلارنى قىلالىشىم مۇمكىن، مۇنداق ئىشلارنى ھەر قانچە تىرىشسامىمۇ قىلالمايمەن، دەپ ئېنىق ئايرىۋېلىش كېرەك. ئادەمنىڭ نۇرغۇن مەغلۇبىيىتى ئۆزىنى ئوبيېكتىپ دەڭسىيەلمىگەنلىكىدىن كېلىپ چىقىدۇ. بىز بەزى ئىشلارنى تىرىشساق ئۆگىنەلەيمىز، قىلالايمىز، ئەمما بەزى ئىشلارغا بىر ئۆمۈر تىرىشساقمۇ تازا ياخشى قىلالمايمىز. بويى پاكار بىرى ھەر قانچە مەشىق قىلسىمۇ مايكول جوردانەك ۋاسكېتبولچى بولالمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ 1 مېتىر 98 سانتىمېتىرلىق بويى يوق، شۇنىڭدەك 1 مېتىر 98 سانتىمېتىرلىق بويى بار بىرى مەشىق قىلماي تۇرۇپمۇ يەنىلا مايكول جوردان بولالمايدۇ.

دېمەك، بىر ئادەم نىشاننى بېكىتىشتىن ئىلگىرى ئۆزىدىكى ماددىي مەنىۋى دەسمايىسىنى ئوبدان چۈشىنىشى، مۆلچەرلىشى، نىشانغا ماس كېلىش دەرىجىسىنى ئويلىنىشى، ئاندىن ئاخىرقى قارارنى چىقىرىشى كېرەك.

ئىككىنچىدىن، ئۆزى ياشاۋاتقان مۇھىتنىڭ ئېھتىياجى ۋە شەخسلەرگە بېرىدىغان ئىمكانىيىتىنى توغرا چۈشىنىشى، دەڭسىشى كېرەك. ئادەم ئىجتىمائىي مەخلۇق بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىنىڭ ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ تە-

سىرى ۋە چەكلىمىسى ئىچىدە بولىدۇ. بۇنىڭدىن قۇتۇلالمايدۇ. پەقەت شۇ مۇھىت تەمىنلىگەن ئىمكانلار ئىچىدە ھەرىكەت قىلالايدۇ. شۇنداقلا مەزكۇر مۇھىتنىڭ ئېھتىياجىنىڭ بەسىرىگە ئۇچرايدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، نىشاننىڭ دەللىكى ۋە ئەمەلىيەتچانلىقى نوقۇل شەخسنىڭ سۇبيېكتىپ تاللىشى تەرىپىدىنلا ئەمەس، جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجى ۋە جەمئىيەت تەمىنلىگەن ئىمكانىيەت تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. شۇڭلاشقا، ئادەملەر نىشان بېكىتكەندە، نوقۇل ئۆزىنىڭ قىزىقىشى ۋە ھەۋىسىنىلا ئاساس قىلماستىن، ئۆز جەمئىيىتىنىڭ ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىشى، مۇشۇ جەمئىيەتنىڭ ئىمكانىيىتى يار بېرىدىغان ئىشلارنى نىشان قىلىشى كېرەك.

ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان، رېئال ئاساسى يوق نىشانمۇ خۇددى ئۆزىنى خاتا مۆلچەرلىۋالغان ئادەمنىڭ نىشانىدەك، ئۇ ئادەمنىڭ ھاياتىنى، زېھنىنى، ئېنېرگىيەسىنى ئىسراپ قىلىدۇ. شۇنى ئېنىق بىلىۋېلىش لازىمكى، نىشان قوغلىشىدىغان، ئىنتىلىدىغان نەرسە، بىزگە چوڭ يۆنىلىشنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، خالاس، قانداق مېڭىش ئىستراتېگىيەسىنى نىشانىمىزغا ئەمەس، ئەمەلىيىتىمىزگە ئاساسلىنىپ تۈزىمىز.

خۇلاسە قىلغاندا، ئۆزىنى دەڭسەش، مۇھىتنى دەڭسەش ۋە نىشاندىن ئىبارەت بۇ ئۈچ تەرەپ مۇۋاپىق تەكشۈرۈلۈك مۇناسىۋەت بەرپا قىلالىغاندا، ئاندىن بىز ھەقىقىي قىممىتى، مۇمكىنچىلىكى بار نىشان تۇرغۇزالايمىز. ئۆزگىرىش ئىستىكىدىكى ئادەمگە نىسبەتەن قەلبنى باشقۇرۇش تۇنجى قەدەم بولسا، نىشاننى باشقۇرۇش مۇشۇ تۇنجى قەدەمنىڭ مۇقەررەر تەقەززاسى، تەلىپىدۇر. ئەگەر نىشان ئوبدان باشقۇرۇلمىسا، ھەر قانچە ئاق نىيەت ۋە كۈچلۈك ئىرادىنىڭمۇ رولى جارى بولمايدۇ.

### 3. ۋاقىتنى باشقۇرۇش

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىككى تەرەپ بىزنىڭ سۇبيېكتىپ دۇنيارىمىزغا تەئەللۇق، ئۆزىمىز خالاپ تەسەررۇپ قىلالايدىغان بايلىقىمىزدۇر. تىرىشساقلا قەلبىمىزنى باشقۇرالايمىز، نىشانىمىزنى تىكلىيەلەيمىز. ئەمما ھەر ئىككىلىسى ياخشى باشقۇرغان-باشقۇرمىغانلىقىمىز، بىزگە بېرىلگەن يەنە بىر بىباھا بايلىقنى قانداق باشقۇرۇشىمىز بىلەن ئۆلچىنىدۇ ۋە نەتىجىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ بولسىمۇ ۋاقىتتۇر، ۋاقىتنىڭ قىممىتى، مۇھىملىقى ھەققىدە قەدىمدىن ھازىرغىچە دېيىلگەن ھېكمەتلەر ئىنتايىن كۆپ، بۇ يەردە بىز بۇلارنى قايتا چايناپ ئولتۇرمايمىز، شۇنداقلا ۋاقىت باشقۇرۇشنىڭ ئۇسۇل - ماھارەتلىرى ھەققىدە يېزىلغان كىتابلارمۇ ئاز ئەمەس. ئۇنىمۇ بۇ يەردە تەپسىلىي تونۇشتۇرۇپ بولالمايمىز.

ئالدىنقى بۆلەكتە بىز نىشان ھەققىدە سۆزلىدۇق. نىشاننىڭ تىكلەنگەنلىكى پەقەتلا بىر باشلىنىش، ئۇنىڭغا يېتىش ئۈچۈن ئەمەلىي ھەرىكەت ۋە شۇ نىشانغا ماس بىر پىلان كېرەك. مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى ۋاقىتتىن ئىبارەت دۇنيادىكى ھەقسىز، ئەمما ئەڭ قىممەت، ئەڭ مول، شۇنداقلا ئەڭ كەمچىل، پەقەت بىرلا قېتىم ئىگىرشكىلى بولىدىغان، ھېچكىم تارتىۋالالمايدىغان بايلىق-ۋاقىت ئىچىدە ئاندىن ئىجرا قىلىنىدۇ. ۋاقىتنى باشقۇرۇش ماھىيەتتە ھاياتنى باشقۇرۇشتۇر. يەنى ئۆزىنىڭ مۇستەقىل نىشانى بار كىشىلەرنىڭلا شۇنىڭغا لايىق پىلانى-ھەرىكىتى بولىدۇ، مۇشۇنداق پىلانى، ۋاقىتنى باشقۇرالايدىغان ئادەملەرلا ئىجرا قىلالايدۇ، شۇنىڭ بىلەن مۇنداق كىشىلەرنىڭ ھاياتى باشقىلار تىكلەپ بەرگەن نىشانغا، باشقىلار سىزىپ بەرگەن يولدا ماڭىدىغان بېقىندى ھاياتتىن ئۆزىنىڭ نىشانىغا، ئۆزىنىڭ پىلانى، يولىدا ئىلگىرىلەيدىغان بىر شەرەپلىك، مۇستەقىل ھاياتقا ئايلىنىدۇ. مانا بۇنداق كىشىلەر ھاياتنىڭ قۇلى ئەمەس، غوجايىنىغا ئايلىنىدۇ.

ئادەتتە بىز مۇنداق بىر زىددىيەتلىك ھادىسىنى تولا ئۇچرىتىمىز: سورۇنلىرىمىز، پاراڭلىرىمىزدا ئالەمشۇمۇل ھەقىقەتلەرنى سۆزلىشىمىز، نېمىلەردىندۇر ھەسرەت چېكىمىز، نېمىلەرگىدۇر قايغۇرىمىز، ھاياجاندىن قانلىرىمىز قىزىپ، تومۇرلىرىمىز كۆپۈپ كېتىدۇ، ملئ ئەپسۇسكى، ئەتىسى ئاخشامقى ھەيۋەتلىك پاراڭلارنىڭ ئەسىرىنى بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدىن، ئىش-ھەرىكىتىمىزدىن كۆرگىلىمۇ بولمايدۇ. ئاخشىمىمىز ماتەم، كۈندۈزىمىز ئايەم ياشاۋېرىمىز. بۇ ھەقىقەتلەر، ئۇلۇغ ئارمانلار بىزنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزغا، ۋاقىت ئورۇنلاشتۇرۇشىمىزغا تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. نىشاننى تىكلەيمىز، سۆزلەيمىز-يۇ، شۇ نىشاننى چۆرىدەپ پىلان تۈزمەيمىز، تۇرمۇشىمىزنى تەشكىللىمەيمىز. دېمەك، شۇنى كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، نىشانى بار پىلانى يوق ئادەمنىڭ دەۋاسى يالغاندۇر.

تۆۋەندە مەن ۋاقىت باشقۇرۇشتا دىققەت قىلىش لازىم دەپ قارىغان بىر قانچە نۇقتىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

بىرىنچىدىن، بىز ۋاقىت بىلەن نىشاننىڭ مۇناسىۋىتىنى ئوبدان چۈشىنىۋېلىشىمىز كېرەك. روشەنكى، ۋاقىت باشقۇ-

رۇش بايا ئېيتقىنىمدەك، تېگى- تەكتىدىن ھاياتنى باشقۇ-
رۇشتۇر. ھايات سانسىزلىغان سېكۇنت- مىنۇتلارنىڭ يىغىن-
دىسىدىن ئىبارەت. ۋاھالەنكى، ھاياتنى باشقۇرۇش شۇ
ھايات پەيدا قىلىنغان بىرەر نىشاننى چۆرىدىگەندە ئاندىن
نەتىجىلىك، مەنىلىك بولىدۇ. بولمىسا بۇنداق ھاياتتا يا-
شاشنىڭ كۆزى تېگىلگەن كالىنىڭ خامان يۇمشاتقىنىدىن
پەرقى بولمايدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، نىشانى يوق
كىشىلەرگە نىسبەتەن ۋاقىت باشقۇرۇش دەيدىغان ئېھتىياج-
مۇ بولمايدۇ. دېمەك، نىشانى ھەقىقىي ئادەملەرنىڭلا ۋاقىت
باشقۇرۇش ئېھتىياجى بولىدۇ، ۋاقىتنى ياخشى باشقۇرالىغان
ئادەملا نىشانىغا يېتەلەيدۇ.

مەن باشتا نىشاننىڭ كونكرېت، ئېنىق بولۇشىنى دې-
گەنىدىم. بۇنى نېمىشقا تەكىتلىگەنلىكىم بۇ يەردە تېخىمۇ
ئايدىڭلىشىدۇ. چۈنكى، ئېنىق نىشان بىزگە قىلىدىغان
ئىشنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئاندىن بىز شۇ ئىشنىڭ ئەھۋالىغا
قاراپ پىلان تۈزىمىز ۋە مۇشۇ پىلان بىلەن ۋاقتىمىزنى
باشقۇرىمىز، شۇنىڭ بىلەن نىشاننىڭ بىزنىڭ ھەرىكىتىمىزگە
يېتەكچىلىك قىلىشى ئاندىن ئەمەلگە ئاشىدۇ. دېمەك، ۋاقىت-
نى نەتىجىلىك باشقۇرۇشتا يەنىلا نىشاننىڭ تەلىپىنى چۈشە-
نىش شەرت. شۇنى بىلىش كېرەككى، ۋاقىت پەقەت قىلىدى-
غان ئىشى، ئىنتىلىدىغان نىشانى بار ئادەملەر ئۈچۈنلا قىم-
مەتلىكتۇر.

بىز بىر قانچە يەردە پىلاننى تىلغا ئالدۇق. چۈنكى،
ئېنىق پىلانى يوق نىشان ئىشقا ئاشمايدۇ، خۇددى نىشان
كونكرېت بولغاندەك، پىلانمۇ قەدەم باسقۇچلىرى ئېنىق،
مۇددىتى بەلگىلەنگەن بولۇشى لازىم. شۇندىلا بۇ ئىجرا
قىلغىلى بولىدىغان بىر پروگراممىغا ئايلىنىدۇ، شۇندىلا
ۋاقىت باشقۇرۇش ئەمەلىي ۋۇجۇدقا چىقىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، نىشان بېكىتىشى ئېتىقاد ئېنىق بولغاندا
ئۆزلۈكىدىن تاماملىنىدىغان بىر سۇبيېكتىپ پائالىيەت،
ئۇزاق بىر ئىجرا جەريانى تەلەپ قىلمايدۇ. ئەمما پىلان
دەل ئەكسىچە، بىر ئوبيېكتىپ جەريان. پىلاننىڭ ئىجراسى
تاشقى مۇھىتنىڭ، قىيىنچىلىقلارنىڭ توسالغۇسىغا ئۇچرايدۇ.
بۇنداق كۈتۈلگەن ۋە كۈتۈلمىگەن قىيىنچىلىقلاردىن ساقلى-
نىش مۇمكىن ئەمەس. يەنە بىر جەھەتتىن، بىر پىلاننى
ئىجرا قىلىش كۆڭۈللۈك، قىزىقارلىق جەريان ئەمەس،
ئادەم بۇ داۋامدا چارچايدۇ، زېرىكىدۇ، چۈنكى، پىلان ئا-
دەمنى ئىنتىزاملىق بىر ھاياتقا مەجبۇرلايدۇ. باشقىلاردىن
ئاز ئوينىشقا، ئاز ئۇخلاشقا، ئاز دەم ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ.

مانا مۇشۇنداق ۋاقىتتا كۈچلۈك قەلب تەمىنلىگەن ئىرادى-
نىڭ كۈچى بىلەنلا بۇ سىناقلارنى يەڭگىلى بولىدۇ.
كۈچلۈك قەلب بۇ چاغدا بىزگە ئىلھام تەسەللى بېرىدۇ،
كۆڭلىمىزنى ئاۋۇندۇرىدۇ. دېمەك، ۋاقىتنى ئاخىرىغىچە ئۈ-
نۈملۈك باشقۇرۇش، پىلاننى ئىزچىل ئىجرا قىلىش
كۈچلۈك بىر قەلبنىڭ مەدىتى، ياردىمىدىن ئايرىلالمايدۇ.

ئومۇملاشتۇرغاندا، نىشانىمىز قانچە ئۇلۇغ بوپكەت-
سۇن ئەمەلىيەتكە ناھايىتى ئۇيغۇن، يېتىش ئوڭاي
بولسۇن، ناۋادا ۋاقىت ئۈنۈملۈك باشقۇرۇلمايدىكەن،
پىلان ئىزچىل ئىجرا قىلىنمايدىكەن، نىشانغا يېتىش، قور-
ساقنى تاماق يېمەي تويغۇزماقچى بولغاندەك بىر ھاماقەت-
لىككە ئايلىنىپ قالىدۇ.

## 4. ئۆگىنىشنى باشقۇرۇش

مەلۇمكى، ياشاشنىڭ ئۆزى ئۇزاققا سوزۇلغان بىر ئۆ-
گىنىش جەريانى، بۇ جەرياندا بەزى كىشىلەر ئاكتىپ ئۆگە-
نىدۇ، بەزىلەر پاسسىپ ئۆگىنىدۇ. ئاكتىپ ئۆگەنگۈچىلەر
نىشانى بار كىشىلەر بولسا، پاسسىپ ئۆگەنگۈچىلەر نىشانى
يوق ياكى نىشانى خىرە كىشىلەردۇر. پاسسىپ ئۆگەنگۈچى-
لەر پەقەت ياشاش داۋامىدىكى بېشىدىن كەچۈرگەن،
كۆرگەن، ئاڭلىغان، تەجرىبە- ساۋاقلار بىلەن كۇپايىلىنىدى-
غان كىشىلەر بولسا، ئاكتىپ ئۆگەنگۈچىلەر دائىم تەشەب-
بۇسكارلىق بىلەن ئوقۇش، ئىزدىنىش بىلەن بىلىم تولۇقلاي-
دىغان كىشىلەردۇر. ئۆگىنىش بىلىمگە بولغان ئېھتىياجدىن
كېلىدۇ. بەزىلەر بۇنى ھېس قىلىدۇ، بەزىلەر بولسا ئۆزدى-
نىڭ بىلىمگە بولغان ئېھتىياجىنىمۇ ھېس قىلالمايدۇ. بۇنىڭ
سەۋەبلىرى بىر قانچە بولۇشى مۇمكىن. بىرى ئۇنىۋېرسال
تەرەققىياتى تۆۋەن جەمئىيەتلەردە ياشايدىغان كىشىلەردە
بىلىمگە بولغان ئېھتىياجمۇ بەك يۇقىرى بولمايدۇ. بۇ شۇ
جەمئىيەت تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغان ئىش. يەنە بىرى ئا-
دەملەر ئۆزى قىلىۋاتقان ئىشنىڭ قانداق بىلىم تەلەپ قىلى-
دىغانلىقىنى ئوبدان چۈشەنمىگەن بولۇشى مۇمكىن. ھەر
قانداق كەسىپ، تىجارەت، ئىش قىلغۇچىدىن شۇنىڭغا مۇنا-
سىۋەتلىك مۇئەييەن بىلىم تەلەپ قىلىدۇ.

بىز مەيلى تەرەققىي قىلغان جەمئىيەتتە ياكى تەرەققىيا-
تى تۆۋەن جەمئىيەتتە ياشايلى، كىشىلەرنىڭ داۋاملىق بىلىم
تولۇقلاشقا بولغان ئېھتىياجى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان
بىر ھەقىقەت بوپقالدى. يەنە كېلىپ، بىز ئۆز ھالىنى ئۆز-
گەرتىش ئىرادىسى بار ئادەم ھازىرلاشقا تېگىشلىك سۈپەت-
لەر ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈۋاتىمىز. شۇڭلاشقا، ھازىر

قى زامانىدا مۇئەييەن غايىنى نىشانلاپ ياشاۋاتقانلار ئۈچۈن، مەڭگۈ ئۆگىنىش ئۇلارنىڭ داۋاملىق ئىنېرگىيەسىنى تولۇقلاپ، رىقابەت كۈچىنى ساقلايدىغان ئىنتايىن مۇھىم بىر ئادەتتۇر. دۇنياغا نەزەر سالساق شۇنى كۆرەلەيمىزكى، ئۆگىنىش ئىقتىدارى يوق ئادەم، شىركەت، مىللەت، دۆلەتلەر، ئاجىزلار، مەغلۇبلار سېپىغا كىرىپ قېلىۋاتىدۇ. بۇ ئۆگىنىشنى باشقۇرۇشنى تەكىتلىشىمىزنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىنىڭ بىرى. تۆۋەندە بىز ئۆگىنىشكە مۇناسىۋەتلىك مەن زۆرۈر دەپ قارىغان مۇنداق ئۈچ نۇقتا ھەققىدە توختىلىمەن.

بىرىنچى، نېمىنى ئۆگىنىمىز؟

بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشتە بىز يەنىلا نىشانىنىڭ تەلىپىنى چۈشىنىشنى تەكىتلەيمىز. شۇندىلا بىز ئۆزىمىزنىڭ قانداق بىلىمگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى چۈشىنەلەيمىز. قايسى بىلىملەرگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىمىزنى بىلمەي تۇرۇپ، ئۆگىنىشنى باشلىيالمايمىز. شۇڭا ئەڭ ئاۋۋال ئېھتىياجنى ئېنىقلاش ئۆگىنىشنىڭ بىرىنچى قەدىمىدۇر. ئېھتىياجىمىزنى ئېنىقلاپ بولغاندىن كېيىن، بىز ئۆگەنمەكچى بولغان بىلىمنىڭ زادى بىز ئىزدەۋاتقان بىلىم شۇمۇ ئەمەسمۇ دېگەننى ئەتراپلىق تەكشۈرۈشىمىز لازىم. چۈنكى، ئادەملەر تولا ھاللاردا ئۆزىنىڭ زادى قانداق بىلىمگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى، ئۆگىنەي دەپ بەل باغلىغان بىلىمنىڭمۇ، دەل شۇ ئېھتىياجغا لايىق ياكى ئەمەسلىكىنى بىلەلمەيدۇ ياكى خاتا ئويلىۋالىدۇ. بۇنداق خاتالىقتىن ساقلىنىشنىڭ ئۇسۇلى يەنىلا باشقا قايتىپ، ئۆزىنىڭ نىشانى، پىلانى، ئۇنىڭ تەلەپلىرى توغرۇلۇق تېخىمۇ ئەستايىدىل، تېخىمۇ ئىنچىكە ئويلىنىشتۇر.

ئىككىنچى، قانداق ئۆگىنىش كېرەك؟

نېمىنى ئۆگىنىشنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن دۇچ كېلىدىغىنى قانداق ئۆگىنىش مەسىلىسىدۇر. بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىشىم زۆرۈركى، مەن تىلغا ئېلىۋاتقان ئۆگىنىش مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇنتىزىم ئوقۇش-ئوقۇتۇش پائالىيىتىنى كۆرسەتمەيدۇ. بەلكى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشنى كۆرسىتىدۇ. مېنىڭچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئىقتىدارى يوق ياكى ئاجىز باللار مەكتەپتىمۇ ئوبدان ئوقۇيالمايدۇ ياكى بىر مەزگىل ياخشى ئوقۇغاندەك قىلسىمۇ، ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئىقتىدارى يۇقىرى باللارنىڭ ئارقىسىدا قالىدۇ. ھەتتا ئۇلارنىڭ كېيىنكى ھاياتىمۇ پەرقلىق بولىدۇ. مەكتەپتىكى ئۆگىنىش بىزنى مەكتەپتە غالىب قىلسا، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش بىزنى جەمئىيەتتە غالىب قىلىدۇ. ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە كىشىلەر مەڭگۈ زامانىنىڭ كەينىدە قالمايدۇ، ھەر دائىم بىلىملىك ھالىتىنى ساقلاپ ياشيالايدۇ. ئەقىللىق كىشىلەرگە نىسبەتەن بىلىم ئىگىلىۋېلىشتىن ئۆگىنىشنى ئۆگىنىۋېلىش مۇھىم. بۇ دېگەنلىك، بېلىقتىن قارماق، ئوتۇندىن پالتا مۇھىم دېگەنلىكتۇر، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنەلەيدىغانلار قولدىن قارماق، پالتىدىن پايدىلىنىپ قورسىقى ئاچسا بېلىق، توڭسا ئوتۇن تېپىپ ياشيالايدۇ، ئەمما ئۆگىتەلىگەننىلا ئۆگىنىپ ئادەتلەنگەنلەر بولسا بېلىقى، ئوتۇنى تۈگەپ قالسا، ئۇلارنى قانداق پەيدا قىلىشنى بىلەلمەيدۇ. بۇ يەردە پەقەت ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشنىڭ مۇھىملىقى، ئەھمىيىتىنىلا تەكىتلەيمىز، كونكرېت ئۇسۇللارنى ئوقۇرمەنلەر ئۆزلىرى تېپىۋالىدۇ.

ئۈچىنچىسى، قەيەردىن ئۆگىنىش كېرەك؟

نېمىنى قانداق قىلىپ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشنى بىلىپ بولغاندا، لازىم بىلىمنى نەدىن تېپىش مەسىلىسىگە دۇچ كېلىمىز. كۆپىنچە ھاللاردا تۆۋەندىكى مەنبەلەردىن پايدىلىنىمىز.

(1) كىتاب ئوقۇش

بۇ بىلىم ئىگىلەشتىكى ئەڭ كىلاسسىك، ئەڭ مۇھىم مەنبە. ئۇنىڭ ئۈستىگە لازىم كىتابنى تېپىش، پايدىلىنىش ئىنتايىن ئاسانلىشىپ كەتتى. ھازىر مۇناسىۋەتلىك تىلنىلا بىلسەڭ، تاپقىلى بولمايدىغان كىتاب يوق دېيىشكە بولىدۇ.

(2) ئاخبارات-مېدىيا ۋاستىلىرى

بۇ گېزىت-ژۇرنال، رادىيو-تېلېۋىزىيە، تورلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە تورنىڭ قانچىلىك قولاي ۋە پايدىلىق ئىكەنلىكىنى دېيىشنىڭ ھاجىتى يوق. توردىن ھەممە نەرسە دېگۈدەك تېپىلىدۇ. بۇ يەردە چۈشەنلارغا گەندە، زەرگەرلەرگە ئالتۇن، غەۋۋاسلارغا مەرۋايىت تېپىلىدۇ. ھەر كىم ئۆزىگە لازىملىقنى تاپالايدۇ. بىلىم ئىگەللىگۈچىلەر ئۈچۈن توردا سانسىز كىتاب، نۇرغۇن ئۈن-سىن دەرسلەر ھەقسىز تەييار بار.

(3) ئىلىملىك كىشىلەرنى دوست تۇتۇش.

بۇلار بىلەن ئۇلپەتلىشىش، سۆھبەتلىشىشمۇ ناھايىتى ياخشى بىر بىلىم تولۇقلاش مەنبەسى، بۇ ھەممىمىزگە ئايان، ئەمما تەكىتلەيدىغان بىر نۇقتا شۇكى، كىمدىن نېمە سوراشنى بىلىش لازىم. ياخشى بىر ئاڭلىغۇچى بولۇشمۇ بەك مۇھىم ساپادۇر.

(4) تۇرمۇش

ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ھايات كەچۈرمىشلىرىدىن ئۇرغۇنلىغان تەجرىبە-ساۋاقلارنى يەكۈنلەيدۇ. تۇرمۇشتىن ئۆگىنىدىغانلىرىمىز بەك كۆپ، تۇرمۇش بىز مەڭگۈ ئوقۇپ پۈتكۈزۈپ بولالمايدىغان مەكتەپ. ھالبۇكى، ئوخشاش قىسمەتلەرنى كەچۈرگەن، ئورتاق تۇرمۇش سەرگۈزەشتىسىگە ئىگە ئادەملەرمۇ تۇرمۇشتىن ئۆگىنىشتە بەكلا پەرقلىق بولىدۇ. بەزىلەر قىسقا ياشاپمۇ تولىمۇ مول تۇرمۇش تەجرىبىسىگە ئىگە ئاقىللارغا ئايلىنالىسا، يەنە بەزىلەر شۇنچە كۆپ ئىسسىق-سوغۇقنى بېشىدىن ئۆتكۈزسىمۇ تولىمۇ ساددا، ھاماقەتلىكتىن قۇتۇلالمايدۇ. بۇ يەردىكى پەرق دەل بۇ خىل ئادەملەرنىڭ پىكىر قىلىش ئادىتى بار-يوقلۇقىدا. پىكىر قىلىش ئادىتىگە ئىگە كىشىلەر يولۇققان، بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئىش-ھادىسىلەر ھەققىدە ئەستايىدىل ئويلىنىدۇ، ئىش-ھەرىكەتلىرىدىن خۇلاسە چىقىرىپ ماڭىدۇ. داۋاملىق تەجرىبە-ساۋاق يەكۈنلەيدۇ.

ئەكسىچە، پىكىر قىلمايدىغان، ئويلانمايدىغان كىشىلەر مەيلى بېشىدىن قانچىلىك مول ئىسسىق-سوغۇق ئۆتسۇن، يەنىلا نادان، ساددا ھالىتىدە تۇرىدۇ. شۇڭلاشقا پىكىر قىلىش، ئويلىنىش ئادىتى تۇرمۇشنى ئۆگىنىشنىڭ جېنى.

ئاخىرىدا قوشۇپ قويىدىغان بىر نۇقتا شۇكى، ئۆگىنىشمۇ بىر جاپالىق پائالىيەت، ئۇنىڭ نەتىجىسى داۋاملاشالىشىدا. شۇڭا ئۆگىنىشتە كونكرېت نىشان، پىلان، كۈچلۈك ئىرادە بولمىسا، دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇساقمۇ، ئەڭ قابىل ئۇستازنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولساقمۇ، ئۆيىمىز كۇتۇپخانىنىڭ ئىچىدە بولسىمۇ، بۇنداق ئۆگىنىشتىن كېرەكلىك نەتىجىگە ئېرىشەلمەيمىز.

بۇ بۆلەكنى خۇلاسە قىلغاندا، مۇنداق بىر يەكۈننى چۈشىنىۋېلىش مەنچە بەكلا مۇھىم. بىر ئادەم مەيلى قانچىلىك تىرىشسۇن، يەنىلا نۇرغۇن نەرسىلەر ئېشىپ قالىدۇ. بەلكى ئېھتىياج نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ھەممىنى ئۆگىنىشنىڭمۇ ھاجىتى يوق، ئەمما پەقەت مەڭگۈ ئۆگىنىش ھالىتىدە تۇرغاندىلا، ئۆز ھالىمىزنى ئىسلاھ قىلىدىغان بىلىم، كۈچ-قۇۋۋەتكە ئېرىشەلەيمىز. ماشىنا مەنزىلگە يەتكۈچە يېقىلغۇغا ئېھتىياجلىق بولغاندەك، بىزمۇ بۇ ئۆزگەرتىش، ئىسلاھات يولىدا داۋاملىق ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۆزىمىزنى يېڭىلاپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ تۇرۇشقا موھتاج. مېنىڭچە، مەن يۇقىرىدا خۇلاسىلىگەن ئۆگىنىشتىكى نېمىنى، قانداق، قەيەردىن ئۆگىنىش مەسىلىسى ئوبدان ھەل قىلىنسا، بىز ئورماندا ئوۋچى، دېڭىزدا غەۋۋاس، ئاسماندا بۈركۈت بولالايمىز.

## خاتىمە

بىزدە مانا مۇشۇنداق بايلىقلار تېخى بار. بىز مۇشۇلاردىن تولۇق پايدىلانمىساق، رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرمىساق، مۇشۇلارنى بەرگەن ياراتقۇچىمىزغىمۇ يۈز كېلەلمەيمىز، بىزنىڭ ئۆزگىرىشىمىز ئەڭ ئاۋۋال مانا مۇشۇ بايلىقلارنى تونۇش، قېزىش، پايدىلىنىش بىلەن باشلىنىدۇ. بىزنىڭ ئەتىگەندىن كەچكىچە تاشقى دۇنيانىڭ ئادالەتسىزلىكى، ھەر خىل ناھەقچىلىكلەردىن قاخشاپ، ئاغرىنىپ يۈرۈشىمىزنىڭ مەسىلىنى ھەل قىلىشقا نىسبەتەن پاشىنىڭ قانىتىچىلىك قىممىتى يوق. قىسمىتىمىزنى باشقىلارغا ئارتىپ قويۇپ دائىم زاماندىن ئاغرىنىشىمىز، ئۆزىمىزنى ئالداش، ئۆزىمىزگە پىسخىك تەسەللى بېرىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇ خىل تەپەككۇر بىزنى ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىغا چۆكتۈرۈپ، بارلىق ئارزۇ-نىشانلاردىن ۋاز كېچىشكە، ئۆزگەرتىشكە تېگىشلىك رېئاللىقنى سۆيۈشكە كۆندۈرىدۇ، ئۈمىدسىزلىك ئەڭ يامان قاتىلدۇر، ئۇ قەتلى قىلغانلار تىرىك مۇردىلارغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

بىز قەلبىمىزنى ياخشى باشقۇرۇش بىلەن دۇرۇس، ئىرادىلىك ئادەمگە ئايلىنالايمىز، نىشانىمىز بىلەن قىلىدىغان ئىشىمىزنى، ماڭىدىغان يولىمىزنى تېپىۋالىمىز. ئۆيىمىزنى قەلبىمىزگە قۇرالىغاندا، ئاندىن يېرىمىزگە قۇرالايمىز. ۋاقتىمىزنى باشقۇرۇش بىلەن ھاياتىمىزنى مەنىگە ئىگە قىلىمىز، نىشانىمىزغا يېقىنلىشىمىز، ئۆگىنىشنى باشقۇرۇش بىلەن بولسا، پۈتۈن ھاياتىمىزدا غالىبلارغا ئايلىنالايمىز، ھەر قانداق مۇشكۇلاتنىڭ ئاچقۇچىنى تاپالايدىغان، تەرەپپىيات كىرىزىسلارغا دەرھال ئۆزىنى ماسلاشتۇرۇپ يۈزلىنەلەيدىغان قابىل كىشىلەردىن بولالايمىز. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ھاياتىمىزنىڭ تىزگىنى ئۆزىمىزنىڭ قولىدا بولغان ئىنتىزاملىق بىر ھاياتنىڭ ئىگىسىگە ئايلىنالايمىز. پۇرسەت، ئامەت دەل مانا مۇشۇنداق تەييارلىقى پۇختا، ئويغاق ئادەملەرگە مەنسۇپ. تەييارلىقى يوقلار ئۈچۈن پۇرسەتنىڭ قىممىتى يوق. ئەگەر پۇرسەتنى بىر كېمە دېسەك، بۇنىڭغا پەقەت قىرغاقتا ساقلىغانلار ۋە سۇ ئۈزۈشنى ئۆگەنگەنلەر چىقالايدۇ، چۈنكى، بەزىدە كېمە قىرغاقتىن يىراقراق مېڭىپ قېلىشى مۇمكىن!

---

ئاپتور: شىنجاڭ «بىلكان» ئېلېكترون سودا چەكلىك شىركىتىدە

www.uyghurkitap.com

ئابدۇرەھمان ئەزىز ئوغلى

# تۇزچى

(پوۋېست)



مەھەللىدىن جاڭگالغا سوزۇلغان ئېگىز - پەس، يىلانباغرى توپىلىق يولدا سۇس چاڭ - توزان پەيدا بولۇپ، ھەر كۈنى مۇشۇ يولدىن تۇز ئېلىپ ئۆتىدىغان تۇزچىنىڭ لىق تۇز بېسىلغان ئېشەك ھارۋىسى يىراقتىن كۆرۈندى.

تۇزچى كۈندىكى ئادىتى بويىچە چوقاي بىلەن تەك ھالەتتە رەتلىك، زىچ تىزىپ بېسىلغان شور تۇز ئۈستىگە رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن كونا ئۇزۇن چاپىنىنى يېپىپ قويۇپ، ئېغىر يۈكنى تەستە سۆرەپ كېلىۋاتقان ۋىجىك قارا ئېشەككە يېقىندىن سوكۇلدىشىپ كېلەتتى. ھارۋىدىكى يۈكنىڭ ئېغىرلىقىدىن ئېشەكنىڭ سۇ قۇيۇپ قويغاندەك تەرلەپ تۇرغان ئورۇق دۈمبىسى تىتىلىپ ئاران جېنى قالغان توقۇم ئاستىدا قىسماقتەك ئېگىلىپ قالغان. ھەتتا شورلۇق جاڭگالنىڭ شور توپىلىرىدا يۈرۈپ داتلىشىپ بوشاپ كەتكەن چاقنىڭ سىملىرىمۇ چاق ھەر بىر ئايلانغاندا، كاتاڭغا چۈشكەندە «غىرىس - غاراس، غىرىس - غاراس» قىلىپ ئادەمنى بىئارام قىلىدىغان ئاۋاز چىقىرىپ تۇراتتى. ئېشەكنىڭ رىتىملىق پۇت يۆتكىشىگە ئەگىشىپ ھارۋىنىڭ يەنە ئاللىقانداق بىر جايلىرىدىن رىتىملىق غىچىرلىغان ئاۋاز ئاڭلىناتتى. تۇزچى ئېشەكنى ئاياپ شۇنداق قىلدىمۇ ياكى ئاشۇنداق ئادەتلىنىپ قالغانلىقتىنمۇ، كەتمەننى ھارۋىسىنىڭ ئارقا شوتىسىغا قىستۇرماستىن دولىسىغا سېلىۋالغان. تۇزنىڭ شور - توپىلىرىنى قىرىدىغان كەكىسىنى بېلىگە باغلىۋالغان چىت پوتىسىنىڭ ياmپاش تەرىپىگە قىستۇرۇۋالغاندى. بىر قولىدا ئارقانىنى، يەنە بىر قولىدا يۇلغۇن تايىقىدىن ياسىۋالغان ئەپچىل قامچىسىنى تۇتقىنىچە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئويچان ھالەتتە كېلەتتى.

تۇزچى مەھەللە ئىچىگە كىرىپلا ئېشەكنى توختىتىپ دولىسىدىن كەتمەننى ئالدى. ئاندىن ئېشەكنىڭ تۇمشۇقىنى قىيپاش بۇراپ ھارۋىسىنى چەتكە چىقىرىپ تۆت يولنىڭ دوقمۇشىدىكى ئېلېكتىر مومىسىغا ئارقانىنى باغلاشقا باشلىدى. تۇزچىنىڭ ئاچچىق شور توپىدا تىلىم - تىلىم بولۇپ يېرىلىپ، چوكىدەك قېتىپ كەتكەن بارماقلىرى قوپاللىقىغا قارىماي شۇنچىكى كېلىشىملىك ئىدىكى، ئېشەكنىڭ نوقتىسىغا ئۇلانغان قىل ئارقانىنى سېمونت مومىغا كىلمەكباغ سېلىپ باغلىغاندىكى ھەرىكەتلىرى شۇنچە ئەپچىل ۋە مۇنەججىم ئىدى. ئارقان بىلەن باغلاپ قويۇشنىڭمۇ ھاجىتى قالمىغاندەك ھېرىپ - ئېزىلىپ ماڭغۇدەك ئەھۋالى قالمىغان

**سەھرا بازىرىدىكى ھېكايە**

ئېشەك بىچارە قىسقا، ئورۇقتىنە پاقالچاقلىرىنى يېنىك تىترىتىپ تۇمشۇقى بىلەن توپا يەرنى ھىدلاشقا باشلىدى. ئېشەكنىڭ يۇمشاق توپىغا تەگەي - تەگمەي دەپ تۇرغان تۇمشۇقىدىكى ئۇزۇن - ئۇزۇن ئۆسكىلەڭ بۇرۇتلىرى ئارىسىدىن سۇس چاڭ كۆتۈرۈلدى. تۇزچى يەكتىنز بولۇپ دوڭغايغىنىچە ھارۋىنىڭ ئاستىغا بېشىنى تىقىپ ھارۋىنىڭ ئوقىغا مەھكەم تارتىپ تېڭىپ قويۇلغان چېپتىنى ئاۋايلاپ بوشىتىپ ئالدى - دە، چېپتىنىڭ ئاغزىنى چىگىپ قويغان نىلون شويىنىنى پەم بىلەن يەشتى. شۇ ھامان ئەتراپنى يۇمشاق تۇغراپ سامانغا تەكشى ئارىلاشتۇرغان كۆپكۆك قۇرۇق بېدىنىڭ خۇشبۇي ھىدى بىر ئالدى. ئېشەك كۆنگەن ئادىتى بويىچە تۇمشۇغىنى چېپتىغا سوزدى.

— ھۇتپۇفش!...ئالدىرىماي تۇساڭمۇ سەن يەيسەن بۇنى!...

تۇزچى بوش غودۇراپ چېپتىنىڭ ئاغزىنى كەڭرى ئېچىپ تۇرۇپ قاتلاپ قويغاندىن كېيىن ئېشەكنىڭ ئالدىغا يىقىن سۈرۈپ قويدى. ئاندىن قورسىقى ئېچىپ كەتكەن ئېشەكنىڭ بېدە ئارىلاشتۇرۇلغان سامانىنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن يالماپ يېيىشىگە قاراپ ئىككى جەينىكىنى ئىككى تىزىغا قويغان ھالدا زوڭزىيىپ بىر ھازاغىچە جىمجىت ئولتۇرۇپ كەتتى.

تۇزچىنىڭ كۈندە جاڭگالدىن تۇز ئېلىپ يانغاندا توختايدىغان جايى مۇشۇ. جاڭگالنىڭ ئوشۇققىچە قۇم بېسىپ تۇرغان ئۇزاق يولدا تۇز بېسىلغان ھارۋىنى سۆرەپ كەلگىچە ھېرىپ ھالدىن كەتكەن ئېشەكنى ئارام ئالدۇرغاچ ئۆزىمۇ سەل تىنىۋالىدۇ. ئېشەكنىڭ تەرى قۇرۇپ، قورسىقىنى توقلىۋالغاندىن كېيىن بىرەر چېلەك سۇ بېرىپ سۇغىرىۋېلىپ ئاندىن يەنە يولنى داۋاملاشتۇرىدۇ. شۇنىڭغىچە تۆت كوچىنىڭ دوقمۇشىدا قىسقا مۇددەت تۇز بازىرى بولۇپ تۇزچىنىڭ ھارۋىسى سەل يەڭگىللەپمۇ قالىدۇ. تۇزچىنىڭ تۇز ئېلىپ يانغىنىنى كۆرگەن كىشىلەر بىردىن ئىككىدىن چىقىپ ئېھتىياجىغا تۇشلۇق تۇز ئېلىپ تۇرمۇشىنى قامدايدۇ. جاڭگالدىن تۇز ئېلىپ چىقىشنىڭ ئاۋارىچىلىقى ۋە جاپاسىنى ئوبدان بىلىدىغان خەقلەر تۇزچىنىڭ كۈندە مۇشۇ يول بىلەن تۇز ئېلىپ قايتقىنىدىن ئۆزلىرىچە خۇش. تۇزچىنىڭ ھارۋىسى تۆت كوچا دوقمۇشىغا كەلدىمۇ بولدى، بالا - ۋاقىلىرىنى بۇيرۇپ چىقارسىمۇ بىرەر مونەك تۇز ئېلىپ كىرەلەيدۇ.

تۇزچى ئۆستەڭ بويىغا بېرىپ كىچىككە زوڭزايدى - دە، قاداقلىشىپ قېتىپ كەتكەن قوللىرىنى يۇيۇشقا باشلىدى. تۇزچىنىڭ يېرىندا ئوتتۇندەك قېتىپ كەتكەن قوللىرىغا ئالدىراپ سۇمۇ يۇقمايتتى. ئالقانلىرىغا سۇ ئېلىپ ئۇۋۇلىغاندا «غىرت - غىرت» قىلىپ قوپال ئاۋاز چىقاتتى.

تۇزچى قولىنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن سۇ يۇقى قولىنى قولتۇقىغا ئاۋايلاپ سۈرتتى. پوتىسىنىڭ نان ئوراپ تېڭىلغان ئۇچىنى يېشىۋالدى. ئاندىن داستىخانچىلاپ كەڭرى ئېچىپ تىزىغا قويغاندىن كېيىن ناندىن بىر بۇردا ئۈشتۈپ ئاغزىغا سالدى. شۇ ئارىلىقتا پوتىسىدىن دومىلاپ يەرگە چۈشۈپ كەتكەن چۈۋىنىڭ قانتىچىلىك نانىنىڭ پارچىسىنى بايقاپ ئېڭىشىپ ئالدى - دە، يېنىك پۈۋلىۋېتىپ ئاغزىغا كاپ ئەتتى. ئاندىن قولىدىكى ناندىن بىر چىشلەپ، ئالقىنىغا ئۆستەڭ سۈيىدىن بىر ئوچۇم ئوتلىدى.

شۇ ئەسنادا سۇ ئېلىش ئۈچۈن ئۆستەڭ بويىغا چىققان ئوتتۇرا بوي، قارىمۇتۇق چوكان تۇزچىنى كۆرۈپ چىپپىدە توختاپ قولىدىكى چېلەكنى يەرگە ئاستاغىنا قويغاندىن كېيىن تۇزچىغا سالام قىلدى.

— تىنچ تۇردىلىما؟

تۇزچى چوكاننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ پوتىسىنى چىڭ تۇتقانچە ئىنتىك ئورنىدىن تۇرۇپ كەينىگە بۇرۇلدى.

— ھە، قايداغ ئەۋاللىرى؟

— بۇ يەردە سوغۇق سۇ بىلەن نان يېمەي ئۆيگە چىرىپ چاي ئىچمەملا؟

— رەھمەت، كىچىككىنام قورساق ئەستەلىۋالدۇق، — دېدى تۇزچى سەل ئوڭايسىزلانغاندەك بولۇپ. ئاندىن ياندۇرملاپ سورىدى، — چېلەكلىرىگە سۇ ئەپېرەيمۇ؟

— بولدى، ئۆزۈم ئالاي، ھە، تۇز ئېلىپ يانغان ئوخشىماملا؟...

— ھەئە، تۇز ئېلىپ كەلدىم. ئۆيلىرىدە تۇز بادۇ؟

تۇزچى ئادەتلىنىپ قالغىنى بويىچە چوكاندىن شۇ سوئالنى سورىدى. ئۇ ئادەتتە ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق بىر ئادىتىنىڭ بارلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمىسە كېرەك، ھەر قاچان تۇز ئېلىپ قايتقاندا، مەھەللە ئارىلاپ كېتىۋېتىپ ئۇچرىغان كىشىلەردىن مۇشۇ سوئالنى سورىماي قالمايتتى.

— ئۆيدە تۇز تۈگەپ قاپتىكەن شۇ، — دېدى چوكان جاۋابەن كۈلۈمسىرەپ، ئاندىن خىجىللىق ئارىلاش قوشۇپ قويدى، — ئاۋۇ بۈگۈن ھاشارغا كەتكەنتى، ھاشاردىن كەسە پۇل ئەپ قوياي، نىسى بېرەلىما؟

— بېرەي - بېرەي، — دېدى تۇزچى ئاپتاپتا كۆيۈپ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

قاپقارا بولۇپ يېرىلغان، ساقال بېسىپ كەتكەن ئورۇق، ياغاق يۈزلىرىگە سەممىي تەبەسسۇم يۈگۈرتۈپ، ــ كۈندە ئۆتەپ تۇرىدىغان يول ئەمەسما، يانا بىز ئۆتە يولدا تاشلاپ بېرەلا.

ــ ھە ماقا، سۈيۈمنى ئېچىرىۋېتىپ چىقاي جىما ئەمەسە.

تۈزچى چوكاننىڭ سۇ ئېلىشىغا پۈتلاشماسلىق ئۈچۈن قاشقا چىقىپ تۇردى، چوكان چېلەكنى پاتۇرۇپ سۇ ئالغاندىن كېيىن قاشقا چىقتى، ئۇ سۈيىنى كۆتۈرۈپ ئىككى قەدەم ماڭار ـ ماڭماي بىر نەرسە يادىغا كەلگەندەك بولۇپ چىپپىدە توختىدى.

ــ ھە راست تاغا، ماۋۇ چېلەك بىلەن ئېشەكلىرىنى سۇغۇرىۋالاملا؟

ــ رەھمەت ئۇكام، ئېشەك جاڭگالدىن كەڭچە بەكلام تەرلەپ كېتىپتۇ، سەل تەرى قۇرىسا ئاندىن سۇغىرايمىكى. ھە راست، ژۇندا چېلەكلىرى بوسا شۇنى ئالغاچ چىقالا، قوللىرىدىكى چېلەككە ئېشەك تۇمشۇقىنى تىقسا سۇيىدە تەرەت بولمايدۇ.

ــ ھە ماقا.

چوكان چېلەكنى كۆتۈرۈپ يولنىڭ بويىدىكى بىر پاكار ياغاچ دەرۋازىدىن كىرىپ كەتتى. تۈزچى چوكاننىڭ لىق سۇ ئېلىنغان ئىككى چېلەكنى ئىككى قولىدا تۇتۇپ چەبدەس ماڭغىنىغا، تېقىمغىنچە ساڭگىلاپ ئىككى تەرەپكە ئىرغاڭلاپ تۇرغان بېلەكتەك توم ـ توم ئۆرۈمە چاچلىرىغا مەستلىكى كەلگەندەك قاراپ قويۇپ پوتىسىنىڭ ئۈچىنى قايتىدىن بېلىگە قىستۇرۇۋالغاندىن كېيىن هارۋىسىنىڭ يېنىغا كەلدى. تۇز ئۈستىگە يېپىلغان ئۇزۇن چاپىنىنى هارۋىدىن تارتىپ چۈشۈرۈپ چاپانغا يۇقۇپ قالغان شور توزۇندىلىرىنى يولنىڭ چېتىدىكى ئادەم دەسسىمەيدىغان يەرگە بوش سىلكىپ قېقىشتۇرغاندىن كېيىن چوقايغا ئېلىپ قويدى. ئاڭغىچە بىر كونا يۇندى چېلەكنى كۆتۈرۈپ چىققان چوكان چېلەكنى هارۋىنىڭ يېنىغا قويۇپ ئاندىن قولتۇقىدىكى چىپتىنى قولىغا ئالدى.

ــ مۇشۇ چىپتىغا سېلىۋالاي، ــ دېدى چوكان چىپتىنىڭ ئېغىزىنى تۇرۇپ ئاچقاچ.

ــ چىپتىغا پاتماسمىكى، بەك يوغان قومۇرغان تۇز ئىدى بۇ، داستىخانچىلاپ كۆتەرسىلە بوممىسا.

ــ ھە ماقا.

تۈزچى هارۋا ئۈستىدىن بىر پارچە تۇزنى ئالغاچ سورىدى:

ــ قانچە پارە ئەپ بېرىمەن؟

ــ بىر قازان تۇز چىلانغۇدەك ئەپتۇراي، قانىنى ئاۋۇ ئەدەم ئۆيدە با چاغدا جىقراق ئالامەن يانا...

ــ ئەمسە بىر پارە ئاسلا، يوغان قازاندا بىر قازان تۇز چىقىدۇ، پەقەت توپىسى يوق تۇز بۇ.

ــ ھە ماقا.

تۈزچى قولىدىكى بىر پارچە تۇزنى چوكاننىڭ قولىدىكى چىپتىنىڭ يۈزىگە قويۇپ چىپتىنى داستىخانچىلاپ ئورىغاندىن كېيىن چوكانغا كۆتۈرگۈزۈپ قويدى. چوكان ئېغىر تۇزنى يامپىشىغا مەھكەم بېسىپ كۆتۈرۈپ تۇرۇپ تۈزچىدىن سورىدى.

ــ نەچچە پۇللۇق بولدى تاغا تۇزلىرى؟

ــ ئاتىغانلىرىنى بېرەلا ئەمدى.

ــ شۇنداغ بوسىمۇ ئات قوياپ بەسلە، ئاۋۇ ئەدەم كەچتە هاشاردىن كەسە پۇل ئەپ قوياي.

ــ بەش كوي بەسە بولاما؟ ــ تۈزچى ئۆزى ئېيتقان باهاغا ئۆزى دېلىغۇل بولغاندەك ساقال باسقان يۈزىنى يېرىلغان بارماقلىرى بىلەن مەقسەتسىز قاشلاپ قويدى، ــ بوممىسا تۇزغا قالاپ ئاتىغانلىرىنى بېرىشەلا.

ــ ھە ماقا، ئەمسە بەش كوي ئەپ قوياي، ئۆيگە چىرىپ چاي ـ پاي ئىچىپ چىقاملا؟

ــ بولدى رەھمەت ئۇكام، ئىشلىرىنى قىلىۋەسلە، ژۇقارقى مەھەللىگىچە باراتتىم.

ــ تاتىنمىسلا جۇمۇ؟

ــ ھە، ياق...

چوكان چىپتىنى كۆتۈرۈپ ئۆي تەرەپكە ماڭغاچ قوشۇپ قويدى.

ــ ھېلى ئېشەكلىرىنى سۇغۇرۇپ بوغاندا چېلەكنى ئۇۋۇ تېرەكنىڭ تۈۋىدە قويۇپ قويسىلا چىقىپ ئۆزۈم ئېلىۋالىمەن.

ــ ماقۇلە.

چوكان تۇزنى كۆتۈرۈپ هويلىسىغا كىرىپ كەتتى. تۈزچى ئېشەك هارۋىنىڭ چاقىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ ئېشەكنىڭ سامان يېيىشىگە قارىغانچە خىيالغا پاتتى.

تۈزچىنىڭ بار ـ يوقى دۇنياسى مۇشۇ ئورۇق، قېرى ئېشىكى بىلەن شاللىرى سىم، ئارقانلار بىلەن تۆپە ـ تۆپەلەپ تېڭىپ باغلانغان ئەبجەق ئېشەك هارۋىسى. ئۇنىڭ مۇشۇ ئېشەك بىلەن تۈزچىلىق قىلىۋاتقىنىغا ئۇزاق يىللار

بولغانىدى. ئۇ تۈنجى قېتىم ئاتىسىنىڭ ئارقىسىدىن تۈزلۈق جاڭگاللىغا ئەگىشىپ چىققان چېغىدا تېخى تولۇق 15 ياشلارغىمۇ كىرمىگەن غەمسىز چاغلىرى ئىدى. ئاتىسى ئۇنى ئەركىلىتىپ تۇرۇپ:

— مېنىڭ ئوغلام ئۇسۇپ بويى ماڭا تەڭلىشىپ قاپتۇ مانا! ئوغال بالا دېگەن ئونبەش ياشقا چىدى، ژىگىت بولدى دېگەن سۆز! ژىگىت بالام مەن بىلەن جاڭگاللىغا بېرىپ تۇز قومۇرۇشنى ئۆگەنسۇنمىكىن... — دېگەندە ئۇ ئۆزىنى خۇددى بويى بىر غېرىچ ئۇسۇپ كارغا كېلىپ قالغاندەك سەزگەنىدى. ئاتىسىنىڭ ھەر كۈنى يوغان ھارۋىدا لىققىدە تۇز بېسىپ كېلىشىدىن ئۆزىمۇ تۇزچىلىققا قىزىقىپ تۇراتتى. ئاتىسى ئۇنى «ژىگىت بالام» دەپ ئەركىلەتكەنىددىن كېيىن ئۇ پات - پات ئۆزىنىڭ سايىسىغا قاراپ باقىدىغان، «ژىگىتلىكى»نى بىر كۆرۈپ باققۇسى كېلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ چوڭلارنىڭ دائىم قىلغان ئىش - ئوقىتى ياكى گەپ - سۆزلىرى ئۆزلىرىگە يېقىپ قالغان، كۆزدگە سىڭىپ قالغان، كۆڭلى يېقىن بولۇپ قالغان بىرەرسىنى «ژىگىتتەك ئىش قىلىدىكەن»، «ژىگىتتەك گەپ قىلىدىكەنسەن»، «ژىگىت دېگەن مۇشۇنداق بولىدۇ» دېگەنددەك سۆزلەر بىلەن سۈپەتلىگىنىنى تولا ئاڭلاپ تۇراتتى. شۇڭا ياشلىق باھارىغا قەدەمى يېقىنلاپ قالغان غۇبارسىز، ئوتلۇق كۆڭلى بىرەرسى تەرىپىدىن «ژىگىت» لىك سۈپەت بىلەن ئاتىلىپ قېلىشنى ئارزۇ قىلىپ، چاڭقىغانىدەك بولاتتى. مەھەللىدىكى ئاقساقاللار «ژىگىت» دەپ تەرىپلىگەن ياشلارغا ھەۋەس بىلەن قاراپ، ئۇلارنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشىدىن «ژىگىت»لىكنىڭ بەلگىلىرىنى ئىزدەيتتى.

نەچچە ئاينىڭ ئالدىدا ئۇ ئاتىسى تۈزغا كېتىپ، ئاتاسىنىڭ ئورنىدا مەھەللە ئېرىقىنى چاپقىلى چىققاندا، ئېرىق چېپىۋاتقان كىشىلەر ئۇنىڭغا قاراپ بىر ئېغىزدىن:

— مانا مانا، سەنمۇ ژىگىت بوپسەن!

— ھەئە، ئاتىسىنىڭ قولىنى سوۋۇتۇپتۇ... — دېيەشىپ ماختىشىۋېدى، ئۇ قاتتىق ھاياجانلىنىپ بىر مىنۇتمۇ ئولتۇرماي كەتمەن چاپتى. ھەتتا قىزىقچىلىقتا ئىككى تەردپىدە تۇرۇپ ئېرىق چېپىۋاتقان ياشلارنىڭ پاسىلىدىن يېرىم مېتىردىن يەرنى قوشۇپ چېپىۋەتكەنىدى. شۇ چاغدا ياشتا چوڭ بىر قانچە كىشى ئۇلارنى ئەيىبلەپ:

— تېخى سۆڭىكى قاتمىغان كىچىك نىمىگە پاسىلىڭلارنى چاپتۇرۇش ژىگىتنىڭ ئىشىمۇ؟! ئاكا يولۇق تۇرساڭلا... — دەپ ئىككى يىگىتنى ئۇيالدۇرۇۋەتكەندە ئۇ «ژىگىت»لىكنىڭ كۆپ ئىشلارغا چېتىلىدىغانلىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتكەنىدى. شۇ سەۋەبتىنمۇ، ئاتىسىنىڭ گېپىدىن روھلىنىپ، ئاتىسى بىلەن جاڭگاللىغا تېزراق بېرىشقا قىزىقىپ قالدى.

تۈنجى كۈنى ئاتىسى ئۇنى ھارۋىسىغا چىقىرىپ جاڭگالنىڭ ئىچكىرىسىدىكى تۈزلۈق سايغا ئېلىپ كەلگەندە ئۇ كۆز يەتكۈسىز تۈزلۈق سايغا قاراپ ھەيران قالغانىدى.

— ئاتا، بىز كولايدىغان تۇز نەدە؟ — دەپ سورىغانىدى ئۇ يىراقتىن لاۋۇلداپ كۆرۈنگەن ئاق شور، ئويمان - دۆڭلەرگە قارىغىنىچە.

— تۇز مۇشۇ تۈزلۈقسايىنىڭ ئاستىدا بالام، — دېگەنىدى ئاتىسى تونىنى سېلىپ ھارۋىنىڭ چوقىيىغا ئاسقاچ، — مۇشۇ كۆرۈنگەن تۈزلۈقسايىنىڭ ئاستىدا قازسا - قازسا تۈگىمەيدىغان بىباھا شور تۇز بار.

ئاتىسى بېلىنى باغلىۋالغان چىت پوتىسىنى ياشلاپ مەھكەم باغلىۋالغاندىن كېيىن ئالقانلىرىغا تۈكۈرۈپ قويۇپ كەتمەننى قولىغا ئالدى. ئاندىن كەتمەن بىلەن ئۇدۇل كەلگەن يەرنى ئويۇشقا باشلىغان ئوغلىغا قاراپ ئېغىز ئاچتى.

— توختا بالام، تۈزنى بۇنداق كولىساڭ ھەممىنى ھارام قىلىسەن. ئاۋىلام تۇز كولايدىغان يەرنىڭ تۈپىسىنى ئازراق قىرىپ ئاستىدا تۇز بار - يوقلىقىنى دىتلىۋالىمىز. ئاندىن كەتمەننى مانا مۇنداق يان تەرەپتىن ئاۋايلاپ سېلىپ تاپ ئاچىمىز. تۈزنىڭ ئۆزىگە كەتمەن تەگكۈزمەي تۇرۇپ ئاستى تەرىپىنىڭ تۈپىسىنى تېرەك كولىۋېلىپ ئاندىن ئۈستىدىن قول بىلەن يېنىك باسساق تۇز ئاجراپ چىقىدۇ. يېڭى قومۇرغان تۇز دەماللىققا ھۆل بولىدۇ. مەدىيلاتسىلا ئېزىلىپ كېتىدۇ. شۇڭا تۈزنى دەرھال كۆتۈرەشكە ئالدىرىماي بىرەر تاۋاق ئاش ئىچىم كۈن كۆرسىتىمىز. ئاڭغىچە باشقا يەرنى كولاپ تۇرىمىز. سەل - پەل ئاپتاپ كۆرۈۋالغاندىن كېيىن قومارغان تۈزغا جان چىرددۇ. شۇ چاغدا كۆتۈرەپ ئېلىپ يۈزىدىكى قاداق شور، زەي توپىلارنى پاكىز قىرغاندىن كېيىن يەنە ئاپتاپقا سالمىز. بىرسى قۇرىسا بىرسىنى قومۇرغاچ تۇرىمىز، بىرسى تەييار بولسا بىرسىنى ئاپتاپقا سالىمىز. مۇشۇ تەرىقىدە قومارساق ئاندىن تۇز تەييا بولىدۇ...

ئاتىسىنىڭ كۈندە ھارۋىغا لىققىدە بېسىپ ئېلىپ كېلىدىغان تۈزلىرىنىڭ قانچىلىك ھەركەت ۋە مېھنەتلەر بىلەن ھازىر بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدىغان ئوغۇل، ئاتىسىنىڭ بىر

تەرەپتىن سۆزلىگەچ يەنە بىر تەرەپتىن يەم بىلەن شور ئاستىدىكى تۈزلارنى ئاۋايلاپ قومۇرۇشلىرىغا قاراپ ئىچى سىقىلغاندەك بولۇپ ئېغىز ئاچتى.

— نېمىدېگەن جاپالىق ئىش بۇ! پەقەت ئايىغى چىقمايدىكەن!...

— بۇنچىلىك ئىشنى جاپالىق دېمەيدىغان بالام! — دېدى ئاتىسى ئىشتىن توختاپ ئوغلىغا بۇرۇلۇپ، — بۇ دېگەن ژىگىتنىڭ قىلىدىغان گېپى ئەمەس. ھەقىقىي ژىگىتكە ئىشنىڭ تەسى، جاپاسى، مەينىتى بولمايدۇ.

ئاتىسى ئۆزىنىڭ قىلغان گېپىدىن ئۇيۇلۇپ ۋىللىدە قىزىرىپ كەتكەن ئوغلىنىڭ چىرايىغا قارىماستىن يەم بىلەن تۈزنى قومۇرغاچ سۆزىنى داۋام ئەتتى:

— تۈزچىلىق دېگەن بىر ئۇلۇغ كەسىپ بالام، تۈز بولمىسا ياغ بىلەن يەجەمەننىڭمۇ تەمى بولماس، ئالتە ئايلىق پاخلاننىڭ گۆشىگىمۇ بىر چىمدىم تۈز بولمىسا يېيەلمەيسەن. شۇڭا، تۈز ھەققىدە ئاجايىپ ھېكمەتلىك بېشارەتلەر ئېيتىلىپ كەلگەن...

ئاتىسى بايا قومۇرغان بىر پارچە تۈزنىڭ ۋىللىدە ئاپتاپ كۆرۈپ يۈزى ئاقارغىنىنى كۆرۈپ تۈزنى قانداق قىرىشنى ئوغلىغا كۆرسىتىپ قويۇش مەقسىتىدە بېلىدىن تۈزچى كەكسىنى ئېلىپ تۈزنىڭ يۈزىنى قىرغاچ سۆزىنى داۋام ئەتتى.

— ھە، بۇرۇن بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن بالام، ئۇ پادىشاھنىڭ قول ئىلكىدە ھەددى-ھېسابسىز بايلىقى بار ئىكەن. چارۋىلىرىنىڭ سانىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدىكەن. دۇنياسىنىڭ كەڭلىكىدىن ھېچكىمگە، ھېچنېمىگە موھتاج بولمايمەن، دەپ ئويلايدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھ بىر ۋاقلىق تەمى، قۇۋۋەتى يوق بەتتام تائامغا ئېغىز تېگىپ يېيىشكە ئامالسىز قىلىپ بۇنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ. پادىشاھنىڭ خىزمەتكارى ئوردىدا تۈزنىڭ تۈگەپ قىلىپ مۇشۇنداق بولۇپ قالغانلىقىنى قەيت قىپتۇ. تائام ئاغزىغا تېتىمىغان پادىشاھ دەرھال تۈز تېپىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. خىزمەتكارلار دەرھال تۈز ھازىر قىلىش ئۈچۈن يېقىن ئەتراپتىكى بىر تۇل خوتۇننىڭ ئۆيىگە تۈز سوراپ كىرگەنىكەن، تۇل خوتۇن تۈزلۈق قاپىقىدىن بىر نوگاي تۈز سۈيى ئېلىپ بېرىپتۇ. خىزمەتكارلار شۇ بىر نوگاي تۈز سۈيى بىلەن پادىشاھنىڭ تائامىغا تەم كىرگۈزۈپ ئۇنىڭ غەزىپىدىن ئامان قاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن «پادىشاھنىڭمۇ تۈزى تۈگەر» دېگەن ماقال تارقىلىپتۇ... مانا بۇ ھېكمەت بالام، پادىشاھنىڭ سانسىز بايلىقلىرى، مال-چارۋىلىرىنىڭ لىغلداپ تۇرغان گۆشلىرىمۇ بىر تۇل خوتۇننىڭ بىر نوگاي تۈزىسىز تەم ۋە قۇۋۋەتكە ئىگە بولالىغان ئەمەس. مانا، تۈز دېگەن شاھ-گاداي ھەممىسى ئۈچۈن باپباراۋەر ئۇلۇغ نەرسە!...

ئوغلى ئاتىسىنىڭ سۆزلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىغاچ ئاتىسىنىڭ قولىدىن كۆز ئۈزمەي قۇرۇغان تۈزلارنى قىرىشقا باشلىدى. قوللىرى ئوتتۇندەك بولۇپ قېتىپ كەتكەن ئاتىسى قېرىپ قالغىنىغا باقماي ياش يىگىتلەردەك چەبدەس ھەرىكەت قىلىپ كەتمەن چاپاتتى. ئۇزۇن چاپىنىنىڭ ئېتەكلىرىنى قايرىپ پوتىسىغا قىستۇرۇۋېلىپ يەم بىلەن تۈز قومۇراتتى. ھەر بىر كەتمەننى شىلتىشى شۇنچە جايىدا، مۇنەججەم، ئەپچىل ئىدىكى ئوغۇل ئاتىسىنىڭ بىھۇدە بىرەر كەتمەن شىلتىپ قالغىنىنى پەقەتلا سېزەلمىدى. ئاتىسىنىڭ قومۇرغان تۈزلىرى شۇنچىلىك يوغان ئىدىكى بىر قىسىم تېۋى بوش يىگىتلەر ئۇنىڭ قومۇرغان بىر پارچە تۈزىنى قۇچاقلاپ ھارۋىغا ئالالمايتتى. ئاتىسى قولى ئىشتا بولغان بىلەن تۈز قومۇرغاچ ئاغزىنى شۈك قويماي ئۇنىڭغا پەند-نەسىھەت قىلاتتى.

— تۈز ئۇلۇغ، تۈزچىلىق ئۇلۇغ كەسىپ بالام، ھە...بايام دېگەنىدەك پادىشاھنىڭمۇ تۈزى تۈگەيدۇ. تۈزنىڭ ئۇلۇغلىقىدىن تۈزغا پادىشاھنىڭمۇ، پېقىر-گادايىنىڭمۇ ھاجىتى چۈشىدۇ. تۈزدا ھېكمەت بار بالام. شۇڭا تۈزنىڭ ئۇلۇغلىقىدىن تۈزغا سىيسە يامان بولىدۇ، تۈزغا دەسسىسە يامان بولىدۇ. تۈزدىن ئاتلاپ ئۆتسە يامان بولىدۇ. تۈزنى شېپى كەلتۈرۈپ تۇرۇپ قەسەم ئىچسە يامان بولىدۇ. بىراۋنىڭ بەرگەن تۈزىغا تۈزكورلۇق قىلسا يامان بولىدۇ... تۈزچىلىق ھەم ئۇلۇغ كەسىپ، ھەم نازۇك كەسىپ. تۈز دېگەن ئۆيىنىڭ بەرىكىتى. ئەمما ئۇنى پاكىز، ھالال كەسىپ قىلمىغان تۈزچى راۋاج تاپمايدۇ! ھازىر جىق تۈزچىلار بىپەرۋا بولۇپ كەتتى. ئەقىدىسى بوش، تۈزنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ئاغزىدا دەپ قويۇپ گېپىگە ئەمەل قىلىشمايدۇ! ئۇلار تۈز قومۇرۇۋېتىپ تەرىتى قىستاپ كەتسە ئالتە ماڭدام نېرى بېرىپلا سىگار تىز بولۇپ تەرەت قىلىۋېرىدۇ، مانا بۇ تۈزغا سىيگەنلىك! قارا بالام، مۇشۇ كۆرۈنگەن كۆز يەتكۈسىز شور جاڭگالنىڭ ھەممىلا يېرى تۈز، كەتمەن سالسىلا تۈز چىقىدۇ. شۇڭا بەك ئاۋايلاش كېرەك، ھەر كەسىپنىڭ ئۆز ئەقىدىسى بار، ئەقىدە سۇسلىغان كەسىپ روناق تاپالماس...

ئۇ ئاتىسىنىڭ سۆزلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىغانسېرى ئاڭلىغۇسى كېلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئاتىسى ئۆگەتكەن ئۇسۇللار بىلەن تۇز قومۇرۇشنىڭ ئېپىنى خېلى ئۆگىنىۋالدى. دەسلەپ قومۇرغان تۇزلىرى قوش مۇشتەك، ئادەم بېشىدەك چىققان بولسا كېيىن ئېپىنى تاپقانسېرى داڭقاندەك، قازاندەك تۇزلارنى قومۇرۇشنى ئۆگەندى. تۇزنى يوغان قومۇرۇشنىڭ ئۆزىمۇ بىر خىل كۆڭۈللۈك ئىش ئىدى. بىرىنچىسىدىن ئىككىنچىسىنى چوڭ قومۇرۇپ قالسا قىزىقىش ئۇچىدە ئۈچىنچىسىنمۇ شۇنداق چوڭ قېزىش ئۈچۈن ھارغىنىنى، چارچىغىنىنى بىلمەي ئىشلەپ كېتەتتى. ئاتىسى مۇنەججىم تۇزچى بولغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭغا تۇزنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىنى قوغلاشماي پاكىزلىقىغا ئەھمىيەت بېرىشنى تاپىلايتتى.

— تۇزنىڭ يۈزىنى پاكىز قىزىشنى ئۆگەن بالام، تۇزنىڭ يۈزىدە بوش توپا قالسا بولمايدۇ. بوش توپا تۇزنى قايناتقاندا كۆپۈك بولۇۋېلىپ تۇزى بەرىكەتسىز چىقىپ قالىدۇ. بوش توپىنىڭ ئاچچىقى تۇزنىڭ تەمىنى كېسىۋەتسە تۇز قىرتاق بولۇپ قالىدۇ، تۇزغا ھارامزادىلىك قىلسا يامان بولىدۇ!...

ئاتىسىنىڭ ھەر بىر قىلغان سۆزىدە، ھەر بىر قىلغان ئىشىدا، ھەرىكىتىدە، ئەمەلىيىتىدە ناھايىتى چوڭ سۆيەت بىر تەقۋادارلىقنىڭ، بىر يۈكسەك ئەقىدىنىڭ شولىسى يالت ئەتكەندەك كۆرۈنۈپ تۇراتتى. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى جاپاسىمۇ، ھالاۋىتىمۇ بار بۇ كەسىپكە ئۇ ئۆزىمۇ سەزمەي ئەچەكىشىپ قالغانىدى. ئاتىسىدىن كېيىن قالغاندىن كېيىنمۇ ئاتىسى ئىشلەتكەن كەتمەن، ئاتىسى ئىشلەتكەن تۇزچى كەكسىنى يېنىدىن ئايرىماي ئاتىسى ئىشلەتكەن كونا ھارۋا بىلەن جاڭگالغا چىقىپ تۇز قېزىشنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. پەقەت ئالدىدىكى چەكلىك ھاياتنىڭ مېھمىنى بولمىش مۇشۇ ئېشەكنىلا بىر قانچە قېتىم ئالماشتۇردى. بۇ جانىۋارى قاچانغىچە ھەمراھ بولىدۇ؟ بىر ئىگىسىلا بىلىدۇ. يۇمشاق توغرالغان بېدە بىلەن سارغىيىپ قالغان سامانىنى چاينا - چاينىماي يالماپ يۇتقىنىغا قارىغاندا خېلى جېنى بار. ئەمما تۇزچىنىڭ پۇتىدا ماغدۇرى ئاز قېلىۋاتىدۇ!...

تۇزچى ئېشەكنىڭ تۇمشۇقىدىن نېرى سۈرۈلۈپ كەتكەن چېپىتنى ئوڭشاپ ئېشىكىگە قايتا يېقىن سۈرۈپ قويىدى. ئېشەك بويىنى يەتمەي سوزغان تۇمشۇقىنى تارتىۋېلىپ ئۈركۈگەندەك بولدى - يۇ، قايتا چېپىتقا تۇمشۇقىنى پاتۇردى.

ئېشەكنىڭ سامان يېيىشىگە قاراپ ئولتۇرغان تۇزچى يەنە خىيالغا پاتتى. ئۇ ھەر قېتىم جاڭگالدىن تۇز ئېلىپ يانغاندا مۇشۇنداق ئېشەكنى ھاردۇق ئالدۇرۇپ، چۆپ - چار، سۇ بەرگەچ ئۆزىمۇ جىندەك ھاردۇق ئېلىۋالىدۇ. يىللاردىكىگە قارىغاندا بۇ يىل سەل قېرىلىق يەتكىلى تۇردىمۇ، ئۆتۈكى پۇتىغا ئېغىر كېلىدىغان، چاپىنى گەۋدىسىگە ئېغىر كېلىدىغان، يەنە تېخى كۆپرەك سۆزلىسە گېپىمۇ ئېغىزىغا ئېغىر كېلىدىغان بوپقالغىنىنى بىر ئۆزى سېزىدۇ. شۇڭا جاڭگالدىن مەھەللىگە ئۇلىشىۋالسىلا بىر ئۇھ دەيدۇ. ئاندىن كۈندە توختايدىغان ئۆتەڭگە ئايلانغان مۇشۇ تۆت كوچا دوقمۇشىدا بىرەر چاي قاينام ئېزىلىپ ئولتۇرۇپ ئايىقى چىقماس خىياللار قوينىغا ئەسىر بولۇپ ئاز - تولا ھاردۇقىمۇ چىقىپ قالىدۇ. تۇزچىنىڭ ئەبجەق ھارۋىسىنىڭ چاقىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ خىيال سۈرۈشنىڭ ئۆزىمۇ شۇنداق راھەتلىك. چاقنىڭ قاتتىق سىملىرى دۈمبىسىگە پاتقىنىنى سەزمەي خىيال ئېلكىدە مەست بولۇپ ئاستا - ئاستا مۈگدەك بېسىپ ئېزىلىپ قالىدۇ!...

ھەئە! بىر ئۆينىڭ غېمى دېگەن شۇ. دائىم «سەن ئۆي تۇتمايسەن، ئۆي سېنى تۇتىدۇ» دەيدىغان رەھمەتلىك ئاتىسى. ئاجايىپ مۇنەججىم كىشى ئىكەن رەھمەتلىك. مانا، ئاتىسىنىڭ قىلغان گەپ - سۆزلىرى ھەر كۈنى، ھەر قەدەمدە دېگۈدەك ئالدىغا ئۇچراپ تۇرغىنىنى تۇزچى ئاجايىپ ھېكمەت، دەپ چۈشىنىدۇ. شۇڭلاشقا ئاتىسى رەھمەتلىك ھايات ۋاقتىدا دېگەن گەپ - سۆزلىرىنىڭ ھەر - بىرىنى ئېسىدە مەھكەم ساقلاشقا، ئەمەلدە تىرىشىدۇ. ھەر كۈنى تۇز قومۇرۇشقا چۈشكەندە ئاتىسىنىڭ: «ئەر كىشى كەتمەن چاپقاندا، ئېغىر - يېنىك نەرسە كۆتۈرگەندە بېلىدىن پوتىسىنى نېرى قىلماسلىقى كېرەك» دېگەن گېپى يادىغا يېتىدۇ. پوتىسىنىڭ بوشاپ قالغان چېگىكىنى ياشلاپ چىڭىتىۋېلىپ ئاندىن ئاتىسىنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە ئاۋۋال «بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىيم» دەپ پىچىرلاپ كەلىمە كەلتۈرۈپ تۇرۇپ تۇنجى كەتمەننى يەرگە ئۇرىدۇ. تۇزچى ھازىر تۇز قومۇرۇشقا ئاتىسىغا ئوخشاشلا ئۇستا. كۆزنى تېگىپ قويسىمۇ شور جاڭگالنىڭ نەرىدىن تۇز ياخشى چىقىدۇ، نەرىدىن چىقمايدۇ؟ ھەممىنى خاتاسىز بىلەلەيدۇ. تۇزنى قومۇرۇۋېتىپ ھارغان - چارچىغان چاغدا باشقا تۇزچىلاردەك ئۇدۇل كەلگەن يەرگە ئېغىناپ ئۆزىنى تاشلىمايدۇ. كۆزى كۆرگەن دۆڭنىڭ ئارقىغا ئۆتۈپلا زوڭزىيىپ ئۇدۇل كەلگەن يەرگە تەرەت سۇندۇرمايدۇ. چۈنكى، ئاتا-

سى رەھمەتلىك شۇنداق ئۈگۈت قىلغان.

ئۇ يېڭى تۇزچىلىقنى باشلىغاندا مەھەللىدە بىرسى ئۇنىڭ بىر ھارۋا تۇزنى ئېلىپ جاڭگالدىن قايتىپ چىقىۋاتقىنىنى كۆرۈپ چاقچاق قىلغانىدى.

— ھە، سۇلايمىناخۇننىڭ ئوغلىمۇ ئاتىسىنى دوراپ تۇزچى بولاي دەپتۇ-دە، ھە بوپتۇ، ئاتا كەسپىگە ۋارىس بولماق ياخشى پەزىلەت. ئەممازە ئاتاڭنىڭ چىڭلىق، پىششىقلىقىغا ۋارىس بولما، ئاتاڭ ھارۋىسىدىن سىڭار مۇشتەك بىر پارچە تۇز چۈشۈپ قالسا ئارقىغا يېنىپ بىر ئۈن يېتىم يەرگىچە ئىز ئىزلايدىغان كىشى. ھەتتا يېرىمگە ئوغۇت بولىدۇ دەپ كۈن چۈشتىن قايرىلسىمۇ بىر قېتىملىق كىچىك تەرىتىنىمۇ جاڭگالدا قويماي ئۇدۇل ئۆيگە ئېلىپ كېلىدىغان ئىچى پىششىق كىشى!...

ئۇ دەسلەپ بۇ گەپلەرگە ھەيران بولغانىدى. بىراق ئاتىسىدىن كېيىن قېلىپ جاڭگالدا يالغۇز تىرىكچىلىك قىلىش جەريانىدا كۆپ نەرسىلەرگە ئەقلى يېتىپ ئاتىسىنىڭ ئاجايىپ ئۇلۇغ ئىنسان ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يېتىشكە باشلىدى. ئەسلى ئاتىسى ھارۋىدىن چۈشۈپ قالغان بىر مونەك تۇز ئۈچۈن ئەمەس، ئۆز ئەقىدىسى ئۈچۈن ئۈن يېتىم يەرگىچە چۈشۈپ قالغان تۇزنى «ئىز ئىزلايدىكەن». «بىر قېتىملىق كىچىك تەرىتىنى جاڭگالغا قويۇپ كېتىشكە چىدىماي» ئەمەس، بەلكى ئۆزى ئۇلۇغلاپ يۈكسەك ساداقىتىنى باغلىغان تۇزنىڭ ئاشۇ ئۇلۇغلىقىدىن ئەيمىنىپ، قورقۇپ تۇرۇپ «تۇزغا سىيسە يامان بولىدۇ» دېگەن ھېكمەتلىك ئۇدۇم-ئەقىدىگە چىن دىلى بىلەن ئەمەل قىلىپ ئىش تۇتىدىغان تەقۋادار ئىنسان ئىكەن. تۇزچى ئاتىسىنىڭ بىر مونەك تۇز ئۈچۈن ئۈن يېتىم يەرگىچە پىيادە مېڭىپ چۈشۈپ قالغان تۇزنى ئىزدىگىنى بىلەن، تۇز سوراپ كىرگەنلەرگە ئۈنچىۋالا پىششىق ئەمەسلىكىنى ھازىرمۇ شۇنچىكى ئېنىق ئەسلىيەلەيدۇ. ھەتتا ئاتىسى مەھەللە يولىدا كېتىۋېتىپ خوشلۇقى تۇتۇپ قالغاندا ئالدىغا ئۇچرىغانلارغا ھارۋىسىدىن بىر-ئىككى مونەك تۇز ئېلىپ بىكارغىلا بېرىۋېتىپ خەقنى خوش قىلىشقا ئامراق ئادەم ئىدى، بەزىدە ئوغلى ئاتىسىنىڭ بۇ قىلغىنىنى چۈشىنەلمەي:

— ئاتا، شۇنچە تەستە ئەكەلگەن تۇزنى خەققە بىكاردىن-بىكار تارقىتىۋېتىمىزمۇ؟ — دېسە، ئاتىسى:

— كىشىنى خوش قىلالىغان ئادەم ئۆزىنىمۇ خوش قىلالايدۇ بالام، — دەپ قىسقىلا جاۋاب بېرەتتى. شۇڭا مەھەللىدە ھەممە كىشى ئۇنىڭ ئاتىسىغا ئامراق ئىدى. ھۆرمەتلەيتتى، چوڭ بىلەتتى. بۇ ئوتتۇرادا ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ قولىدىن تۇز تېتىمىغان بىرمۇ ئادەم ياكى بىرمۇ ئائىلە يوق دېسە تامامەن بولاتتى. ئاتىسى ئۆلۈپ كەتكەن كۈنى ئۇ بىر ئىشقا ھەيران قالماي تۇرالمىدى. ئادەتتە بىر ئۆيدە ئۆلۈم-ھازا بولسا شۇ ئۆيلۈكنىڭ يېقىن تۇغقانلىرى ۋە يېقىن-يورۇقلىرى ھازىدارلار قاتارىدا تۇرىدىغان ئىش بار. ئەمما ئۇنىڭ ئاتىسى ئۆلۈپ كەتكەن كۈنى پۈتۈن يۇرت-مەھەللىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ھازىدار بولۇپ ئۆرە تۇرۇۋېلىپ، شۇنچە كەڭ ھويلىغا پاتماي ئىشىك ئالدىدىكى يول بويلىرىغىچە ئۇزۇن سەپ بولۇپ كەتكەندە ئۇنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ ئىچ-ئىچىدىن ئېزىلىپ يىغلىغان. ئاتىسىنىڭ ئەل ئالدىدىكى يۈكسەك ئورنىنى ئۇنىڭ ھالال كەسپىدىن تونۇپ، ئاتا كەسپىگە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ۋارىسلىق قىلىۋاتقان تۇزچى ھازىرمۇ ئورۇق ئېشىكىگە يېقىن سۈڭدىشىپ بېشىنى سالغىنىچە خىيالچان مېڭىپ ئاتىسىنىڭ نۇرانە ئىزلىرىنى قاداق شور-توپا ئۈستىدىن ئىزدەپ باققۇسى كېلىدۇ. ئاتىسىنىڭ «كىشىنى خوش قىلالىغان ئادەم ئۆزىنىمۇ خوش قىلالايدۇ» دېگەن بۇ ھېكمەتلىك سۆزى، ياق، يۈكسەك ئەقىدىسى بويىچە ياشاپ ئاتىسىنىڭ روھىنى ئەمىن تاپقۇزۇشنى ھەر ۋاقىت دىلىدىن نېرى قىلمايدۇ. ئاتىسىنىڭ سۆز-ھەرىكەتلىرىدىن ئۇدۇم بولۇپ قالغان ھېكمەتلەردىن ۋۇجۇدى يۇمشاپ چاناقلىرى ئاتىسىغا بولغان سېغىنىشنىڭ تامچىلىرىغا لىق تولىدۇ...

تۇزچى بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپىغا بىر قۇر قاراپ قويدى. مەھەللە ئىچى جىمجىت، ئەتراپتا ھېچبىر ئادەم كۆرۈنمەيتتى. تۇزچى ئورنىدىن تۇرۇپ ئېشەكنىڭ قۇلىقىغا قارىدى، ۋىجىك ئېشەكنىڭ بايىلا چۆپتەك ھۆل بولۇپ كەتكەن قۇلىقىنىڭ تەرى قۇرۇپ، يۇمشاق سامانغا ئارىلاشتۇرۇلغان خۇشبۇي قۇرۇق بېدىنى يەپ خېلى تېتىكلىشىپ قالغىنى مانا مەن دەپ بىلىنىپ تۇراتتى. تۇزچى بايىقى چوكان ئەپچىقىپ يولنىڭ چېتىدە قويۇپ قويغان چېلەكنى ئېلىپ ئۆستەڭدىن سۇ ئېلىپ كېلىپ ئېشەكنىڭ ئالدىدا قويدى. قۇرۇق چۆپ يەپ ئۇسسىغان ئېشەك چېلەكتىكى سۇنى سۈزۈپ سۈمۈرۈپ ئىچىپ بولغىچە بېشىدا سەۋرچانلىق بىلەن قاراپ تۇرغان تۇزچى بوشىغان چېلەكنى ئېلىپ بىر چەتكە قويۇپ چېپتىنى قايتىدىن ئېشەكنىڭ يېنىغا سۆرەپ قويدى، ئاندىن ھارۋىنىڭ چاقىغا دۈمبىسىنى يۆلەپ ئولتۇرغىنىچە يەنە خىيالغا پاتتى.

تۇزچى ئاتىسىدىن كېيىن قېلىپ تالاي يىللارنى ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ جاڭگالدا ئۆتكۈزۈپ كەلدى. مېڭىنى قايناتقان ئوت ئىسسىق، جاندىن ئۆتكەن نەشتەردەك سوغۇق، كۆز ئاچۇرماس قۇم - بوران، قىلغان ئەمگىكى ۋە مېھنىتىنى ئىككى پۇللۇق قىلىۋېتىشكە ئارانلا تۇرىدىغان يامغۇر - يېشىن، سەھەرلەپ ئۆيدىن چىققان پېتى ماڭغىلى تۇرسا كەچتە جاپالىق بىر كۈننى ئۆزىگە ھەمراھ بولۇپ ئۆتكۈزۈپ ھېرىپ ھالى قالمايدىغان ئورۇق ئېشىكى ئۇنىڭغا ھەر قاچان ھەمراھ بولۇپ كەلدى. ئاتىسى بىر ئۆمۈر كىيىپ يىرتالماي ئۇنىڭغا تەۋەررۇك قالغان، يازۇ - قىشى پۇتىدىن چۈشمەيدىغان تېرە ئۆتۈكى بۇ پايانسىز جاڭگالنىڭ ھەممە بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىدا ئىز قالدۇردى. ئاچچىق شامال غۇرقىراپ سوقۇپ تۇرىدىغان ھاۋاسى قۇرغاق شور جاڭگال، ماڭسا - ماڭسا تۈگىمەيدىغان ئېگىز - پەس قۇم يوللار تېزلا ئۇنىڭ پېشانىلىرىگە يول - يول قورۇقلارنى تارتۇقلاپ، ئاپتاپتا كۆيۈپ قاپقارا بولۇپ كەتكەن يۈز - بويۇن تېرىلىرىنى مىستەك پارقىرىتىپ ئايلاپ - ئايلاپ ئۇستىرا تەگمەيدىغان يېرىك ساقاللىرىغا ۋاقىتسىز ئاق ئارىلاتقۇزدى. تۇزچى مۇشۇ تۇزچىلىق بىلەن ئۆتكەن كۈنلىرىنى، تارتقان جەبىر - جاپالىرىنى كۆز ئالدىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتكۈزسە ئۆزىنى خۇددى 1000 ياشلارغا كىرگەندەك ھېس قىلىدۇ. لېكىن، ئاتا كەسپىدىن تاپقان خۇشاللىقمۇ ئاز ئەمەس. ھەر كۈنى جاڭگالغا ئېشەك ھارۋىسىنى ھەيدەپ ماڭغاندا ئۇنىڭ قولىدىن قانچە قېتىملاپ تۇز ئالغان، تۇز تېتىغان، تۇز يېگەن مومايلار ئۇنىڭغا ئىللىق سالام قىلىپ، ئۇنىڭ جاڭگالدىن سالامەت قايتىپ كېلىشىنى، بەرىكەتلىك بولۇشىنى، ئىنسابىنى، ئىمانىنى تىلەپ ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا دۇئا قىلغىنىچە قېلىشىدۇ. بوۋايلار بولسا ئۆڭى مەرھۇم ئاتىسىنىڭ ئۆڭىگە تېرىسىنى قاپلاپ قويغاندەك ئوخشايدىغان، ھەئە، قىلغان گەپ - سۆزلىرىمۇ، ئاۋازىمۇ قىلغان ساۋابلىق ئىشلىرىنىڭ بەرىكىتى بىلەن ئاتىسىغا ئوخشاشلا ئەل - جامائەتنىڭ نەزەرىگە ئېلىنىپ قالغان تۇزچىغا سالام قىلغاچ، تولا كۈنلىرى جاڭگالدا ئۆتۈپ ئادەم سېغىنىپلا تۇرغانلىقتىن بىر يەرگە كېپقالسا مۇڭدىشىپ گېپى تۈگىمەيدىغان مەرھۇم تۇزچىنى يادىغا ئېلىشىپ، كۆڭۈللىرى بۇزۇلۇپ كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئېلىشىدۇ. چوكانلار تۇزچىنىڭ كەچتە چوقۇم يۈزلىرى ئاپپاق ئاقارغان، ھەر داڭقاندەك - داڭقاندەك يوغان تۇزلارنى ھارۋىغا بېسىپ قايتقاندا، مەھەللىدىكىلەرگە چوقۇم بىر - ئىككى پارچىدىن تۇز بەرمەي ماڭمايدىغانلىقىنى بىلگەچكە تونۇردىن يېڭىلا سويۇۋېلىنغان، ئارىسىغا سىيادان سېلىپ، يۈزىگە پىياز بىلەن چۈچىتىلگەن سۇ مايىنى بولۇشىغا سۈرتۈپ قىپقىزىل سىڭدۇرۇپ پىشۇرغان توقاچ، زاغرا نانلارنى خالتىغا سېلىپ تۇزچىنىڭ ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي ھارۋىسىغا سېلىپ بېرىدۇ. تۇز دېسە «كۆزى تويماي»، تۇزنى چوڭ بايلىق بىلىشىپ باراڭلىق ھويلىلىرىنىڭ تەكچىلىرىگە رەتلىك تىزىۋېلىشنى ياخشى كۆرىدىغان، خوتۇنلىرىنى خۇش قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈشكەن قولى ئوچۇق، دىلى ئاق ئەرلەرمۇ قاراپ تۇرماي، چاپقان كەتمەنلىرى ۋە ھالال كۈچىنىڭ ھاسىلاتىدىن تاتلىق پىشىپ شەربەت ئېقىپ تۇرغان تاۋۇز - قوغۇنلارنى تۇزچىنىڭ ھارۋىسىغا يوللۇق تۇتۇپ سېلىپ بېرىشىدۇ.

مۇشۇنداق چاغدا تۇزچى رەھمەتلىك ئاتىسىنىڭ «كىشىنى خۇش قىلالىغان ئادەم ئۆزىنىمۇ خۇش قىلالايدۇ» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزىنىڭ تېگىگە تېخىمۇ چوڭقۇر يەتكەندەك بولىدۇ. شۇڭا مەھەللە - كويدىكىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن، مېھنىتىدىن يارالغان خۇشاللىقتىن مەھەللىدىكىلەرنى بەھرىمەن قىلىپ خۇشاللىققا ئېرىشىش ئۈچۈن، ئاتىسىنىڭ 1000 تىللاغا بەرگۈسىز ھېكمەتلىك سۆزىنى يەردە قويماسلىق ئۈچۈن كۆپىنچە باشقىلاردىن بەرگەن تۇزلىرى ئۈچۈن ھەق تەلەپ قىلمايدۇ. تۇز باسقان ھارۋىنىڭ يۈزىدە قالغان شورىنىمۇ تاشلىۋەتمەي تۈجۈپلەپ يىغىپ قويۇپ، مەھەللىدە ئوچاقلىرى كونىراپ كەتكەنلەرنىڭ ئوچاق سىلىۋېلىشى ئۈچۈن بېرىپ ئۇلارنى قەۋەتلا رازى قىلىۋېتىدۇ. تۇزچىنىڭ ھەر كۈنى سەھەردە جاڭگالغا مېڭىشى مومايلارنىڭ دۇئالىرى، بوۋايلارنىڭ مەدىتى، يىگىتلەرنىڭ ھۆرمىتى، چوكانلارنىڭ ئامراقلىق بىلەن سۇنغان ناشتىلىق تائاملىرى ۋە ئىللىق كۈلكىلىرى بىلەن كۆڭۈللۈك باشلانسا، كەچتە يەنە شۇ ھىممەت ۋە مېھنەتلەرنىڭ سېھرى كۈچىگە يۇغۇرۇلغان مۇھەببەتلىك كۈلكە - تەبەسسۇملارنىڭ قوينىغا قايتىشتەك كاتتا خۇشاللىق بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. ھە ياق، ئاخىرلاشمايدۇ، بەلكى ئەتىكى ھىممەتلىك ۋە بەرىكەتلىك بىر كۈنگە بولغان گۈزەل ئىستەكلەرنى تۇغدۇ. ئارمانلارنى ئاپىرىدە قىلىدۇ، ئۈمىدلەرنى پەپىلەيدۇ. ھېكمەتلەرنى سېھرىي كۈچكە ئىگە قىلىدۇ! شۇڭا، تۇزچى ھەر كۈنى لىقىدە تۇز بېسىلغان ھارۋىسىنى ھەيدەپ يۇرتقا كىرگەندە ئۆزىنى خۇددى يىراق سەپەردىن كاتتا ئولجىلارنى غانجۇغلاپ قايتقان

پالۋان ـ ئۇۋچىدەك بەختىيار ھالدا ھېس قىلىپ ھاردۇقى چىقىپلا قالدۇ! ماڭغان يوللىرى، تارتقان جەبىر ـ مۇشەققەتلىرى كۆزىگە كۆرۈنمەيدۇ…

تۈزچىنى خۇشال قىلىدىغىنى ئەلۋەتتە يەنە بۇلارلا ئەمەس. ئۇ مەھەللە ـ كوييلاردىن ئېشىنغان تۈزلىرىنى ھارۋىسىغا بېسىپ ھەپتىنىڭ ھەر سەيشەنبە كۈنى كېلىدىغان چوڭ بازارغا ئاپىرىپ، ئۆستەڭ بويىغا قاپقاراڭغۇ سايە تاشلاپ تۇرغان يوغان ـ يوغان دۈمچەك سۆگەتلەرنىڭ سايىسىدا باشقا يۇرتلاردىن كەلگەن كەسپداش ـ ھەمراھلىرى بىلەن گۇڭۇر ـ مۇڭۇر مۇڭداشقاچ، مۇز دوغ ئىچىشكەچ ئولتۇرۇپ سېتىشمۇ بىر خىل كۆڭۈللۈك ئىش. مەخسۇس تۈز بازىرى قىلىۋالغان بۇ ئۆستەڭ بويىدا تۈزچىلارمۇ خېلى بەك جىق. ھەرقايسى يۇرتلاردىن كالا ھارۋىسىدا، تۆگە ھارۋىسىدا، ئېشەك ھارۋىسىدا لىققىدە تۈز بېسىپ تەرەپ ـ تەرەپتىن قوشۇلغان بازار كوچىلىرى بىلەن يېتىپ كەلگەن تۈزچىلار بىر يەرگە يىغىلىپ تۈزلىرىنى ئۆز جايلىرىغا تىزىپ قويۇپ بىرلىكتە خېرىدار ساقلايدۇ.

ياشنىپ قالسىمۇ تۈزچىنىڭ قومۇرغان تۈزلىرى بازاردا ھەممە خېرىدارنىڭ دىققىتىگە سازاۋەر. ھەتتا كەسپداشلىرىمۇ ئۇنىڭ قومۇرغان تۈزىغا ھەۋەس قىلىشىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭلا تۈزى يوغان قومۇرۇلغان ۋە پاكىز قىرىلغان. ھەئە، مەرھۇم ئاتىسى ئۇنىڭغا ئاشۇنداق ئۆگەتكەن. ھۈنەرنى ئەمەس ئەقىدىنى، گەپنى ئەمەس ھېكمەتنى… شۇڭا بازاردا ئۇنىڭ تۈزلىرى تۈگىمىگۈچە باشقىلارنىڭ تۈزى ئانچە سېتىلمايدۇ. تۈز ئالىدىغان خېرىدارلارنىڭ ھەممىسىگە ئۇنىڭ تۈزلىرى ئالاھىدە كۆزگە چېلىقامدىكىن، خېلى يىراقتىنلا ئۇنىڭ ئېشەك ھارۋىسىنى نىشانلاپ كېلىشىدۇ ۋە تۈزلارغا باھا قويۇشىدۇ. ئۇمۇ باھادا چىڭ تۇرۇۋالماي تېزرەك قولنى بوشىتىپ بازاردىن چىقىپ كېتىشكە ئالدىرايدۇ. «ئالالنىڭ كەڭرى زېمىنىدىن چىقىدىغان نېمەت تۇرسا، باھا تالىشىپ نېمە قىلىمەن؟…» دەپ قارايدۇ تۈزچى ئۆزىچە. شۇڭا باشقىلاردىن كېيىنرەك بازارغا كىرسىمۇ باشقىلاردىن بالدۇرراق قايتىپ چىقىپ يەنە جاڭگالغا راۋان بولىدۇ…

تۈزچى خىيالدىن سۇغۇرۇلۇپ ئاستاغىنا بېشىنى كۆتۈردى. چېپىندىكى سامانلارنى پاك ـ پاكىز يەپ بولۇپ يەرگە چېچىلغان سامان چېچەندىلىرىنى تېرىپ يېيىش بىلەن بەند بولۇۋاتقان ئورۇق ئېشىككە، ئەمدىلا بىر پارچىسى سېتىلىپ قالغىنى ھارۋىدا ئېشەكنىڭ بىلىنى تالدۇرۇپ تۇرغان تۈزلىرىغا قاراپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويدى. باياتىن بېرى سۈرگەن خىياللىرىنىڭ ھوزۇرىدىن تەبەسسۇم قېتىپ قالغان قورۇق چىرايىغا بىردىنلا غەم ـ غۇسسىنىڭ كۆلەڭگۈسى سايە تاشلىغاندەك بولۇپ ئېغىر ئۇھسىنىپ قويدى.

ھەئە! يېقىندىن بۇيان تۈزنىڭ بازىرى سەل كاساتلىشىپ، تۈزچىنىڭ ئىشلىرى تازا دېگەندەك يۈرۈشمەيۋاتاتتى. ئېتىكى كەڭرى جاڭگالدىن كۈندە قومۇرسىمۇ تۈگىمەيدىغان بەرىكەتلىك تۈزنىڭ تەقدىرى كاج كېلىپ، دۈمچەك سۆگەتلىك تۈز بازىرى تارقىتىۋېتىلگىنىگە مانا تۆت ـ بەش بازار بولۇپ قالدى. تۈزچى ئۆزىنىڭ تىرىكچىلىك يولى ئېتىۋېتىلگەن شۇ بازار، شۇ كۈننى ھەر يادىغا ئالسا كۆڭلى چۈشۈپ يەۋالغاندەك بولۇپ ئىچىنى تىڭشايدۇ.

باشقا ھەپتىلەرگە قارىغاندا بۈگۈن بازارغا بەكلا كېچىكىپ كەلگەن تۈزچى ئۆستەڭ بويىلاپ سوزۇلغان تار بازار كوچىسىغا بۇرۇلدى. ھەر قېتىم ئۆستەڭ چاپقاندا تاشلانغان قۇم ـ توپىلار تار يولغا يېيىلىپ ھارۋىنىڭ چاقلىرى قۇمغا غىرىچچە پېتىپ كېتەتتى. ھارۋىدىكى يۈك بىلەن يەردىكى قۇم تەڭ جەبىر سالغان ئېشەك بەللىرىنى قىسماقتەك ئېگىپ لىق تۈز بېسىلغان ھارۋىنى تەستە سۆرەپ ماڭاتتى. ئېشەكنىڭ قىسماقتەك ئېگىلگەن دۈمبىسىدىن، ساغرىسىدىن، قولتۇقلىرىدىن، قۇلاقلىرىنىڭ كەينىلىرىدىن يامغۇر تامچىسىدەك تەر قۇيۇلۇپ تۇراتتى. ھەر بىر پۇت ئالغاندا بويىنى بىر سوزۇلۇپ بىر قىسقىرايتتى.

ئېشەككە ئىچ ئاغرىتىپ ھارۋىنىڭ شوتىسىنى قاماللاپ تۇتقىنىچە ئېشەك بىلەن تەڭ ھارۋا سۆرەپ كېلىۋاتقان تۈزچى تۆگە، كالا ھارۋىلىرىدا لىق تۈز بېسىشقىنىچە بىر ـ بىرىنىڭ كەينىدىن قاتارلىشىپ بازاردىن قايتىپ چىقىۋاتقان كەسپداش ـ ھەمراھلىرىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ توختىدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! يېنىپ چىقىپسىلەرغۇ بازادىن؟

— ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام… — ئەڭ ئالدىدا ئۆكۈز قېتىلغان ھارۋىسىنى يېتىلەپ كېلىۋاتقان ئوتتۇرا ياش تۈزچى ئۆكۈزنى توختىتىپ سالامغا سۇس جاۋاب قايتۇردى، — باياتىنىياغى بازا باشقۇرۇشتىن ئەدەم چىقىپ تۈز سېتىشىمىزغا بومايدىغانلىقنى ئۇقتادى.

— نېمىشقا؟! — تۈزچى ھەيران بولۇپ سورىدى، — تۈز سېتىش خاتا ئىش بومىسا يا؟

www.uyghurkitap.com

— بازا باشقۇرۇش كادىرىنىڭ دېيىشىچە بىزنىڭ تۇزنى يېگەن ئادەم پوخاق بولۇپ قالارمىش...

— ئوھ!!!... — تۇزچى تېخىمۇ ھەيران بولدى، — پوخاق؟

— ھەئە، بۇندىن كېيىن ھەممە يەردە زاۋۇتتا چەكلەگەن تۇز ئىشلىتىش، يەرلىك شور تۇزنى ئىشلەتمەسلىك دەيدىغان گەپ چىقىپ بازانى توسىدىغان بوپتۇ. بىزنى تۇزۇڭلارنى ئەكەتكىلى، بومىسا جەرىمانە قويىمىز، دەپ بازادا تۇغۇزمىدى، شۇڭا يېنىپ چىقتۇق...

شۇ ئاردا تۇزچىلارنى ياندىپ كەلگەن بىر تىراكتور تۇزچىنىڭ ئېشەك ھارۋىسىغا يېقىنلاپ كېلىپ ماڭالماي، ئۈستىدىكى شوپۇر يىگىت تۇزچىغا قاراپ ۋارقىرىدى.

— ھەي ئاكا ھوي، نىمداغ ھەممە ئادەم ئايانغا ماڭسا سەن يولنى توغرا توساپ تۇرسە؟ تاتە ھارۋاڭنى! مەن ئۆتۈۋالاي...

— ئەمدى قايداغمۇ قىلامىز؟ — دېدى تۇزچى ئۆكۈز ھارۋىلىق كەسپدىشىغا غەمكىن قاراپ ئېشەكنىڭ بېشىنى قايتۇرغىنىچە.

— ئۇقمۇدۇق، — ئۆكۈز ھارۋىلىق تۇزچى ئېشەك ھارۋىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشكەچ روھسىز ھالدا قوشۇپ قويدى، — بومىسا چوڭ يولنىڭ بويىدا تۇرۇپ باقىلمەكى، شۇ يەدىمۇ خېرىدا با، كادىرلا كۆرەپ بوغىچە تۇزدمىزنى سېتىپ بولامىز...

— شۇنداغ قىللى، — دېدى تۇزچى بۇ مەسلىھەتنى توغرا تېپىپ، — ئاتايىن ئەكەپتۇك ئەمدى، بىز كۈنلۈك بازا ئەمەسمۇ...

ئۇلار ھارۋىلىرىنى قويرۇق ئۇلاش ئەگەشتۈرۈپ ھەيدەپ چوڭ ماي يولنىڭ بويىغا چىقىشتى. دە، ئادەملەر ئازراق، بازار ۋە يولغا توسالغۇ پەيدا قىلمايدىغان بوش جاينى پىلانلاپ ھارۋىلىرىنى توختىتىشتى.

— تۇزنى ھارۋىمىزدىن چۈشەمەيلى، — دېدى تۆگە ھارۋىلىق بىر تۇزچى يولداشلىرىغا مەسلىھەت سېلىپ، — بومىسا ھېلى كادىرلا كەپقالسا يانا يۆتكىگىلى سالىدۇ.

— ئاشتاغ قىللى... — دەپ باشقىلارمۇ بىر ئېغىزدىن قۇۋۋەتلەشتى.

ئۇلار ئەمدى كۈچلۈك ئاپتاپتا قاغجىراپ تۇرغان، ئالدىدىن ماشىنلار ئۆلگۈدەك سىگنال بېرىپ ئۆتۈشۈپ تۇرغان يوچۇن جايدا تۇز بېسىلغان ھارۋىلىرىنى بىر - بەرىگە چېتىپ باغلىشىپ خېرىدار ساقلاشقا مەجبۇر بولۇشتى. ئۆچ - تۆتتىن بولۇپ ئۆلتۈرۈپ پوتلىرىغا تېگىپ كەلگەن نانلىرىنى ئۆزئارا سۇنۇشقاچ پاراڭلىششقا باشلىدى.

يولدا ئالدىراش بازارغا مېڭىشقان بازارچىلار بۈگۈن كۆتۈلمىگەن جايدا تۇزچىلارنىڭ بازار قۇرۇشقىنىدىن ھەيران قېلىشىپ قاراپ - قاراپ قويۇپ مېڭىشاتتى. تۇزچەلارمۇ نەچچە ۋاقتتىن بېرى تۇز ئىزدەپ ئۆستەڭ بويىغا بېرىپ ئۆگىنىپ قالغان خېرىدارلىرىنىڭ يېڭى «تۇز بازىرى»نى تاپالماي قېلىشىدىن ۋايىم يېگەندەك پات - پات بويۇن سوزۇپ يولدا كېتىۋاتقانلارغا ئۈمىدلىك قاراپ قويەشاتتى.

شۇ تەرىقىدە كۈن چۈشكە قىستاپ قالدى. يېڭى «تۇز بازىرى»غا كۈنشەلمەي ئىچى سىقىلغان تۇزچىلار ئاندا - ساندا بىرەر پارچىدىن تۇز ساتقانمۇ بولۇشتى. يولدا ماڭغانلارنىڭ ئارىسىدىن تۇز ئالىدىغان خېرىدارلارنى ئىزدەپ تەمە بىلەن قارىشىپ ئولتۇرۇشقاندا ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ئىككى كىشى پەيدا بولدى. ئۇلارنىڭ بىرسى ھە دەپ ئېشەكنىڭ تۇمشۇقىغا ئۇدۇللاپ قويۇلغان سامان خالتىسىنىڭ ئاغزىنى ئۈگشاپ قويۇش بىلەن ھەلەك بولۇۋاتقان تۇزچىغا قاراپ ئېغىز ئاچتى.

— ھوي ئاكا، ئەمدى سىلى قوشۇلدىلىمۇ بۇ قاتارغا؟

تۇزچى بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى.

— ھە... ئەمدى شۇ... بازاغا چىگلى بومماي... — دېدى تۇزچى قولاشمىغان ھالدا سۆزلەپ.

— ئەتىگەن بازاردىكى تۇزچىلارغا ژىغىن ئاچقاندا سىلى يوقتىلە، ئەمدى بوسىمۇ خەۋە تېپىپ قاسلا. بۇنىڭدىن كېيىن بازاغا شور تۇز ئېچىرىپ سېتىشقا بولمايدۇ.

— نېمىشقا ئۇكام ئەمدى؟ — سورىدى تۇزچى كەسپداشلىرىدىن ئاڭلىغىنىنى بىلدۈرگىسى كەلمىگەندەك، — تۇز ساتساق خاتا ئەمەستۇ؟

— يەرلىك شور تۇز ئىستېمال قىلسا پوخاق كېسىلى پەيدا قىلىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن ھەممە ئادەم يوت قوشۇلغان زاۋۇت تۇزى ئىستېمال قىلىش كېرەك. شۇڭا بازاغا يەرلىك تۇز چىگۈزمەيدىغان بولدۇق. ئەمدى ئۇقتىلىمۇ؟

— ھە... — تۇزچى بېشىنى لىڭشىتقاچ بوش غودۇردى، — ئۇقتۇق.

— ئۇققان بوسلا ھارۋىلىرىنى ئۇدۇل ئۆيگە قايلاپ ھەيدىسىلە ھە، قاغانلامۇ شۇنداق. ئاياقتىن ھەيدىسەك ما ياقتىن يانا بازا ئاچتىڭلىما ھەقاسلىرى؟ خىزمەت قىمماق

www.uyghurkitap.com

تەس بولۇپ كەتتىيا ھەقاسلىرىنىڭ ئالدىدا؟!...

ھارۋىلىرىنى يانداپ تۇرغانلار جىلە بولۇپ سۆزلەۋاتقان كىشىگە قاراپ باشلىرىنى تەۋەن سالغىنىچە ئېغىر پۇشۇلداشتى. تۇزچى ئېشىكىنىڭ بوشاپ قالغان جۇمبۇرىنى ئوڭشىغاچ يېلىندى.

ــ ئەمدى قالىسىلا، بۇرۇن ـ بۇرۇناتىن قىلىپ كەلگەن كەسىپتى بۇ تۇزچىلىق دېگەن. مۇشۇ بىز ـ ئىشككى ھارۋا تۇز بىلەن ئۇ ھەپتىدىن بۇ ھەپتىگىچە ئۆيىمىزنىڭ چىراغ يېغىنى قامدايتۇك. بوسا بىز كەڭچىلىك قىلىپ بازانى بازالەغلى قويسىلا ئۇكەم، ساۋاب بولا.

ــ بۇ مېنىڭ دىۋالغان گېپىم بوستى ئاكا، بۇرۇنقىدەك باشقۇرۇش ھەققىنى ژىغىپ ئورۇننى كۆستىپ قوياپ ئولتۇراتتىم. ئامىلىكىن بۇدا بىزنىڭ باشلىقلار يەرلىك تۇز ئىستېمالچىلارنى پوخاق كېسىلى قىلىدۇ، يەرلىك تۇزنى بازارغا چىگۈزۈشكە رۇخسەت قىمماڭلا، دەپ ئاتايىن ژىغىن ئېچىپ، جىددىي ئورۇنلاشتۇدى. سىياسەت شۇنداغكەن، شۇڭا سىلىنى بازادىن ھەيدىدۇق. خاپا بولاشماي تۇزلىرىنى ئۆيلىرىگە ھەيدەشسىلە، نەچچە ۋاقتىن بېرى نىبرى تۇ، بېرى تۇ دېيىشمەپتىمىز، خىزمەت قىمماقمۇ تەس. ئەمدى بوغاندا بىزنىمۇ خىجىل قىلىشمىسىلا. بوممىسا تۇزلىرىنى، ھارۋىلىرىنى مۇسادىرە قىپ قالىمىز...ھە... ھەيدەشسىلە ھارۋىلىرىنى...

تۇزچىلار ئولتۇرغان جايلىرىدىن ئېرىنچەكلىك بىلەن تۇرۇشۇپ ئۆكۈزلىرىنىڭ، تۆگىلىرىنىڭ، ئېشەكلىرىنىڭ نوقتىلىرىغا قول ئۇزىتىشتى. كىمدۇر بىرى خاپىغان ھالەتتە غۇتۇلدىدى.

ــ بىز قومارغان تۇز زىيانلىق بوسا زاۋۇتنىڭ تۇزى نەنىڭ تۇزىدۇ؟

ــ سىلى بىلمەيدىلا، سىلىنىڭ جاڭگالدىن قومارغان تۇزلىرىنىڭ تەركىبىدە تازىلانمىغان زىيانلىق تەركىبلەر بار. بۇ تەركىبلەر ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئادەمدە پوخاق كېسىلى پەيدا قىلىدۇ. زاۋۇتتىن چىققان يوت قوشۇلغان تۇز ژۇقىرى تېخنىكا بىلەن تازىلىنىدۇ. يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ...

ــ ئاتام زاماندىن تارتىپ شور تۇز ئېچىپ كېلىۋاتىمىز. ئاتامۇ بىر ئۆمۈر تۇزچىلىق قىلغان، مەنمۇ مۇشۇ يېشىمغىچە تۇزچىلىق قىلىپ كېلىۋاتىمەن. مۇشۇ كەمگىچە بىزنىڭ ژۇرتتىن بىرەر پوخاق ئەدەم چىقىپ باقمىغانتى! ... ئەجەب ئەمدى...

تۇزچى غوتۇلدىغىنىچە ئېشەكنىڭ بېشىنى بۇرىدى. باشقىلارمۇ ئېرىنچەكلىك بىلەن ھارۋىلىرىنى قوزغىتىشتى.

ھېلىقى ئىككىيلەن تۇزچىلارنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قوشۇپ قويدى.

ــ گەپ گەپ بوسۇن جۇمۇ. يانا شور تۇز ئېلىپ بازاغا چىرىپ قېلىشمىسىلا، بىزنىڭمۇ ئۇستىمىزدە بىزنى باشقۇرىدىغان ئەدەم با، باكادىن باكا خاپولىشىپ قامايلى...

ــ ھەي بۇ خەقنى!... ــ دېدى يېنىدىكى كىشى شېرىككە قاراپ ئاغرىنغانچە، ــ بىزنىڭ بۇ ئەدەملە نېمانچە قالاقتۇ؟ ئەتىگەن بىز مۇنچە ژىغىن ئېچىپ ئېزىپ ـ ئىچۇرۇپ بازادىن چىقىرىۋەتسەك بىز دەمدە مەيەدە بازا قۇرۇپ بوغىنىنى دەيمەن!

ــ شۇ، بۇ خەق تېخى قالاق!...

ئۇلار بازاردىن يىراقلاپ كەتكەن تۇزچىلارغا قاراپ قويۇپ بوش غوتۇلداشقىنىچە كەينىگە يېنىشتى.

تۇزچى دائىم مۇشۇ ئىشلارنى يادىغا ئالغاندا كۆڭلى قاتتىق غەش بولىدۇ. ئاشۇ كۈنى ئۇ بازاردىن قايتىپ كەلگەندىن بېرى بازارغا تۇز ئاپىرىپ باقمىدى. ئاپارسا يەنە ھەيدىلىپ ئاۋارىچىلىق تارتىپ قېلىشىدىن ۋايىم يەپ شۇنداق قىلدى. ئاندا ـ ساندا مەھەللىدىكى بازارچىلاردىن ئاڭلىشىچە، باشقا يۇرتلاردىن كەلگەن تۇزچىلار باشقۇرۇشقا پەرۋا قىلماي جاھىللىق قىلىپ ئۆستەڭ بويىدىكى بازارغا تۇز بېسىلغان ھارۋىلىرىنى ھەيدەپ يەنە كىرىۋالغانمىش. ئەمما بازار باشقۇرۇش خادىملىرى چىقىپ جاھىللىق قىلغۇچىلارغا جەرىمانە قويۇپ، ھارۋىسىنى ئەكىرىپ توختىتىپ قويۇپ يۇرۇپ تۇز بازىرىنى ئاچقۇزمىغانمىش. ھازىر ئۇ جاينىڭ ئەتراپىنى ياغاچتا توسۇق ياساپ دائىرىگە ئېلىپ بورىچىلارغا «بورا بازىرى» قىلىپ بەرگەنمىش. شۇڭا بۇرۇنقى «تۇز بازىرى» دەپ ئاتالغان ئۆستەڭ بويىغا تۇزچىلارنىڭ ھارۋىلىرى يېقىن يولىيالمايمىش. مۇشۇنداق خەۋەرلەرنى ئاڭلىسا تۇزچىنىڭ ئىچى سىرىلاتتى. ئۇزاق يىل تۇزچىلىق قىلىپ، خېرىدار ساقلاپ ئولتۇرۇپ خۇددى ئۆز مەھەللىسىدەك ئىچەكىشىپ كۆزىگە سىڭىپ قالغان، كۆڭلى چۈشۈپ قالغان ئاشۇ تۇز بازىرىدىن ھېلىھەم مېھرىنى ئۈزەلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ جايدا جاھان غەملىرىنى بىر دەممۇ بولسا ئۇنتۇپ خۇشال ـ خۇرام ھالدا مۈگدىشىپ ئولتۇرىدىغان، يۇرتلىرى باشقا ـ باشقا بولسىمۇ ئاۋۇ خېرىدار سېنىڭكى، ماۋۇ خېرىدار مېنىڭكى دەپ تالىشىپ قالماي پوتىلىرىدىكى زاغرا نانلىرىنى تەڭ تالىشىپ يېيىشىپ، بىر تاۋاق

مۇزدوغىنى تەلەك تالىشىپ ئىچىشىدىغان ئاق كۆكۈل، كەڭقورساق، مېجەزلىرى بىر - بىرىدىن ئېسىل، ياخشى كەسپداشلىرى بار ئىدى ئەمەسمۇ! مانا ئەمدى ئاشۇ ئاق كۆكۈل ئادەملىرى تەرەپ - تەرەپكە تېزىپ كەتتى. ھەتتا بەزى يېقىن ئۆتكەن تۇزچىلار بىلەن بۇنىڭدىن كېيىن كۆرۈشەلىشىمۇ ناتايىن.

«ھەي~ي...! قاسمان بەك ياۋاش، ئېسىل ئىدەمەتى!... — دەپ ئويلىدى تۇزچى كۆزىنى قىيا يۇمغانچە دائىم بىر جايدا ئولتۇرۇپ بىللە تۇز ساتىدىغان ئوتتۇرا ياش تۇزچىنىڭ چىرايىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىپ. «بازاغا چىرىپ چىقاي، ھارۋامغا قالاپ قويسىلا» دەپ بازاغا چىركەتسەم، كەلگەن خېرىداغا ئۆزىنىڭ تۇزىدىن بىژ پارىمۇ ساتماي مېنىڭكىنى سېتىپ قويىدىغان كۆڭەلچەك ئەدەمتى. «ۋاي بۇ نېمە قىيغانلىرى؟ ئۆزلىرىنىڭكىنى سېتىۋەسلە بومامدۇ» دېسەم تېخى چاندۇماستىن: «سىلىنىڭ تۇزلىرى بەك خىل قومۇرۇلغان ئىكەن، خېرىدا مېنىڭكىنى ياراتمىدى، شۇڭا سىلىنىڭكىنى ساتقاچ تۇدۇم!» دەپ يالغان گەپ قىلاتتى!... ئاشۇ ئاق كۆكۈل ئەدەمگە بەك كۆپ ئەدىمەتچىلىك قىزىم با جۇمۇ! بازادىن تېزىپ كەتكەندىن بۇيان ئىزدىشەممىدۇق. خەپ!... مۇشۇ ھارۋىدىكى تۇزۇمنى سېتىۋەتسەم بۇدا نەچچە كۈن جاڭگالغا چىقماي قاسماننى بى ئىزدەپ بېرىپ ئەۋال سوراپ - مۇڭدىشىپ كېلەي زادى... كىسەلمەرەك ئەدەمتى ئۆزىمۇ، كۆڭلى خۇش بولۇپ قالا...»

تۇزچى ئۆز خىيالىدىن ئۆزى رازى بولۇپ قالغاندەك يېنىك تىن ئالدى. دائىم ئۆزىدىن بۇرۇن بازارغا كېلىپ قالسا ئورۇن ساقلاپ قويىدىغان، خېرىدارلارغا ھە دېسە ئۆزىنىڭكىنى ئەمەس، يېنىدىكى ھەمشىرىكىنىڭ تۇزىنى ماختاپ سېتىشىپ بېرىدىغان ئاق كۆكۈل قاسىم تۇزچى بىلەن كۆرۈشۈشنى ئويلىغاندا تۇزچىنىڭ ھارغىن كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ روھلىنىپ قالدى. «سەل ئاجىزلاپ قاغاندەك كۆرەنگەن، ساق تۇغاندۇ ھە ئۇ ئەدەم؟ — دەپ ئۆز - ئۆزىگە سوئال قويدى تۇزچى ئىختىيارسىز، — گۆر ئۇقەتنى دەپ تۆت كۈنلۈك ئالەمدە قەدىرىمىزنى قىلىپ بىر - بىرىمىزنى ئىزدىشەممەيدىكەنمىز. ئۆلەپ - ژىتىپ كەتكەندە پۇشايمان قىلىپ ھالىمىز قامايدىكەن... بولدى، ھەر قانچە ئىش بولۇپ كەتسىمۇ بۇدا ئىزدەپ بارىمەن قاسماننى...»

تۇزچىنىڭ خىيالى يېنىدا بىر كۆلەڭگۈنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن ئۈزۈلۈپ قالدى. ئۇ ئاستاغىنا يېنىغا ئۆرۈلۈپ قاراپ قولىدا يېڭى ئورۇلغان بىر باغ بېدە قۇچاقلاپ تۇرغان 12 ياشلاردىكى ئوغۇل بالىنى كۆردى.

— ھە ژىگىت، كەپقاپسەنغۇ؟

تۇزچى كىچىك ئوغۇل بالىلارنى ئاشۇنداق ئاتاشقا ئامراق ئىدى. ئاتىسىنىڭ ئۆزىنى «ژىگىت»، «ژىگىت ئوغلۇم» دەپ ئاتىغىنى، چاقىرغىنى مۇشۇ كەمگىچە قۇلاق تۈۋىدە، ياق! يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ساقلىنىپ كەلگىنى ئۈچۈن باشقىلارنىڭ بالىلىرىنى ئاشۇنداق ئاتاشنى ياخشى كۆرەتتى. ھەر قېتىم باشقىلارنىڭ بالىلىرىنى ئاشۇنداق ئاتىغاندا بۇ گەپنى خۇددى ئاتىسىنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلاۋاتقاندەك بىر تۇيغۇغا كېلىپ پۈتكۈل جىسمى ئېرىپ قەلبى لەرزىگە كېلەتتى. ئاتىسى قىلغان گەپ، ئاتىسى قىلغان ئىشنى قىلىش تۇزچىغا بەكمۇ راھەتلىك تۇيغۇ بېرەتتى!

ئوغۇل بالا تۇزچىنىڭ ساقال باسقان چىرايىغا ئەيمىنىپ قارىغىنىچە بوشقىنە سۆزلىدى.

— ئانام ما بىژ باغ بېدىگە تۇز بەرسۇن دەپتى.

— نان يىگەندەك چىلىق - چىلىق گەپ قىلە! — دېدى تۇزچى ئوغۇل بالىغا كۈلۈمسىرەپ قارىغىنىچە، — ژىگىت دېگەن جانسىز گەپ قىممايدىغان!...

بالا بۇرنىنى شۇرتتىدە تارتىپ قويۇپ قايتا ئېغىز ئاچتى.

— ئۆيدە پۇل قاماپتىكەن، ئانام ما بىژ باغ بېدىگە تۇز بەرسۇن دەپتى.

— بېرەي - بېرەي... — تۇزچى ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ تۇزغا قول ئۇزاتقاچ بالىنىڭ چىرايىغا سەپسالدى، — چىمىنىڭ بالىسى سەن؟

— ناسى ئۇستامىنىڭ.

— ھە... پىچاقچى ناسىيخاننىڭما؟

— ھەئە.

— يوغانلا بولاپسە، ژىگىت بولۇپ كىتىپسە مانا.

تۇزچى سۆزلىگەچ ھارۋىدىكى تۇزنى ئىشارەتلەپ سورىدى.

— بىژ پارە تۇزنى كۆتىرەلەمسە؟

— كۆتەمەيچۇ.

— ھېي يانا! مەنمۇ ھارۋىغا ئاران ئالغان تۇز ماۋۇ، ژىگىت!

تۇزچى بىر پارچە تۇزنى ئېلىپ بالىنىڭ قولتۇقىغا قىس

تۇردى.

— قېنى كۆتۈرۈپ باقە.

— مانىغۇ!... — بالا تۇزچى تۇتقۇزغان بىر پارچە تۇزنى چىلىك گېرەلەشتۈرگەن قولى بىلەن مەھكەم قۇچاقلىدى، تۇزچى بالىنىڭ غەيرىتىگە قايىل بولماي تۇرالمىدى.

— يامان گۆيكەنسەن! ئاناڭ سېنى چىلىك پۇشۇرۇۋېتىپتۇ! داداڭمۇ يامان جىگەرلىك ئەدەمتى... ھە، داداڭنىڭ چىرايىنى بىلەمسە؟

— «نىچىك!»

بالا تامقىدا ئاۋاز چىقىرىپ بېشىنى چايقىدى. تۇزچى بالىنىڭ بېشىنى يىرىلغان ئالقانلىرى بىلەن سىلاپ قويدى.

— ھە... سەن بەك كىچىكتىڭ ئۇ چاغدا... ماڭە جۇگۈ، ھېلى قولاڭ تىلىپ كېتىدۇ، تۇزنى ئېچىرىۋېتىپ چىقىپ ما بېدەڭنىمۇ ئەكەت.

— بولدى، — بالا تۇزچىنىڭ يېنىدىن يىراقلىغاچ جاۋاب بەردى، — ئانام بىز باغ بېدە بەك ئاز بولۇپ قالدى، خۇدايىم بۇرۇسا بۇدا قېتىم جىقراق ئوراپ قويىلى، تۇزچى ئۇستام خاپۇلاپ قاممسۇن، دەپ قوي، دېگەنتى.

بالىنىڭ يالاڭئاياغ پۇتى بىلەن گۇس-گۇس قىلىپ مېڭىشلىرىغا قاراپ مەستلىكى كەلگەن تۇزچى بالىنىڭ گېپىدىن خىرىلداپ كۈلدى.

— ئاز ئەمەسكەن، غولكەن، قاغىنىنى خۇدايىم بېرە، تۇز لازىم بوسا تاتىنماي دەۋە ژىگىت!

— ماقا...

بالا يىراقلاپ كەتتى.

تۇزچى بالا قويۇپ كەتكەن بىر باغ بېدىنى ھارۋىدىكى تۇزنىڭ ئۈستىگە ئاۋايلاپ قويۇپ ئاندىن نەرسە-كېرەكلىرىنى يىغىشتۇردى. بىر جايدا ئولتۇرۇۋەرسە ھارۋىدىكى تۇزى تۈگمەيدىغاندەك قىلاتتى. ئەمدى ھارۋىنى ھەيدەپ قوشنا كەنت-مەھەللىنى بىر ئايلىنىپ كېلىشنى كۆڭلىگە پۈككەن تۇزچى ئارغامچىنى يېشىپ ئېشەكنىڭ بېشىنى بۇرىدى. باياتىن بىرى بېدە-سامانى تويغۇچە يەپ، سۇنى ئىچىپ جانلىنىپ قالغان ئېشەك ئەمدى ھارۋىنى خېلى كۆچەپ تارتىشقا باشلىغانىدى. تۇزچى ئېشەكنى ئۆز مېڭىشىغا قويۇپ بېرىپ ھارۋىنى يانداپ ئاستا ئەگەشتى.

تۇزچى يەنىلا ئاشۇ سەيشەنبىلىك بازارنى خىيال قىلاتتى، سېغىناتتى، تازا قاينام-تاشقىن بازار ئىدى-دە! ھەممە تۇزچىلار ھەپتىدە بىر كەلگەن بازاردا ئۇزاققىچە كۆرۈشمىگەن ئۇرۇق-تۇغقانلاردەك قىزغىن سالاملىشىپ كۆلكە-چاقچاق قىلىشىپ كېتەتتى. تۇزلىرىنى قول-قول ھارۋىلىرىدىن ئېلىشىپ قاتار تىزغاندىن كېيىن ئۆز ئارا بىر-بىرىنىڭ تۇزلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقىشاتتى.

— سىلىنىڭ جاڭگالىنىڭ تۇزى نېماندااق مۇزدەك سۈزۈك، ھەم چىلىك تۇزدۇ؟ — دەيتتى ئۇلار تۇزچىنىڭ ئېشەك ھارۋىسىدىكى تۇزلارنى قول-قول ئېلىپ تىزدىشىپ بەرگەچ. ھەممىدىن يېشى چوڭ تۇزچىنى بازاردىكىلەر بەكمۇ ھۆرمەتلەيتتى. تۇزچى تۇزلىرىنى يەرگە ئېلىشقا باشلىغاندا باشقىلار تەرەپ-تەرەپتىن كېلىپ ئولىشىپ تۇزلارنى بىردەمدە تۆپە-تۆپىلەپ تىزىۋېتەتتى، — تۇزلىرىڭمۇ خىل ئىكەن، ئۆزلىرىمۇ خىل قومۇرىدىكەنلا، سىلىنىڭ جاڭگالغا بىي بارىدىغان ئىش ئىكەن جۇمۇ تۇز ئاغىلى...

— بېرىڭلا بېرىڭلا، ھەركىمنىڭ رىزقى بۆلەك، بىللە ئالىمىز خۇدايىم بۇرۇسا.

— خۇدايىم بۇرۇسا بارىمىز بىز كۈنى...

ئۇلار بىر-بىرىنى بەكلا ھۆرمەتلەيتتى. خېرىدار تاللىشىدىغان، بازار قىزغىنىدىغان، ئورۇن تالىشىپ كۆڭۈل ئاغرىتىشىپ قالىدىغان ئىشلاردىن خالىي ئىدى. ئۆتكەن بازار كۈنىدىكى ئورۇندا ئولتۇرغان بىرسى بۇ بازار كۈنى كەلمىسە ئۇلار شۇ ئورۇننى بوش قويۇپ قوياتتى. ئەگەر قايسىدۇر بىرىنىڭ تۇزى بالدۇر تۈگەپ كەتسە باشقىلاردىن ئۆزرە سوراپ، رۇخسىتىنى ئېلىپ خۇداغا ئامانەتنى قايتا-قايتا ئېيتىپ ئاندىن بازاردىن چىقاتتى. كىم بازارغا كىرىپ كەتسە سېنىڭ مېنىڭ دېمەي مۇزدوغ، سامسا، گىردە قاتارلىقلارنى ئېلىپ چىقىپ ھەممىسىلىرىنى ئەتراپىغا يىغىپ ئولتۇرۇپ تاپقىنىنى تەڭ يەيتتى. سودا قىلغىچە كىمنىڭ يېنىدا پارچە پۇل بولماي قالسا پارچە پۇلى بارلار ھەممىسىنىڭ خېرىدارىغا پارچە پۇل بېرىپ يولغا سېلىۋېرەتتى. بازار تۈگىگەندە ھارۋىلىرىغا چىقىپ بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ:

— ھە، سىلىنىڭ ماڭا نەچچە پۇللىرى ئۆتتى، ما پۇللىرىنى ئېلىۋاسىلا... — دېيىشىپ چىرايلىق ھېساب-كىتاب قىلىپ ئاندىن بازاردىن تارقىشاتتى. شۇڭا بۇ بازاردىكى تۇزچىلارغا تۇز ئالغىلى كەلگەن بازارچىلارمۇ ھەۋەس قىلىشاتتى.

ئەمما بۇ خۇشال كۈنلەر ئۇزاققا بارماي ئاخىرى تۈزۈپ كەتتى. يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن زاۋۇتلاردا يود قوشۇلۇپ ئىشلەنگەن خالتىلىق

www.uyghurkitap.com

تۇزلارنىڭ بازارنى ئېگىلىشى ۋە بازار باشقۇرۇش خادىملىرىنىڭ شور تۇز ساتقۇچىلارنى تەرتىپكە سېلىشى بىلەن ئۇ ھەپتىدىن بۇ ھەپتىگە بىر - بىرسىنى كۆرمىسە چىداشمايدىغان تۇزچىلار نە - نەلەرگىدۇر تېزىپ كېتىشكەنىدى. شۇڭا تۇزچى بۇرۇنقىدەك كۆندە جاڭگالغا تۇزغا بارمايدىغان بولدى. ئېلىپ كەلگەن تۇزىنىڭ تۈگىشىگە قاراپ ئارىلاپ - ئارىلاپ چىقىپ ھارۋىسىغا لىققىدە تۇزنى بېسىپ قايتاتتى - دە، مەھەللىلەرنى ئارىلاپ ھەيدەپ يۈرۈپ ئېھتىياجلىق كىشىلەرگە بىر - ئىككى پارچىدىن ئۈلەشتۈرۈپ تۈگىتەتتى. بايىقىدەك نېسى ئالىدىغانلارمۇ، كىچىككىنە قوشۇغلۇققا سېلىپ چىققان تۈت - بەشتىن تۇخۇمنى بىرەر پارچە تۇزغا تېگىشىدىغانلارمۇ، بىرەر خالتا سامان، ھۆل - قۇرۇق بېدە، قوغۇن - تاۋۇز دېگەندەك نەرسىلەرنى بېرىپ تۇزغا ئالماشتۇرىدىغانلارمۇ بار ئىدى. بەزى ھال - ئوقىتى سەل ياخشىراق ئائىلىلەردىكى ئەر كىشىلەر ئۆزلىرى بىر قۇر كىيىپ قويغان كىيىملىرىنى تۇزچىغا بېرىۋېتەتتى. بۇنداق چاغدا تۇزچى ئۇلارنىڭ ياخشى كۆڭلىگە جاۋاب قايتۇرۇش مەقسىتىدە ئۆيىگە بىر - ئىككى پارچە تۇز ئەكىرىپ بېرىپ ئۆز رەھمىتىنى ئىپادىلىمەكچى بولاتتى.

تۇزچى يۇرت - ۋاقىدىكىلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئوبدان بىلەتتى. گەرچە باشقۇرغۇچىلار بازارغا تۇز ئەكىرگۈزمەي يودىلۇق تۇز بىلەن تەمىنلەشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، يەنىلا خەقلەر خالتىلىق تۇزنى پات تۈگەپ كېتىدىكەن، بەرىكىتى يوق ئىكەن، تەمى شور تۇزنىڭ تەمىدەك تەملىك ئەمەس ئىكەن، دەپ قارىشىپ تۇزچىنىڭ شور تۇزنى ئېلىشقا ئامراق ئىدى. كىشىلەرنىڭ قارىشىچە جاڭگالنىڭ شور تۇزى زاۋۇت تۇزىغا قارىغاندا ھەم تېتىملىق، ھەم ئەرزان ئىدى. شۇڭا تۇزچى ئەزەلدىن داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن كەسپىنى تاشلاپ قويسا خارلىنىپ قالىدۇ، دەپ جاڭگالغا چىقىشنى توختاتماي، ئېلىپ كەلگەن تۇزلىرىنى خېرىدار نېمە ئەپچىقىپ بەرسە شۇنىڭغا تۇز بېرىشكە مەجبۇر ئىدى.

تۇزچى ھارۋىسنى ھەيدەپ قوشنا مەھەللىنىڭ دوقمۇشىغا كەلگەندە دوقمۇشتىن قايرىلىپ چىقىۋاتقان موتوسىكىلىتلىك كىشىگە ئۇدۇل كېلىپ قالدى. تۇزچى موتوسىكلىت مىنگەن كىشىنى تونۇپ سەل ھودۇقۇپ جايىدا چېپىپ توختىدى. موتوسىكلىت مىنگەن كىشى ئۆتكەندە بازاردىكى تۇزچىلارغا يىغىن ئېچىپ ئۇلارنى بازاردىن قايتۇرغان كادىرنىڭ بىرسى ئىدى.

تۇزچى ئادەمگەرچىلىك يۈزىسىدىن دېدىمۇ ياكى چىن كۆڭلىدىن ياقتۇرۇپ خالىدىمۇ، ئەيتاۋۇر ئىختىيارسىز ھالدا قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ سالام قىلدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!...

— ئوھوي!...يانا قىلىۋاتامدۇق بۇ تىجارەتنى؟

ھېلىقى كىشى سالامغا جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنىغا سوغۇق چىراي ھالەتتە تۇزچىدىن سورىدى. تۇزچى خۇشامەت قىلغاندەك قولاشمىغان ھالدا ھىجىيىپ جاۋاب بەردى.

— ئەمدى شۇ... باكا ژۇگىچە دەپ...

— يوغان ئىش قىپتۇق! ... — ھېلىقى كىشى قاپقىنىمۇ ئاچماستىن تۇزچىغا تەئەددى قىلدى، — يوغانلا بىر ئەدەم گەپ قىلغاندىكىن ماقا دەپ قويساق نىم بولا؟ شۇ تۇرقىدا تەكشۇرۇش كەپقاسا ماڭىمۇ ئىششەك خاپىلىق، سىلىگىمۇ ئىششەك خاپىلىق!

— خاپىمىسىلا ئۇكام، بۇدا چىقماسىمە...

— چىقماسىمە؟ ئانداغ تەپىالال گەپ قىمماي چىقمايمەن دىمەملا؟

موتوسىكلىتتىن قوڭنى ئالماي تۇرغان پېتى پوقتىن سېسىق گەپ قىلىۋاتقان كىشىگە قاراپ تۇزچى بېشىنى تۆۋەن سالدى. موتوسىكلىتلىق كىشىنىڭ بىر يەردىن مېھماندارچىلىقتىن يانغانلىقى ئۇنىڭ ھەر بىر ئېغىز گەپ قىلغۇچە گېپى ئۈزۈلۈپ سوزۇپ كېكىرگىنىدىن بىلىنىپ تۇراتتى. ھەر - بىر كېكىرگەندە تىنىقىدىن قاڭسىق پىۋا پۇرىقى گۇپۇلدەپ تۇراتتى.

— ئەمدى شۇ ئۇكام، ئاتا كەسپى، دەپ قىپ قاپتۇق، بۇ ياشقا كەگەندە يا قولىمىزدىن باشقا ئىش كەمەيدىكەن، ھالال تىرىكچىلىك دېسىلە بۇ...

— سلىنىڭ كەسپىنىڭ ھالال - ھارىمىنى سورىمىدى بىز كىشىم! خەقلەرنى يود قوشۇلغان تۇز ئېچىشكە كۆندۈرۈپ، يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن شور تۇز سېتىشقا بولمايدۇ! ئۇرغۇيچىنى بىلىدىغانلا!

تۇزچى گەپ قىلمىدى. ھېلىقى كىشى موتوسىكلىتىنىڭ تەپكۈچىنى ئاچچىقى بىلەن تېپىپ ئوت ئالدۇرغاندىن كېيىن بۇرۇلۇپ قوشۇپ قويدى.

— ئىشقىلىپ سىلىگە نەچچە قېتىملاپ دەپ قويدۇم. تەكشۇرۇش كەپ قىلىپ ماندىغ سىياسەتتىن خەۋىرىم يوقتى، دەپ گۆشىيىپ تۇمسىلا بولدى. بۇندىن كېيىن دەقەت قىلىۋاسىلا...

موتوسىكلىتنىڭ ئاۋازى يىراقلاپ كەتكەندىن كېيىن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

تۇزچى ھارۋىسىنى قوزغاتتى. بازار باشقۇرۇش خادىمى بىلەن مەھەللە يولىدا ئۇچرىشىپ قېلىشنى پەقەتلا خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان تۇزچى كىچىك بالىدەك ھودۇقۇپ چىرايىدىمۇ قان قالمىغانىدى.

«بولا، ئەمدى چىقماسمەن، — دەپ ئويلىدى تۇزچى ئۆزىچە خىيال سۈرۈپ، — بۇنداغ تىل قىسنىجىلىق تاتىپ ژۇگىچە... ئاتام رەھمەتلىكنىڭ روھى قورۇنىدىغان بولدى - دە. ئەمدى شۇ تەشكىلنىڭ گېپىگە بويسۇنماساق تېخى بولمىسا...»

تۇزچى يەنە داۋاملىق مەھەللە ئارىلاشقا رەغدى بارماي ئىشەكنىڭ بېشىنى ئۆز مەھەللىسى تەرەپكە بۇرىدى. ئەمدى ئۆيىگە قايتىپ تۇزلارنى ھويلىسىغا چۈشۈرۈپ قويۇپ ئارام ئېلىۋېلىپ، ئەتە قاسىم تۇزچىنى يوقلاپ كېلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى تۇزچى.

«لازىم دىگەنلەرگە ئۆيدىنلا ئەپ بىرەمەن، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — خەقمۇ خۇش بولۇپ قالىدۇ، ساۋابمۇ بولىدۇ. پۇل تاپىمسام تاپماسمەن، بىر گېلىم ئاچ قالماس...»

بەزىدە تۇز كېرەك بولغانلار تۇزچىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ تۇز سورايتتى. تۇزچى ئۆيدە دائىم بىر - ئىككى ھارۋا تۇزنى ئۈزۈپ قويمايدۇ. لازىم دېگەنلەر، جاڭگالغا چىقىپ تۇز قېزىشنى ھار ئالىدىغانلار، ياكى تۇز ئېلىشنىڭ ئېپى - جىپىنى بىلمەيدىغانلار، تۇل خوتۇن، يالغۇز - مىسكىنلەر ئۆيىگىچە كىرىپ تۇز ئېلىپ كېتىشىدۇ، ھەتتا قوشنا مەھەللىلەردىنمۇ كېلىپ تۇز سورايدۇ.

تۇزچى ھارغىن قەدەملىرىنى سۆرەپ ئېشىكىنى يانداپ ماڭدى. بايىقى گەپلەر ھار كەلدىمۇ قانداق، تۇزچىنىڭ ئۇنى ئېچىگە چۈشۈپلا كەتكەنىدى.

«يامان گەپ ئاڭلىغىنىمنى بىرەرسى ئاڭلاپ قاغانمىدۇ!...»

تۇزچى ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپىغا ئاۋايلاپ قاراپ باقتى. يوللاردا ئادەم كۆرۈنمەيدۇ، مەھەللە ئىچى جىمجىت. تۇزچى ئەزەلدىن ئۆزىنى ئايايتتى، باشقىلاردىن قاتتىق - يىرىك گەپ - سۆز ئاڭلاشتىن قورقاتتى. شۇ سەۋەبتىن ياش ۋاقتىدىن تارتىپلا ئامال بار باشقىلارنىڭ كۆزىگە سىغمايدىغان ئىشنى، گەپ - سۆزنى قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەيتتى. شۇڭمۇ ئۆتكەندە بازاردا تۇز ساتماسلىق جېكىلەنگەندىن بېرى خەقتىن يامان گەپ ئاڭلاپ قالمەن، دەپ ئۆزىنى ئاياپ بازارغا بارمىغانىدى. قىرىشقاندەك بۈگۈن بازار باشقۇرۇش كادىرىنىڭ مەھەللە يولىدا ئۇچراپ قېلىشى ئۇنى ئېسەنكىرەتكەنىدى.

يولدا ھېچكىمنىڭ يوقلىقىدىن سەل خاتىرجەم بولغان تۇزچى يېنىك تىن ئالدى. ھاۋا سەل تىنچىقراق، ئەتراپ يەنىلا جىمجىت، پەقەت كونىراپ كەتكەن ھارۋىنىڭ بەندىشى ئېگىلىپ كەتكەن بىر چاقى ھەر بىر ئايلانغاندا «غىرىس - غاراس، غىرىس - غاراس» قىلغان يېقىمسىز ئاۋاز چىقىپ ئەتراپنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ تۇراتتى. ئېشەكمۇ دائىم ئايلىنىپ تۇرغان مەھەللە يوللىرىغا كۆنۈك بولغاچقا تۈمشۇقىنى رىتىملىق سوزۇپ، پات - پات پۇشقۇرۇپ قويۇپ ئەمدىلا ئىككى پارچە تۇز كىمەيگەن ئېغىر ھارۋىنى كۈچەپ سۆرەپ تىنىمسىز ماڭاتتى.

تۇزچى خىيالچان ھالدا ھارۋىسىنى ھەيدەپ، ئۆيىگە يېقىن جايدىكى توغرا كوچىغا كەلگەندە، تار يولنىڭ چېتىدە توپىغا پېتىپ ياتقان موتوسىكلىتنى كۆرۈپ ئېسىنى يىغدى.

— ۋوي، نېمە ئىش بولدىكىنە؟

بىر ئەنسىزچىلىكنى يۈرىكى تۇيغان تۇزچى ئېشەكنى ئىلداملىتىپ موتوسىكلىتقا يېقىنلاپ كەلدى. يەردە بىر قانچىنى دومىلاپ ئاندىن توختىغانلىقىنى ئالدى چاقلىرى ماكچىيىپ يىقىلىپ ياتقان موتوسىكلىتنىڭ توپىلىق يولنى تىلغۇۋەتكەن قالايمىقان ئىزلىرىدىن بىلمەك تەس ئەمەس ئىدى. بۇ كۈتۈلمىگەن ۋەقەدىن دەققە تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالغان تۇزچى دەرھال ئېسىنى يىغىپ، ھارۋىسىنى ئالدىراش چەتكە تارتىپ، ئېشەكنىڭ ئارغامچىسىنى مومىغا باغلىدى - دە، موتوسىكلىتقا ئاستا يېقىنلاشتى. شۇ چاغدا تۇيۇقسىز ياندىكى ئېرىقتىن بىرسىنىڭ ئازابلىق ئىڭرىغان، ئىنجىقلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

تۇزچى ئېرىققا بويۇنداپ قاراپ تېخىمۇ ھاڭ - تاڭ بولدى. تېخى بايىلا موتوسىكلىتنى جان ئاچچىقىدا ئوت ئالدۇرۇپ ئالدىراش كېتىپ قالغان ھېلىقى كادىر كىشى تىزنى قۇچاقلىغىنىچە ئېرىق ئىچىدە يۇمىلاپ ياتاتتى. پۈتكۈل ئۈستى- بېشى توپا - تەرەت بولۇپ بۇلغانغان، ئىشتاننىڭ پۇشقاقلىرىمۇ تىزىدىن سىرغىپ چىقىۋاتقان قان بىلەن ئېرىقتىكى يۇمشاق قۇم قوشۇلۇپ لاي بولۇپ كەتكەن، ئەتراپىنى كۆڭۈل ئاينىتقان قان ئارىلاش ھىد بىر ئالغانىدى.

تۇزچى ئېسىنى يىغىپ ھاپىلا - شاپىلا ئېرىق ئىچىگە چۈشتى. ئاندىن ھېلىقى كىشىنى يۆلەشكە تەمشەلدى.

— قوپالاملا؟ — دېدى ئۇ يۇمشاق تەلەپپۇز بىلەن.

— پۇتۇم... پۇتۇم پەقەت سەزمەيۋاتىدۇ! ... — دېدى ھېلىقى ئادەم كۆچەپ ئىنجىقلاپ.

تۈزچى قوللىرىنى ئاۋايلاپ ھەرىكەتلەندۈرۈپ كادىر كىشىنىڭ پۇتىغا قول ئۇزاتتى. ئۇزاتتىيۇ، يۈرىكى قارتتىدە قىلىپ قالدى! ھېلىق كىشىنىڭ تىزىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە قوچقارنىڭ مۈڭگۈز ئۇچىدەك ئۇچلۇق بىر تال سۆڭەك ئىشتاننىڭ پۇشقىقىغا ئېلىنىپ تۇراتتى. سۆڭەك چىقىپ قالغان جايدىن سىرغىۋاتقان قان ئاياغنىڭ ئىچىگە توشۇپ كەتكەنىدى.

— پۇتلىرى زەخىم - تاراج بوغان چېغى، سىلىنى دوختۇرغا ئاپامساق بومامدىكەن...

ھېلىقى كىشى تۈزچىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغۇچىلىك ھالى يوق جانسىز ئىڭراپ ياتاتتى. چىرايىمۇ بورىدەك سارغىيىپ، كالپۇكلىرى كۆكىرىپ كەتكەنىدى.

— بىژ تاۋاق سۇ ئىچىم چىدىسىلا، دىككىدە بېرىپ ئەدەم قىچىراي، بوممىسا يالغۇز كەگۈدەكمەن...

تۈزچى دەرھال ئېرىقتىن ئاتلاپ چىقىپ ئەتراپقا قاردى، يولدا ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. تۈزچى ئىككى تەرىپىگە ئەلەڭ - سەلەڭ قارىغانچە يان تەرەپتىكى ئېتىز يولىغا قاراپ ماڭدى. چۈنكى، شۇ تەرەپتىن قول تىراكتورنىڭ پاتىلدىغان ئاۋازى كېلىۋاتاتتى.

ئالاھەزەل بىر تاۋاق ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەندە تۈزچى بىر ياش يىگىتنىڭ تىراكتورنى ئەگەشتۈرۈپ ئېرىق بويىغا يېتىپ كەلدى. تۈزچى ئەقىل كۆرسەتكەن چېغى، تىراكتورچى يىگىت قوللىرىنى ئاجايىپ چاققانلىق بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈپ تىراكتورنىڭ كوزۇپىنى ئېرىققا توغرىلاپ توختاتتى. ئاڭغىچە تۈزچى ھارۋىسىدىن تۈز قومۇردىغان كەتمىنىنى ئېلىپ كەلدى. ئۇلار ئالدىراش ھەرىكەتلەر بىلەن تىراكتورنىڭ كوزۇپىغا ئازراق قۇم ئۇسقاندىن كېيىن، ياردارنى قولداپ كۆتۈرۈپ كوزۇپقا ئاۋايلاپ ئېلىشتى. كوزۇپتىكى قۇم ئۈستىگە ياتقۇزۇلغان ياردار ئاغرىققا چىدىماي ھە دەپ ئىڭرايتتى. تۈزچى يىگىتنى ئالدىراتتى.

— بولە بولە ئۇكام، قان توختىمايۋاتىدۇ، چاققانراق ئاپىرىلى...

يىگىت ئالدىراش تىراكتورنى ئوت ئالدۇردى. تۈزچى ھېچ ئىككىلەنمەستىن يېشىغا ماس كەلمىگەن چاققانلىق بىلەن كوزۇپقا يامىشىپ ياردارنىڭ يېنىغا چىقىپ ئولتۇردى.

— سىلىقراق ھەيدە!...

ئۇلار كاتاڭلىق يېزا يولدا چايقىلىپ - سىلكىنىپ يۈرۈپ يېزىلىق دوختۇرخانىغا كەلدى. تىراكتورچى بالا كىرىپ كېتىپ قۇلىقى ئېغىرراق كەلگەن 30 ياشلار چامىسىدىكى ياش دوختۇرنى ھويلىغا باشلاپ چىقتى. دوختۇر كوزۇپنىڭ يېنىغا يېقىن كېلىپ ياردارنى بىر قۇر كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، ياردارنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان تۈزچىدىن سورىدى.

— نېمە بولغان؟

— موتودىن ژىقىلىپ چۈشۈپتۇ، — دېدى تۈزچى دوختۇرغا قاراپ.

— سوقۇۋەتكەن ئەدەم ئىشۇما؟ — سورىدى دوختۇر تىراكتورچى يىگىتنى ئىما قىلىپ.

«تازىمۇ كاللا دېسە پاقالچاق دەيدىغان بالىمۇ نېمە بۇ! ياشلا تۇرۇپ...» دەپ ئويلىدى تۈزچى دوختۇرنىڭ بىغەم كۆرۈنگەن چىرايىغا ئانچىكىم قاراپ، ئاندىن ئاۋازىنى چىڭراق چىقىرىپ سۆزىنى قايتىلىدى.

— ياق، موتودىن ژىقىلىپتۇ.

— ھە، مانداغ دىسلە... — دوختۇر بېشىنى لىڭشىتقانچە ياردارنىڭ ئىشتىنىنىڭ پۇشقىقىنى قايرىپ بېقىپ باش چايقىدى.

— نىچىك... نىچىك... نىچىك... چاتاق بولاپتۇ. سۆڭەك تېشىغا چىقكىتىپتۇ، تەرەكتوردىن چۈشۈرمەي ئۇدۇل ناھىيەلىك دوختۇرخانىنىڭ سۆڭەك بۆلۈمىگە يۆتكەڭلا.

— كېسەلنىڭ ئەۋالى ھەلەم با ئۇكام، — تۈزچى ياردارنىڭ ئاقىرىپ كەتكەن چىرايىغا قاراپ ئىچى ئاغرىغانچە ئېغىز ئاچتى، — پۇتىدىن تېخىچە قان چىقىۋاتىدۇ، قاننى توختاتقىلى بولامۇ؟

— بىز بۇنىڭغا ئامال قىلالمايمىز ئاكا، چاققان شەگە ئاپاسلا.

تۈزچى لەسسىدە بولۇپ ئارقىغا بۇرۇلدى، تىراكتورچى يىگىت تۈزچىغا سوئال نەزەرىدە قارىدى.

— ھەيدىيە ئۇكام، تاز بولسالڭ گەدەنگىچە دەپتىكەن، بەك ژىراق بولمىغاندىكىن ناھىيەلىك دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ قويىلى، ساۋاب بولا.

تىراكتورچى يىگىت رايىشلىق بىلەن باش لىڭشىتىپ قويۇپ تىراكتورنى ئوت ئالدۇرۇپ رولغا چىقتى، تۈزچىمۇ ياردارنىڭ يېنىغا يامىشىپ چىقىپ ئۇسسۇلغان قۇم ئۈستىگە

www.uyghurkitap.com

جايلاشتى.

ئالاھەزەل ئىككى ئاش پىشىم ۋاقىتلار ئۆتكەندە يارىدار ياتقۇزۇلغان تىراكتور ناھىيەلىك دوختۇرخانىنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ كەلدى. تىراكتورچى يىگىت بىلەن تۇزچى يارىدارنى ئېلىپ تەكشۈرۈش ئۆيىگە مۇدۇرۇپ ـ چوقۇرۇپ ئېلىپ كىرگەندىن كېيىن تىراكتورچى يىگىت كىيىملىرىنى قېقىشتۇرغاچ تۇزچىغا بۇرۇلدى.

ــ ئاكا، ئۆيۈمدە ئادەم يوق ئىدى. مەن ماڭغاچ تۇراي جۇمۇ؟

تۇزچى ئېغىز ئۆمەللەپ بولغىچە تەكشۈرۈش ئۆيىدىن دوختۇرنىڭ بېشى كۆرۈندى.

ــ ما كېسەل كىمنىڭ؟

ــ بىزنىڭ...

تۇزچى ئىتتىك ئالدىغا ئۆتتى، دوختۇر ئۇزۇن كەتكەن كارىدورنىڭ نېرىقى بېشىنى ئىما قىلىپ تۇزچىغا بۇيرۇق قىلدى.

ــ سىلى خاپا بولماي ئاۋۇ تەرەپتە كېسەل ياتقۇزىدىغان ھارۋا با، شاققىدە ھەيدەپ كەلسىلە، كېسەلنى رېنتگېنغا ئەكىرىمىز.

تۇزچى دوختۇر كۆرسەتكەن تەرەپكە قاراپ ماڭدى، تۇزچى ھارۋىنى ھەيدەپ كەلگەندە تىراكتورچى يىگىت ئاللىبۇرۇن كېتىپ بولغانىدى. دوختۇر ۋە يەنە بىرقانچەيلەننىڭ ياردىمىدە يارىدار كېسەل ھارۋىسىغا ياتقۇزۇلدى. ئەمدى ئىش پۈتكەنىمدۇ، دەپ تۇرغان تۇزچىغا دوختۇر ئېغىز ئاچتى.

ــ سىلى كېسەلنىڭ ئىگىسىمۇ؟

ــ ياق... ھەئە...

ــ ھە، ھازىر كېسەلنى رېنتگېنگە سالىمىز. ھەي ئۇكا، سىز ماۋۇ تاغىڭىزغا ياردەملىشىپ ماۋۇ كېسەلنى رېنتگېن بۆلۈمىگە ئەكىرىشىپ بېرىڭە، بۇ كىشى تاپالماي قېيىنىلىپ قالمىسۇن.

كېسەلنى ھارۋىغا ئېلىشىپ بەرگەن ياش يىگىت ھارۋىنىڭ سېپىغا ئېسىلدى. تۇزچىمۇ ھارۋىنىڭ بىر بۇرجىكىنى تۇتقىنىچە بىللە ماڭدى.

شۇ تاپتا تۇزچى يارىدار ياتقان ھارۋىنى ئىتتىرىپ ماڭغان بىلەن پۈتۈن ئەس ـ يادى بايا مومىغا باغلاپ قويغان ئېشىكىدە قالغانىدى. شۇ چاغدا كېسەلنىڭ نالىسىگە چىدىماي ھەممىنى ئۇنتۇپ ئالدىراپلا ماڭغانىدى. بىچارە ئېشەك ھازىرغىچە مومىغا قاڭتۇرۇپ باغلاقلىق تۇرغاندۇ ـ ھە ئېغىر تۇزنى كۆتۈرۈپ!...

تۇزچى باياتىن تىراكتورچى يىگىتكە ئېشەك ھارۋىسىدىن خەۋەر ئېلىپ قويۇشنى تاپىلاپ قويمىغانلىقىغا بەكمۇ ئۆكۈندى. «ئېشىكىمگە قاراپ قوي» دەپ بىر ئېغىز تاپىلاپ قويغان بولسىچۇ كاشكى، ھېچ بولمىسا ھارۋىدىكى ئېغىر يۈكلەرنى يولنىڭ چېتىگە چۈشۈرۈپ ئېشەكنى ھارۋىدىن چىقىرىپ قويغان بولسا... بۇ يەردىكى ئىشلار قاچان پۈتەركىن؟ ئاڭغىچە ئېشەك بىچارە يولدا بىر ھارۋا تۇزنى كۆتۈرۈپ مۈكچىيىپ تۇرارمۇ؟

تۇزچى بىردىنلا ئۆزىنىڭ بۇ ئويلىرىنى ئىنكار قىلىپ باش چايقاپ قويدى.

«ئەدەم قىرىغاندا پاختەك قايغۇ بولۇپ قالدىغان ئوخشايدۇ، مۇنچىۋالا ئەنسىرىمىسەممۇ تىراكتورچى يىگىتنىڭ يادىغا يېتەر. مېنىڭ تۇز ئېلىپ كېلىۋاتقىنىمنى، ھارۋىنى مومىغا باغلاپلا بۇياققا ماڭغىنىمنى يادىغا ئالار، ئېشەكنى ھويلىسىغا ئەچىرىپ ھارۋىدىن چىقىرىپ بىرەر قولتۇق شاخ تاشلاپ بېرەر... تىلىسىز ھايۋان ئەمەسمۇ...»

شۇ خىياللارنى قىلىپ ئۇلگۇرگەن تۇزچىنىڭ كۆڭلى بىر ئاز تەسكىن تاپقاندەك بولۇپ ئېغىرلاشقان پۇتلىرىنى يېنىك يۆتكەشكە باشلىدى. كارىدورنىڭ ئىچى پاكىز ۋە سىلىق. كېسەل ياتقۇزۇلغان ھارۋا تۇزچىنى كۈچىگىلى سالماي يەڭگىل غىرقىراپ ماڭماقتا ئىدى. يېنىدا ئەۋۇ ياش يىگىتمۇ بار، ئۇ بىر ئىشقا ئالدىرىغاندەك قىلىپ، ئىككى قولى بىلەن ھارۋىنىڭ ئىككىلا تۇتقۇچىنى مەھكەم تۇتۇپ كۈچەپ ئىتتىرمەكتە، پۇتلىرىنىمۇ ئالدىراش يۆتكىمەكتە ئىدى. قايسىدۇر بىر ياتاقلاردىن ئاندا ـ ساندا كىچىك باللارنىڭ قىرقىراپ يىغلىغىنى، كېسەللەرنىڭ ئازابلىق ئىڭرىشى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. ئاسما ئوكۇل بوتۇلكىلىرى تىزىلغان كىچىك قول ھارۋىسىنى ھەيدەپ ئۇ ياتاقتىن بۇ ياتاققا كىرىپ ـ چىقىپ تۇرغان سېستىرالار ئالدىراش يۈرۈشىدۇ.

تۇزچى ياش يىگىتكە سۈڭدىشىپ ھارۋىنى ئىتتىرىپ ماڭغانچە بۇلۇڭدىكى بىر ئۆينىڭ ئالدىغا كەلگەندە ياش يىگىت تۇزچىغا بۇرۇلدى:

ــ نۆۋەت كەلگەندە توۋلايدۇ، شۇ چاغدا مانا مەن دىسىلە ئاكا، مېنىڭ ئازراق ئىشىم باتى، ئىشىمغا باراي.

ياش يىگىت تۇزچىنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا كەينىگە بۇرۇلۇپ كېتىپ قالدى، شۇ چاغدا تۇزچىنى بىردىنلا غېرىبلىق باسقاندەك بولۇپ ھەسرەتلىك تىنىپ قويدى.

يېشى خېلى يەرگە بارسىمۇ تېخى ساق، تەمبەل كۆرۈنىدىغان تۈزچى مۇشۇ يېشىغا كەلگۈچە دوختۇرخانا دېگەننى بىلمەيدۇ. ئاچچىق شور ھىدى كېلىپ تۇرغان كەگرى جاڭگالنى خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى بىر قېتىم ئايلىنىدۇ. باراردا ھارۋىغا چىقىپ بارسا كېلەردە ئېغىر يۈك بېسىلغان ھارۋىنى ياندىشىپ تارتىشىپ پىيادە قايتىدۇ. پۇتىدىن ياز - قىشى ئاير‌ىلمايدىغان يوغان ئۆتۈكنى گۈلۈپشۇتۇپ دەسسەپ قوم، شور، زەيلەردە ئېغىر تۈزنى تارتالماي چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈلگەن ئېشەككە ياناداق بولۇپ تەڭ ھارۋا تارتىپ تەرلەپ - پىشىپ تارتقان جاپالىرىنى ئويلىسا ھېلى ئاغرىپ يېتىپ قالارمەنمىكىن، دەپ ئەندىشە قىلىدۇ. ئەمما مۇشۇ كەمگىچە ئۆزىنىڭ بىر كۈن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ باققىنىنى بىلمەيدۇ. ئاندا - ساندا ئاپتاپ ئۆتۈپ بېشى ئاغرىغاننى، تولغاق بولۇپ ئىچى سۈرۈپ قالغاننى، ئېھتىياتسىزلىقتىن قولىنى كەكە ياكى پىچاق كېسىۋېتىپ قان چىققاننى ئاغرىق دەپ ھېسابلىمايدۇ. ئاشۇنداق ئەھۋاللاردا دۈچ كەلگەندە غەيرەت قىلىپ جاڭگالغا چىقىشنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىدۇ. ئۈزۈندىن - ئۈزۈنغا سوزۇلغان يىلانباغرى جاڭگال يولى، تىنىم تاپماس تۈز قومۇرۇش ئىشى، مەھەللە كويلارنى تۈز بىلەن تەمىنلەپ ئايلىنىش قاتارلىقلارغا گول بولۇپ يۈرۈپ ئاغرىغان ئاغرىقنىمۇ ئۇنتۇپ كېتىدۇ. شۇڭا قاچانلاردا بىرەر يېرى ئاغرىپ يەنە قاچانلاردا ساقىيىپ قالغىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ. ئۇنىڭ كۆڭلىدە قىلىدىغان ئىشى ھەم بىلىدىغان ئىشى پەقەتلا جاڭگالغا چىقىش، تۈز ئېلىش، خەققە تۈز تارقىتىش... شۇڭا دوختۇرخانىنىڭ ئۇششاق - چۈششەك كەلدى - كەتتى ئىشلىرىنى بىلىپ كەتمەيدۇ. بۈگۈن ھېلىقى تىراكتورچى يىگىت بولمىغان بولسا بۇ دوختۇرخانىنى تېپىپ كېلەلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. دوختۇر بايامقى ياش يىگىتنى قوشۇپ قويمىغان بولسا ماۋۇ رېنتىگېن بۆلۈمىنى ھەرگىزمۇ تاپالماس ئىدى. ئەمدى بۇ يەردىكى تەكشۈرۈشلەر قاچان تۈگەيدىكىن؟ تەكشۈرۈش تېزرەك تۈگىسە، كېسەلنى دوختۇرلار داۋالىسا، تۈزچىمۇ ئۆيىگە پاتراق قايتىپ ھېلىقىچە يول بويىدا مومىغا باغلاقلىق قالغان ئېشەكنى ھارۋىدىن چىقىرىپ، بىر سېۋەت قۇرۇق سامان سېلىپ بېرىپ نەۋاختىن بېرى ئېغىر يۈك كۆتىرىپ تۇرغان بايقۇشنى ئازادلىققا چىقارسا، ئۆزىمۇ قازا بولۇپ كەتكەن نامازلىرىنى ئۆتىۋېلىپ ئاندىن كىچىككىنە ياماشلاپ يەر تىڭشىسا!...

«ئۇف!!!...»

تۈزچى ئېغىر ئۇھ تارتىۋېدى، پۈتۈن بەدىنى لەسسىدە بوشاشقاندەك بولدى. ھەئە، ئۇ ئەتىگەندىن بېرى جاڭگالنى بىر ئايلىنىپ كەلگۈچە چارچىغانىدى. مەھەللىدە تىراكتورچى ئىزدەپ نېرى - بېرى يۈگۈرۈپ يۈرۈپ پۇتلىرى تالغانىدى. ئۇنىڭكى ئاش پىشىملىق يولدا كوزۇپتىكى نەم قوم ئۈستىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ بەللىرى ئاغرىغانىدى. ماۋۇ قاراڭغۇ ئۆيىنىڭ ئالدىدا سوئۇق ياتقۇزۇلغان ھارۋىغا ھەمراھ بولۇپ ئۆرە تۇرۇپ ھەممە يېرى سىرقىراپ تالماقتا ئىدى. شۇ تاپتا بىر ھارۋا تۈزنى كۆتۈرۈپ ئۆرە تۇرغان ئېشەك جانىۋرى قانچىلىك ھېرىپ كەتكەندۇر؟!...

تۈزچىنىڭ يادىغا ئېشەكنى كېلىشى بىلەن ئۇنى يەنە غەم بېسىۋالدى. راست، تىراكتورچى بالىنىڭ ئېشەكتىن خەۋەر ئېلىپ قويۇش يادىغا يېتەرمۇ زادى؟ ئەگەر ئۇدۇل يول بىلەن ماڭمىغان دەپ باشقا يولدا ماڭسىچۇ؟ ئۇ چاغدا باغلاقلىق ئېشەك ھارۋىنى كۆرەرمۇ؟ ئەگەر يادىغا يەتمەي، يا ئېشەكنى كۆرمەي قېلىپ ئېشەك شۇ پېتى ئۇزاق تۇرۇپ كەتسە پۇتلىرى تېلىپ يېتىۋالارمۇ؟ ئېغىر يۈك بىلەن يېتىۋالسا چاتاق بولغىنى شۇ! ئارغامچىسى تارتىشىپ قېلىپ بوغۇلۇپ قالمىغىدى - ھە؟ ئېغىر يۈكنىڭ ئاستىدا قېلىپ يېتىۋالسا قورسىقى ئېسىلىپ كېتىدۇ. ۋاقتىدا تۇرغۇزۇۋەتمىسە يامان ئىشلار يۈز بېرىشى مۇمكىن!...

تۈزچىنى بىردىنلا قارا تەر باستى! ئۇنىڭ مۇشۇ بىرلا ئېشىكى بار ئىدى، مۇشۇ ئېشەك بىلەن جاڭگالدىن تۈز ئېلىپ چىقاتتى، مۇشۇ ئېشەك بىلەن تالاي بازارلارنى تۈز بىلەن قامدىغانتى. مۇشۇ ئېشەك بىلەن مەھەللىلەرنى ئايلىنىپ خەقنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلالايتتى، مۇشۇ ئېشەك بىلەن ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى پۈكلۈك يېرىنىڭ دېھقانچىلىقىنى قىلاتتى، شاخ - سامان توشۇيتتى، ئوتۇن ئېلىپ كېلەتتى، يالغۇز جېنىغا ھەمراھ بولۇپ ئۇزاق جاڭگال يوللىرىنى بىللە قېرىتاتتى، يىراقنى يېقىن قىلاتتى، ۋىجىكلىكىگە، ئورۇقلۇقىغا باقماي غەيرىتى بار ئەقىللىق جانىۋار ئىدى، قاپقاراڭغۇ كېچىلەردە يول يۈرۈپ قالسىمۇ يولنىڭ ئوڭ تەرەپىنى بېسىپ ئاۋايلاپ مېڭىشنى بىلەتتى، تار كۆۋرۈكلەردىن، ئېرىقلاردىن، كېچىكلەردىن سەزگۈسىگە تايىنىپ ئاۋايلاپ ئۆتەتتى، ئېگىزگە چىققاندا تاياق سالدۇرمايدىغان، پەسكە چۈشكەندە تۇقتىسىدىن تارتقىلى سالمايدىغان تەجرىبىلىك جانىۋارغا مەھەللىدىكى ھەممە خەقنىڭ زوقى كېلىپ «ياشلىۋالغۇچىلىكى بار جانىۋار» دەپ تەرىپلىشەت

www.uyghurkitap.com

تى، گاھىدا تۇزچى ئۇ ئاي-بۇ ئاي بوغۇز كۆرسەتمەي قۇرۇق بېدە-سامان بىلەن بېقىپ كەلگەن جانىۋىرىغا ئىچى سىرىلىپ قارىغىنىچە «قول-ئىلكىدە بار كىشى بېقىپ قالسا ئارغىماقتەك ماڭىدىغان شاش ئېشەك بولۇپ قالاردى!..» دەپ ئارمانمۇ قىلاتتى. خەقلەر تۇز بىلەن تېگىشىش ئۈچۈن ئەكىرىپ بەرگەن بىر-ئىككى باغ بېدە، شاخ-سامان تۇزچىنىڭ ئېشىكىگە ئاران ئۇلگۈرەتتى، كىشىلەر بەرگەن سامانلارمۇ ئانچە يېڭى سامانلار ئەمەس، ئۇلاغلىرى يەپ پەشكال چىقىرىپ قويغان سېرىق، يىرىك سامانلار بولاتتى، يامغۇردا قالغان، قارىداپ پاختىلاشقان شاخلارمۇ بار بولاتتى. تۇزچى مۇشۇ كەمگىچە بىرەرسىنى «سامىنىڭ سېرىق ئىكەن، توپىسى كۆپكەن، شېخىڭ قارىداپ قاپتۇ. بېدەڭ بەك ئاز ئىكەن...» دەپ باقمىدى. ئۇمۇ خەقلەرنىڭ خىجالەتچىلىكىنى بىلىدۇ، ئۆي تۇتماقنىڭ تەسلىكىنى بىلىدۇ، كىرگەن كىشىنىڭ كۆڭلىنى قايتۇرغۇسى كەلمەيدۇ، شېخىنى سۇندۇرۇپ قويۇشنى خالىمايدۇ، ئاشۇ سېرىق سامان، قارىداپ مەگلىشىپ قالغان بىر قۇچاق شاخنى قانچىلىك تەستە، قانچىلىك خىجىلچىلىقتا تۇزغا ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن كۆتۈرۈپ كىرىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ بىلەلەيدۇ. شۇڭا قانداق ئادەم بىر نەرسە كۆتۈرۈپ كىرسە يۇمشاق كۈلۈپ:

— ئەستا، بۇنداق قىممىسلىمۇ بولىتى، نىمداغ قىلىدىغاندۇ؟... — دەپ قوياتتى. ئاندىن ئىرنىمەي ئولتۇرۇپ خەقلەر ئەكىرگەن، تەڭمۇتەڭ توپا بۇرۇقسۇپ تۇرغان سېرىق ساماننى قاڭشارلىرى ئېچىشىپ چۈچكۈرۈپ كەتكىنىگە قارىماي قاسقانلىرىنىڭ ئاجرىغان جايلىرىنى شوينا بىلەن توقۇناقلاپ چىگىۋالغان كونا ئۆتكەمدە بىرمۇ-بىر تاسقايتتى. ئاتىسى رەھمەتلىكنىڭ:

— بالام، تىلسىز ھايۋاننى ھايۋان دەپلا توپا-تەرەت، شاخ-سامان بىلەن بېقىشمۇ گۇناھ! ئادەمنىڭ خۇداسى بولۇپ ھايۋاننىڭ خۇداسى يوق ئىش بولماس. ئادەم بىر يېرىم ئاغرىدى دېيەلەيدۇ، تىلسىز ھايۋان ئۇنداق دېيەلمەيدۇ. شۇڭا شاخ-ساماننىڭ توپىسىنى تاسقاپ پاكىزلاپ بەرمىسە تىلسىز جانغا ئۇۋال بولىدۇ. ئۇلاغ-چاھارپايغا ئوت-خەسە بەرگەندە بەك ئاۋايلا... — دەپ ھەر ۋاقىت تاپىلاپ تۇراتتى. تۇزچى ئاتىسىنىڭ گەپلىرىنى بالا ۋاقتىدىمۇ، يىگىتلىك قىران ۋاقتىدىمۇ يىرغان ئەمەس. ئەر بولۇپ، ياش ئۇلغىيىپ قالغاندا بولسا بەئەينى ئاتىسىدەكلا مۇنەججىم ۋە ئېھتىياتچان بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۆزىنىڭ ئاتىسىغا ئوخشاپ قالغىنىنى ئۆزى زىنھار سەزمىسىمۇ ئەمما ۋۇجۇدىغا سىڭگەن كۈچلۈك بىر ئەقىدىنىڭ تۈرتكىسىدە ھەر بىر ئېغىز سۆز، ھەر بىر ئۇششاق ھەرىكەتلەردىن تارتىپ رەھمەتلىك ئاتىسىنىڭ سىماسىنى ئەسلەشكە ۋە ئاتىسى قالدۇرغان ھېكمەتلەرگە ئەمەل قىلىشقا تىرىشاتتى.

تۇزچى ئېشەكنىڭ ئېغىر يۈك ئاستىدا مۈكچىيىپ قاڭتۇرۇپ باغلانغان ھالىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەندە تېخىمۇ ئىچى سىرىلىپ كەتتى. تۈزۈكرەك بېقىش تاپمىغاچقا قوتان قېرىسى بولۇپ ۋىجىكلەپ كەتكەن ئېشىكىگە قەرزداردەك ھېس قىلىپ ئۆزىنى ئەيىبلەيتتى. تارتقان جاپاسىغا تۇشلۇق بوغۇز-يەم بېرىپ باقالمىغىنىدىن يۈرىكى پۇچۇلىنىپ يۈرۈۋاتقىنى ئاز كەلگەندەك بۈگۈن بىر ھارۋا تۇزنىڭ ئاستىدا مومىغا قاڭتۇرۇق سېلىپ باغلاپ قويغىنىچە تاشلاپ كەلگىنىدىن ئۆزىنى تېخىمۇ گۇناھكار سېزىپ جىلە بولۇشقا باشلىدى.

تۇزچى ئالدىدىكى ئىشخانا ئىچىگە بويۇنداپ قارىدى. ئىچى قاراڭغۇراق كەلگەن ئىشخانا ئىچىدىن بىر ئەر، بىر ئايالنىڭ پارىڭى ئاڭلىناتتى. تۇزچى نۆۋەتنىڭ تېزراق كېلىشىنى تىلەپ تىت-تىت بولغانسېرى ئىچىدىكىلەر قېرىشقاندەك ھېچبىر ئۇنى چاقىرمايتتى. ئىچىدىكى ئەر بىلەن ئايالنىڭ پارىڭى ئارىلاپ-ئارىلاپ چاقچاق ئارىلاشقان يېنىك كۈلكىگە ئالمىشىپ قالاتتى.

تۇزچى ئاستا ئىشىككە يېقىنلاپ كېلىپ ئىچىگە مارىلاپ قارىدى، بىر-بىرىگە روبىرو ئولتۇرۇپ چاقچاق قىلىشىۋاتقان ياش قىز-يىگىت تۇزچىنى كۆرۈپ تەڭلا ئىشىككە قاراشتى، يىگىت بالدۇر ئېغىز ئاچتى:

— نېمە ئىشلىرى بار؟

— كېسەل ئەكەلگەنتىم، — دېدى تۇزچى تىت-تىت بولغان ھالدا.

— ھە، ساقلاپ تۇرسىلا جۇمۇ.

— ئۇكام، مەن بەك ئالدىرايتتىم!

— ئاياقتىن كېلىپلا ماياقتىن ئالدىرايدىغان سەھرانىڭ ئۇلاغ بازىرى ئەمەس ئاكا بۇ. قوللىرىدىكى قەغەزنى بېرىپ ئاندىن ئالدىرىسىلىمۇ بولا، ئەككەسىلە قەغەزنى.

تۇزچى تېخىچە قولىدا تۇتۇپ تۇرغان قەغەزنى ئىچىدىكىلەرگە بېرىشنى بىلمىگىنىنى ئەمدى ھېس قىلىپ سەل خىجىل بولغاندەك بولۇپ قەغەزنى يىگىتكە ئۇزاتتى. يىگىت قەغەزنى ئېلىپ بىر قۇر قاراپ قويۇپ تۇزچىغا بۇرۇلدى.

— ھە، ئېشدا بەش مىنۇت ئولتۇرۇپ تۇرسلا، سەل تۇرۇپ تۇۋالايمىز.

تۈزچى ماقۇل دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتىپ ئارقىغا ياندى. ھارۋىدا ياتقان كېسەل كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋالغان بولۇپ رىتىملىق ئىنجىقلايتتى. چىرايى ئېچىنىشلىق سارغىيىپ بەدىنى بورىنىڭ رەڭگىگە كىرىپ قالغانىدى. كېسەلنىڭ چىرايىغا قاراپ سەل ئەنسىرەپ قالغان تۈزچى ئاستاغىنە ئېڭىشتى.

— ئۇكام... ئۇكام...

كېسەل كىشى كۆزىنى لاپپىدە ئاچتى، تۈزچى بوش ئاۋازدا سورىدى.

— ئۆيلىرى نەدە بولغىيدى؟ ئۆيدىكى باللىغا خەۋەر بېرىۋېتەمتۇق يا؟

كېسەل كۆزىنى قايتا چىڭ يۇمۇپ بىردەم شۈك يېتىۋېلىپ ئاندىن ئاران ئاڭلانغۇدەك قىلىپ جاۋاب بەردى.

— ئۆيۈم... ئۆيۈم... ئارالدا...

— ھە... ئارالنىڭ نېرى بولغىيدى ئۇكام؟

— بازا... بازا چۆرىسى...

كېسەل بوش ئىڭىرىدى، تۈزچى بېشىنى بوش لىڭشىتتى. ئارال دېگىنى تۈزچىغا قوشنا يېزا بولۇپ، تۈزچى ئارالنىڭ بازىرىنىمۇ بەش قولدەك بىلەتتى. ئارالدىن سەيشەنبە بازارغا تۈز ئەكىلىدىغان بىر قانچە كىشىنىمۇ تونۇيتتى. «بىرەر تونۇش ئۇچراپ قالسا ياخشى بولاتتى ـ ھە...» دېگەنلەرنى خىيال قىلىپ ئۈلگۈرگەن تۈزچى ھارۋىدىكى كېسەلگە ئېڭىشىپ تۇرۇپ بوش ئاۋازدا سۆزلىدى.

— ماۋۇلار چاقىرغىچە تالاغا دىككىدە چىقىپ قالاپ باقاي ئۇكام، ئارالىق ئۇچراپ قالا...

تۈزچى بايا كەلگەن يول بىلەن تالاغا قاراپ ماڭدى. كېسەل كۆزىنىمۇ ئاچماي بىر خىل رىتىمدا ئىنجىقلاپ ياتقىنىچە قېلىپ قالدى.

تۈزچى كۆپ ھايالشمايلا قايتىپ كىردى، چىرايىدىكى خۇرسەنلىك مانا مەن دەپ بايقىلىپ تۇرغان تۈزچى ھارۋىنىڭ يېنىغا كېلىپ كېسەلگە قاراپ بوش ئۈنچىقتى.

— ئۇكام...

كېسەل كۆزىنى يەنە ئاچتى. تۈزچى خۇش خەۋەر يەتكۈزگەن ئادەمدەك كۆتۈرەڭگۈ كەيپىياتتا سۆزىنى ئۇلىدى.

— ئېمدى تالاغا چىقىپ تۇسام ئارالنىڭ بازىرىدىكى ئابدۇۋەلاخۇن سېۋەتچى ئۇچراپ قالدى. مەشەدە كېسەل بېقىۋاتىمەن دەمدۇ، پۇلى تۈگەپ ئۆيگە پۇلغا ماڭغان چېغى، شۇ كىشىدىن سىلىنىڭ ئۆيگە گەپ ئۇەتتىم، باللار كېلىپ قالا ئەمدى...

— رەھمەت سىلىگە ...

تۈزچى بىردىنلا قايتىپ كېتىش ھەققىدە بىر نەرسە دېيىشكە ئۈمەللىگەن ئاغزىنى سۆزدىن توختىتىۋالدى.

«قوي، ھامىنى گالۋاڭ بوپتىمەن. كېسەلنىڭ ئىگىلىرى كەگۈچە بىز ئاش پىشىم ساقلاي، ئۆيدىكىلىرىگە چىڭلىق تاپشۇرۇپ بېرىپ ئاندىن ماڭاي، ئاڭغىچە خۇدايىم ساقلار...»

تۈزچى ھارۋىنىڭ يېنىدا قول باغلاپ ئۆرە تۇرغىنىچە ساقلاشقا باشلىدى. ئۇ ئېشىكىدىن خاتىرجەم بولالمىغانلىرى ئېشەك بىلەن ھارۋىسى شۇنچە كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ سەۋر ـ تاقىتى قالمايۋاتاتتى. ئىچى تىتىلداپ ھېلى قاراڭغۇ ئىشخانا تەرەپكە بويۇنداپ قارىسا ھېلى ھارۋىدا ياتقان كېسەلدىن ئۇنى ـ بۇنى سوراپ باقاتتى. بازاردىمۇ، مەھەللىدىمۇ بىر قانچە قېتىم قوپاللىق قىلىپ يامان گەپ قىلىپ تاشلىغىنىدىن خىجالەت بولۇپ سۇنۇق ۋە نومۇستىن ئىبارەت ئىككى ئاغرىقنىڭ ئازابىنى تەڭ تارتىپ ياتقان كېسەل كۆزىنى ئوچۇق قويۇپ يېتىشقىمۇ پېتىنالماي چىڭ يۇمغانچە ئىنجىقلاپ ياتاتتى. كېسەلنىڭ كۆڭلىدىكى خىجالەتچىلىكنى بىلىدىغان تۈزچى ھە دەپ ئۇنىڭ ـ بۇنىڭ گېپىنى قىلغان بولۇپ كېسەلنى ئوڭايسىزلىقتىن قۇتۇلدۇرماقچى بولاتتى. تۇرۇپلا لىپپىدە خىيالغا كىرىۋالغان ئېشەك بىلەن ھارۋىسىنىڭ دىشۋارچىلىقىدا لام ـ جىم دېمەي خىيال سۈرۈپ جىمجىت ئولتۇرۇپمۇ قالاتتى. بىراق ئۇنىڭ تىت ـ تىت بولۇشى بىلەن بۇ يەردە ھېچكىمنىڭ كارى يوقتەك بىر ئاش پىشىم ۋاقىتتىن بېرى ئۇلارنى ھېچكىم چاقىرمايۋاتاتتى.

ئىچى سىقىلىپ پەقەت چىدامى قالمىغان تۈزچى ئىختىيارسىز قاڭقىپ تۇرغانچە بايىقى ئىشخانىنىڭ ئىشىكىدىن بېشىنى تىقتى، ئىچىدىن بىر قىزنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— نېمە ئىشلىرى باتى؟

— بۇ يەرگە كەلگەن ئادەم نېمىش قىلىدۇ؟! — تۈزچى بىردىنلا سەپرا بولۇپ قوپال ئاۋازدا جاۋاب بەردى. ئۇنىڭ مۆمىن، رايىشلىقىغا قوشۇلۇپ زەردىسى قوزغالغاندا تارتىنىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالىدىغان سەپرا مىجەزىمۇ بار ئىدى. رەھمەتلىك ئاتىسى دائىم ئۇنىڭغا «سۇس مۇسۇلماندىن چۇس كاپىر ياخشى، بىر ئىش قىلغاندا، يا

گەپ قىلغاندا ئۈزۈپ - ئۈزۈپ قىلغان تۈزۈك. قىلغان گەپىنى، قىلغان ئىشنى بىز باشقا چىقارمايدىغان ژىلمان ئەدەمدىن ھەزەر ئەيلىگۈلۈك...» دەپ تۇراتتى. مانا ھازىر ساقلاۋېرىپ تېرىكىشكە، جىلە بولۇشقا باشلىغان تۈزچىنىڭ ئاندا - ساندا قوزغىلىپ قالىدىغان ئاشۇ سەپرا مىجەزى بىردىنلا قوزغىلىشقا باشلىغانىدى:

— مانەھ!... ئەتىگەندىن بېرى بىز ئەدەم قالاپ ئوتتاسا كارىڭلا يوقمۇ؟ بىز كىشمىنىڭ ئۆيىگە ئۇلاغ چىرىپ قاسمۇ ما چىمنىڭ ئۆلغى دەيدۇ! شۇنچە يوغان ئەدەم ئىنجىقلاپ ياتقىلى نەكەم...

— نىمداغ قايناپلا! — قىزنىڭ ئاۋازى تولىمۇ قوپال ئاڭلاندى. تۈزچى رەڭگى - روييغا قارىسا شۇنچە لەۋەن، نازۇك كۆرۈنىدىغان، ئاغزىدىن ئانا سۈتى تېمىپ تۇرغان قىزنىڭ ئۆز چىرايىغا، نازۇك خۇلقىغا ماس كەلمەيدىغان قوپال ۋە بېشەملىكىدىن ھەيران قالدى. «كونىلارنىڭ ‹ئايال سۆپەت ئەركەكنىڭ قۇۋۋىتى يوق، ئەركەك سۆپەت ئايالنىڭ ئۆيىتى يوق› دېگەنلىرى راست گەپكەن جۇمۇ! قىز بالا دېگەننىڭ چىراي - تۇرقىغا قالاپ خۇلقى - مەجەزىمۇ يۇمشاقراق بولغىنىنى كۆرگەن...» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ ئۆلگۈرگەن تۈزچىنى قىزنىڭ ئولتۇرغان ئورۇندۇقتىن ئاتايىن ئۆرە قوپۇپ بويۇنلىرىنى شىلتىپ تۇرۇپ سۆزلىگەن بېشەم ھالىتى تېخىمۇ تېرىكتۈرۈۋەتتى، — ئالدىدا تەكشۈرگەن كېسەلنىڭ نەتىجىسىنى چىقىرىپ ئاپپارات بىكار بولغاندا ئاندىن چاقىرمامدۇق؟ قايداغ ئەدەم ماۋۇ؟!

— مەن مۇشتاغ ئەدەم! — تۈزچى ئەمدى بوش كەلمەستىن توقۇمنى قارنىغا ئېلىپ تەك تۇرۇشقا باشلىدى، — چۈشنىڭ ياندۇرقىدىن باشلاپ پۇتىدىن قان توختىمىدى. چىرپىلام ماڭغىلى تۇرۇپتىم، بىز تال قەغەزنى كۆتۈرۈپ ژۆرۈپ يېتىمش ئىشككى تۆشۈكنىڭ ھەممىنى دوقۇرۇپ بوسامىمۇ ھالىڭ قايداغ دەيدىغان ئەدەم يوقا؟! قەغەزگە خەت يېزىپ قويغانغىلا كېسەل ساقىيامدا؟! ياكا ئىگە بولدىغان ئەدەم يوق ئىشكنى تاقاپ قوياپ نىم دېگەن تۈگىمىگەن زاڭ پاراڭ ئۇ؟ سىلىنىڭ ئالدىڭلىدا ئەدەمنىڭ قەدرى يوقمۇ؟!...

تۈزچىنىڭ گېپى تۈگىمەستە ئىشكتىن بايىقى دوختۇر يىگىتنىڭ بېشى كۆرۈندى:

— ئاكا، سىلى خاپىمۇماي بەش مىنۇت تۇپ تۇرسىلا جۇمۇ؟

— ئىشككىلىرى كېسەلنى ئىشكنىڭ تۆۋىدە ساقلەتىپ قويۇپ مۇڭدىشىپ ئولتىراۋېرىشەملا؟ مەن باشلىقنى تېپىپ دەيمەن جۇمۇ ما ئىشنى!...

تۈزچىنىڭ ساددىلىق ئارىلاشقان ھەيۋىسىدىن بايىقى بېشەم سېسترا قىز نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرۇپلا قالدى، دوختۇر يىگىتمۇ سەل ئېسەنگىرەپ يۇمشاپ قالدى. ئۇ ئىشكتىن بېشىنى چىقىرىپ كېسەلنىڭ قانقۇش بولۇپ كەتكەن پۇتى ۋە ھارۋىغا قاراپ ئىشكنى كەڭرى ئاچقىنچە ئېغىز ئاچتى.

— ھە، ئەكىرسلە.

— مانا ئەمەسمۇ! نىپنىي يەممەسكە با، گېپىنى دەمەمەسكە با دېگەن مۇشۇ ئىكەندە!...

تۈزچى غوتۇلدىغىنىچە ھارۋىنى ئىتتەردى.

«بىلمىگەن يەرنىڭ ئوي - چۇڭقۇرى تولا» دېگەندەك تۈزچى ھېلى ئۇ ئىشخانىغا، ھېلى بۇ ئىشخانىغا دوقۇرۇپ يۈرۈپ مىڭ بىر جاپادا كېسەلنى بىر ياتاققا ئەكىرىپ ئورۇنلاشتۇردى. دوختۇرلار بىمارنىڭ سۇنۇق پۇتىنى ۋاقىتلىق تېڭىپ گەجدە قاتۇرۇپ تۇرۇشقا ئېسىپ قويدى. مۇشۇ ۋاقىتچە دوختۇرغا كىلىپ باقمىغان تۈزچى دوختۇرخانىنىڭ سۇنۇق بۆلۈمىدىكى ياتاقلارنىڭ لىقىدە سۇنۇق بىمارلىرى بىلەن توشۇپ كەتكىنىنى، ھەررەڭ - سەررەڭ تېڭىقلار بىلەن تېڭىپ قويۇلغان سۇنۇقلارنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز ياقىسىنى چىشلىدى.

«تۇۋا، تالادىكى ھەممە ئەدەمنىڭ بىز يەلىرى سۇنۇپ ياتقانمۇ نىما بۇ يەدە؟!...»

تۈزچى بىر سېسترانىڭ يول باشلاپ ياردەملىشىشى بىلەن كېسەلنى كارىۋاتقا ياتقۇزدى. سېسترا كېسەلنى ياتقۇزۇپ بولغاندىن كېيىن قولىدىكى نېپىز سولياۋ پەلەيىنى سېلىپ بولۇڭدىكى ئەخلەت چېلەككە تاشلىغاچ تۈزچىغا قاراپ ئېغىز ئاچتى:

— مەن ئوغۇللىرىنىڭ مەسئۇل سېستراسى بولىمەن، قانداق گەپ بولسا ماڭا دېسەڭلا بولىدۇ، بىر ئازدىن كېيىن مەسئۇل دوختۇرمۇ كىرىدۇ، قالغان گەپلەرنى دوختۇر دەپ بېرىدۇ، ئۇقتىلىمۇ؟

تۈزچى بېشىنى لىڭشىتتى.

«ئۇھ!... ھە نېمە بولسا ياتاققا ئورۇنلاشتۇق، بۇ بېچارىنىڭمۇ جېنى ئارام تاپىدىغان بولدى ئاخىر!...»

تۈزچى شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ سېسترانىڭ كەينىدىن ئىشككىچە ئۇزىتىپ چىقىپ يەنە يېنىپ كىردى. كىردىيۇ، بۇرنىغا ئۇرۇلغان غەيرىي سېسىق پۇراقتىن كۆڭلى ئاينىغاندەك بولۇپ تۇرۇپلا قالدى.

www.uyghurkitap.com

سۇنغان پۇتلىرنى ھەرىكەتلەندۈرەلمەي ئۇگدىسىغا قاراپ ياتقان بىمار تۈزچىنىڭ كىرگىنىنى كۆرۈپ تەتۈر قارىۋالغانىدى. ئۇنىڭ ياتقان جايىغا تەرەت قىلىپ قويغىنىنى سەزگەن تۈزچى چاندۇرماي يېقىن كېلىپ سورىدى.

— ئۇكام، قورساقلىرى ئاغرىۋاتامدۇ؟ تاتىنماي دەسىلە جۇمۇ، ھەممە ئەدەمدە با ئىش ئۇ...

— مەن... مەن...

بىمار گەپ قىلالماي يەنە تەتۈر قارىۋالدى، بىمارنىڭ ئەتىگەندىن بېرى ئاغرىق ئازابىدىن ئاپياق بولۇپ تاتىرىپ كەتكەن يۈزى ئەمدى نومۇس كۈچىدىن شەلپەردەك قىزىرىپ كەتكەنىدى. شۇ چاغدا نېرىقى كارىۋاتتا ئېرىنىڭ پۇت - قولىنى تۇتۇپ ئولتۇرغان ياش چوكان سومكىسىدىن بىر تۇرمەكلىك قەغەزنى ئېلىپ تۈزچىغا ئۇزاتتى.

— ئوغۇللىرى تەرەت سۇندۇرۇپ قويدى بوغاي، ما قەغەزدە تازىلىۋاسىلا تاغا، مەن تالاغا چىقىپ تۇرىمەن...

چوكان قەغەزنى بېرىپ تالاغا چىقىپ كەتتى، نېمە قىلارىنى بىلمەي مەڭدەپ تۇرۇپ قالغان تۈزچى شۇ چاغدا ئېسىنى يىغدى:

— ھە ماقۇل، رەھمەت... ئۇكام، مەن ئاستىلىرىنى قۇرۇقداپ قوياي.

— ياق ياق!... بولدى، ھېلى باللار كىلە...

بىمار جىددىيلىشىپ باش چايقىدى، تۈزچى قەغەزلەرنى جۇپلەپ قاتلىغىنىچە يەنە ئېغىز ئاچتى.

— ئۇنداغ تاتىنمىسىلا ئۇكام. ئەدەم با يەردە بولىدىغان ئىش بۇ. ھەممىمىز خۇدانىڭ ئالدىدا ئوخشاش بەندەقىنى...

— ياق بولدى...

ئۇلار تالىشىۋاتقاندا ئالدىراش كىرىپ كەلگەن سېستىرا ئىشكتىن كىرىپلا بۇرنىنى تۇتتى.

— تەرەت سۇندۇرۇپ قويغان ئوخشىمامدۇ؟

— ھەئە، ھازىرلا تازىلىۋېتىمەن بالام... — دېدى تۈزچى ئالدىراپ - تېنەپ.

سېستىرا ئىتتىك مېڭىپ كېلىپ دەرىزىلەرنىڭ قاناتلىرىنى ئېچىۋەتكەچ قوشۇپ قويدى.

— تېزرەك بولسىلا تاغا، ھازىر ئاسما ئاسىمىز.

سېستىرا سۆزىنى تۈگىتىپ يانچۇقىدىن كىچىككىنە ئاسما ئوكۇل بوتۇلكىسىنى ئالدى - دە، جاھازغا ئېسىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى، بىمار ئامالسىز كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ تەتۈر قاراپ يېتىشقا مەجبۇر بولدى.

تۈزچى يوتقاننىڭ بىر پېشىدىن قولىنى ئاۋايلاپ كىرگۈزۈپ بىمارنىڭ ئاستىغا يېقىن ئاپاردى. سەزگۈسىگە تايەنىپ ھەرىكەت قىلىپ بىمارنىڭ ئاستىنى تازىلىدى. بىر قانچە قېتىم قەغەز ئالماشتۇرۇپ تازىلاپ قانائەت ھاسىل قىلغاندىن كېيىن ئاندىن قەغەزلەرنى چىڭ تۈرمەللەپ كۆتۈرگىنىچە تالاغا ئېلىپ ماڭدى.

تۈزچى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن بىمار كۆزنى ئاچتى. ئۇ بۈگۈنكى مېھماندارچىلىقتا ساھىبخانىنىڭ تەكەللۇپ - خوشامەتلىرى بىلەن تويغىنىنى بىلمەي زورلاپ يېگەن كاۋاپ، يۇرەككە ياققان مۇزدەك پىۋىلەرنىڭ قورسىقىدا شۇك ياتماي قىينالغىنىنىڭ ئالدىدا ئاۋۇ سۇنۇق پۇتىنىڭ ئاغرىقى ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكەنىدى. نومۇس، خىجىلچىلىق، بىئەپلىك ئىچىدە قورۇنۇپ ئۆزىنى بار بىلەن يوقنىڭ ئىچىدە ھېس قىلىپ ئۆلمىگەن، ئۇنىڭ بېرىسى بولغان بىمار ھە دەپ بېشىنى چايقاشقا باشلىدى، زادى نېمىگە باش چايقىغانلىقىنى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بىلمەيتتى.

ياتاقنىڭ ئىشىكى ئاستا ئىتتىرىلىپ ئېچىلىپ، قولىدىكى كىچىككىنە كورۇشكىنى چىڭ تۇتۇپ كۆتۈرگەن 14 - 15 ياشلاردىكى بىر ئوغۇل بالا بىلەن ياغلىقنى بېشىنىڭ چوققىسىغا ئېگىز تۈرمەكلەپ سىيلىۋالغان بىر چوكاننىڭ يۈزى كۆرۈنۈپ، ئۇلار ياتاق ئىچىگە ئاستا مارىغىنىچە كىرىپ كەلدى. ئاندىن كارىۋاتتا بىر پۇتى ئېسىپ قويۇلغان ھالدا ئاسمانغا قاراپ ياتقان بىمارنى كۆرۈپ ئوغۇل ئىتتىك يۈگۈرۈپ كەلدى.

— ۋوي دادا، نىم بولدۇڭ؟

بىمار گەپ - سۆز قىلماي بىر قولىنى چىقىرىپ ئوغلىنىڭ قولىنى تۇتتى. چوكان ئاستا كېلىپ بىمارنىڭ باش تەرىپىگە ئۆتۈپ كارىۋاتنىڭ بىر چېكىسىگە كاسىسىنى قويغاندىن كېيىن كۆزلىرىگە لىقىدە ياش ئالدى:

— نىم بولدىلا؟ ئەجەب قورقۇتتىلا جۇمۇ ئەدەمنى!

— ئەنسىرىگۇدەك ئىش يوق، — دېدى بىمار گەجدە قاتۇرۇپ ئېسىپ قويۇلغاندىن كېيىن سەل ئاغرىقى پەسلەپ ئارام بەرگەن پۇتىغا كۆز قىيرۇقىدا قاراپ قويۇپ.

— ھە، مۇشۇ ئەنسىرىگۇدەك ئىش ئەمەسمىكەن؟ دائىم دەيمەن سىلىگە، موتونى ئاستىراق مىنسىلە، تۆت ئادەم با يەردە خىزىر بار بولامىش، شۇڭا تۆت ئادەم با يەردە موتودىن چۈشۈپ، جامائەت بىلەن كۆرۈشەپ ئۆتسىلە، جامائەتنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ كەتسە يامان بولىدۇ

دەپ...بىز يەردە ئولتۇراپ قاغانمىتلە يانا؟

— نېمە دەيدىغانسەن؟ — بىمار ئايالغا قاراپ ھۆرپەيدى. ئۇنىڭ باياتىن دوختۇرغا كىرگەندىكى بىچارە ھالىتىدىن ھازىر ئەسەرمۇ قالمىغانىدى، — ھاجەتمەنلەر ياڭۇۋرۇپ تۇرۇۋاسا ئولتۇرماي قانداغ قىلىمەن؟ ئولتۇرغان بىلەن ئۇنداغ ئىش قىممىدىم مەن!

— ئەمىسە نېمىشقا ئاستىراق مىنمىگەنلا؟

— نىچىك! سەن مېنى سورىغ ئەتكىلى كەگەنمۇ يا؟ ئەدەم با يەردە بۆلغۇشلىۋېتىمە جۇمۇ!

چوكان جىم بولۇپ قالدى، ئاندىن قولىدىكى سومكىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ ئىچىدىن كىچىككىنە داستىخاننى ئالدى. داستىخاننى ئېچىپ بولغىچە تونۇردىن يېڭىلا قومۇرۇلغان ئىسسىق ئاقناندىن كۆنجۈتنىڭ خۇشبۇي ھىدى تارالدى، چوكان تىخىچە كارىۋاتنىڭ يېنىدا ئۆرە تۇرغان ئوغۇلغا قاراپ ئۈنچۈقتى:

— كورۇشكىنىڭ ئاغزىنى ئېچىڭە ئوغلام.

— ماقۇل.

ئوغۇل كورۇشكىنىڭ ئاغزىنى ئاچتى، شۇ ھامان كورۇشكىدىن ھەر خىل دورا-دەرمانلار سېلىپ مەززىلىك تەڭشەلگەن قىزىق شورپىنىڭ ھورى كۆتۈرۈلدى. چوكان ئېرىنىڭ تاتىراڭغۇ چىرايىغا قاراپ مېھرىبانلىق بىلەن سورىدى:

— باشلىرنى يۆلەپ ئېگىز قىپ قويايمۇ؟

— ھە ماقا.

چوكان بىمارنىڭ بېشىغا چاپاننى قاتلاپ قويۇپ ئېگىزلىتىپ بەردى. ئاندىن كېيىن ئوغلىنىڭ قولىدىن كورۇشكىنى ئېلىپ قوشۇققا شورپا ئېلىپ ئېرىگە بىر قوشۇق-بىر قوشۇقتىن ئىچۈرۈشكە باشلىدى.

شۇ چاغقىچە ئۇلار بىرسىنىڭ ئىشىك تۈۋىدە خىلىدىن بىرى ئۆزلىرىگە جىمجىت ھالدا قاراپ تۇرغىنىنى سېزىشمەدى.

ھەئە! تۇزچى شۇ تاپتا ئىشىك تۈۋىدە ئۇلارغا ئۈنسىز قاراپ تۇراتتى. بايا ئۇ بىمارنىڭ چوڭ تەرتىنى ئېلىپ كارىدورغا چىققاندا ياتاقمۇ ياتاق ئارىلاپ يۈرۈپ بىمارنى ئىزدەۋاتقان چوكان بىلەن ئوغۇل ئۇنىڭغا ئۇچراپ قېلىپ ياردەم سورىغانىدى، تۇزچى ئۇلارغا مۇشۇ ياتاقنى كۆرسىتىپ قويۇپ ئاندىن تازىلىق ئۆيىنى ئىزدەپ كەتكەنىدى.

تۇزچى يۆيۈپ كەلگەن قولىنى قولتۇقىغا سۈرتكەنچە ياتاق ئىچىگە بىر دەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئاستاغىنە ئارقىغا بۇرۇلدى.

«بۇ ئۇكامنىڭ ئۆيىدىكىلىرىمۇ كېتىۋاتاتا، ئەمدى ئاستا ماڭاي، — دەپ ئويلىدى تۇزچى سىيلىق كارىدور ئىچىدە تالاغا قاراپ ئاۋايلاپ ماڭغاچ، — بولىسىغۇ خوش دەپ قويۇپ ماڭسام ئوبدان بولىتى، ئەمما، ئۆيىدىكىلىرىنىڭ ئالدىدا قىلغان-ئەتكەن ئىشنى مىننەت قىلغاندەك بولۇپ قالىدىكەن، ئۇنىڭدىن كۆرە غېيىپدە ماڭاي، ئاۋۇ ئۇكامىمۇ خىجىلچىلىقتا ئاران تۇرۇۋاتىدۇ، يات بىر ئەدەمنىڭ ئالدىدا مۇشۇنداق ھالدا ياتماقمۇ ئاسان ئەمەس! كۆزىگە كۆرۈنۈپ خىجىل قىلىۋەرمەي ئاستا ئۆزۈمنى چەتكە ئالاي، قالغىنىنى خۇدايىم شىپالىق بېرە!...»

تۇزچى ئۆزىنىڭ خىيالىدىن ئۆزى رازى بولۇپ كارىدوردىن تالاغا چىقتى. كۆز ئالدىدا بىر ھاروا تۇزنى كۆتۈرۈپ بولالماي بەللىرى ئېگىلگەن ئىشكى كۆرۈنگەندەك بولۇپ دوختۇرخانىنىڭ چوڭ دەرۋازىسى تەرەپكە ئالدىراش يۈرۈپ كەتتى.

تۇزچى ئىزدەپ-سوراپ يۈرۈپ بىكەتكە كېلىۋالدى، بۇ چاغدا كۈن كەچلەپ نامازشامغا قىستاپ قالغانىدى. شام نامىزى بىلەن قازا بولغان نامازلىرىنى ئوقۇۋېلىشنى كۆڭلىگە پۈككەن تۇزچى تاھارەت ئالغۇدەك جاي ۋە سۇ ئىزدەپ ئەتراپنى بىردەم ئايلاندى. ئەمما بىكەت ئەتراپىدا ئۇنداق جاينى كۆزىگە چېلىقتۇرالمىدى. خىلىغىچە كوچا ۋە دۇكانلارنى ئارىلاپ ھېچ ئامال قىلالمىغان تۇزچى ئاخىر شام نامىزىنىمۇ قازا قىلىۋەتتى. بۇنىڭدىن كۆڭلى پۇق يەۋالغاندەك غەش بولغان ھالدا يېزىغا قاتنايدىغان ماشىنا-تىراكتورنى ئىزدەپ ئەتراپنى چۆرگىلەشكە باشلىدى. يولنىڭ چەتلىرىدە قالايمىقان توختىۋېلىپ ئۆلگۈدەك سىگنال بېرىۋاتقان مىنبۇسلارنىڭ ئارىسىدا تۇزچى ئۆزىنىڭ يېزىسىغا قاتنايدىغان بىرەر مىنبۇسنىمۇ ئۇچرىتالمىدى. ئەتراپقا ئاستا-ئاستا قاراڭغۇلۇق يېيىلىپ، كوچا چىراغلىرى يېنىپ ئاسمان گۈمبىزى قازاننى كۆمتۈرۈپ قويغاندەك قارىيىشقا باشلىدى.

تۇزچى ئەمدى ھودۇقۇشقا باشلىدى. ماشىنا چىقماي قالسا پىيادە كەتكۈلۈكمۇ؟! جاڭگالغا كىرىپ تۇز ئېلىپ چىققان يوللىرىنى، سويەك بىلەن ناھىيەگە كەلگەن يوللىرىنى، تەكشۇرۇش ئۆيى بىلەن بىر-بىرىدىن ئۇششاق رەسمىيەتلەرنى بېجىرىدىغان كاتەكتەك ئىشخانىلارغا نەچچە دوقۇرۇپ كىرىپ-چىققان يوللىرىنى...ئويلىسا ئەتىگەندىن بېرى ماڭغان يوللىرىغا تۇزچى ئۆزىمۇ تاڭ قالدۇ. بىر

كۈن ئىچىدە يۈز بەرگەن ئىشلار، مېڭىپ كەتكەن يوللار تۈزچىنىڭ مېڭىسىنى چارچىتىپ زېھنىنى خوراتقانىدى. شۇ تاپتا تۈزچى ئۇدۇل كەلگەن يەردە سىڭايان بولۇپ بىر ئاش پىشىم كۆزىنى يۇمۇۋالسا لەپپىدە يەڭگىللەپ قالاتتى، ئەمما، ئۇنداق قىلالمايتتى. شۇ تاپتا مەھەللىدىكى توغرا يولدا لىق تۈز بېسىلغان ئېشەك هارۋىسى باغلاقلىق...

چوڭ تەمە بىلەن يۇرتقا قايتىدىغان قاتناش ئىزدەپ كۆزلىرى تېلىپ كەتكەن تۈزچى تاقەت قىلالماي قوۋۇشتۇرۇلغان قولىنى يېڭىدىن چىقاردى. پوتىسىنى يېشىپ تېشىدىكى چاپاننى سالدى-دە، قاتلاپ دولىسىغا ئارتتى. پوتىسىنى ئۇزۇن ئاق كۆينىكىنىڭ ئۈستىدىن ياشلاپ چىڭ باغلىۋالغاندىن كېيىن ئۆتۈكلىرىنى گۈلۈپشىتىپ دەسسىگىنىچە يولغا چۈشتى. «بۇنچىلىك يول دېگەن نېمىتى!— دەپ ئويلىدى تۈزچى ئۆزىچە،— ژىلانجاينىڭ، ئالما بۇلاقنىڭ، قاتار سۆگەتنىڭ هاشارلىرىغا نەچچە مېڭىپ بارغان پۇت بۇ، نېمە تۇرۇش؟! ئۆزۈڭنى خار قىلغۇچە كۆچۈڭنى خار قىل دەپتىكەن! يا بىسمىللا!...»

تۈزچى گۈرسىلدىتىپ دەسسەپ يولغا راۋان بولدى. كوچا چىراغلىرى يېنىپ تۇرغان شەھەر كوچىلىرى ئاستا-ئاستا ئارقىدا قېلىپ قاراڭغۇلۇق باسقان يوللار ئۇنى قۇچاقلىدى. چىراغلىرىنى يورۇتۇپ مېڭىشقان ماشىنىلار، موتوسىكلىتلار، تىراكتورلار هەر قېتىم ئۇنى يانداپ ئۆتكەندە ياكى قارشىسىدىن كەلگەندە تۈزچىنىڭ كۆزلىرى چاقناپ خىرلىغىچە كۆزىنى ئاچالماي قالاتتى. ئاندىن جايىدا بىر هازا جىم تۇرۇۋېلىپ كۆزلىرى بىر ئاز قاراڭغۇلۇققا كۆنۈۋالغاندىن كېيىن قايتا پۇت يۆتكەيتتى. مۇشۇ تەرىقىدە مېڭىپ تۈزچىنىڭ ماڭغان يولى تۈزۈك ئاۋۇمىدى. يوغان ئۆتۈك هەر بىر پۇت يۆتكىگەندە پولوك-پولوك قىلىپ ئاۋاز چىقىراتتى. تۈزچىنىڭ چاپان ئارتىلغان بىر دولىسىمۇ تەرلەپ سۇ بولۇپ كەتتى. تۈزچى چاپاننى بىردەم ئوڭ دولىسىغا، بىردەم سول دولىسىغا ئالماشتۇرۇپ ماڭدى. مۇشۇنداق قىلسا هارغىنلىقى سەل بېسىققاندەك بولاتتى.

تۈزچى ئاسمانغا قارىدى. ۋاقىتنىڭ نەۋاق بولۇپ كەتكىنىنى ئىلغا قىلالمىدى. ئەمما ئەل ياتقۇ بولغىنىنى يول بويىلىرىدىكى ئۆيلەرنىڭ دېرىزە-پەنجىرىلىرىنىڭ قاراڭغۇلىشىپ كەتكىنىدىن هېس قىلدى. يولدا قۇيرۇق ئۇلاش ئۆتۈشۈپ تۇرغان ماشىنا-تىراكتورلارنىڭ ئايىغىمۇ ئاستا-ئاستا سۇيۇلدى؛ ئەمدى ماڭدامدا بىر كۇچلۈك يورۇپ كېلىپ تۈزچىغا دەخلى بولىدىغان چىراغلارمۇ ئازلاپ تۈزچىنىڭ يولى ئاۋۇشقا باشلىدى.

يولى ئاۋۇدى دەپ كەتكىلىمۇ بولمايتتى. ئەتىگەندىن بېرى يوللا ماڭغان پۇتلار ئېغىرلىشىپ ماڭغايمۇ-ماڭمايمۇ دەپ قالغانىدى. ئۆتۈكلىرىمۇ پۇتىغا ئېغىر كېلىپ، تاپانلىرىنى غاجاپ قاپارتىۋەتكەنىدى. شۇ تاپتا تۈزچى يولنىڭ چېتىدە جىندەك ئولتۇرۇۋالغۇسى كەپكەتتى. هەئە! جىندەكلا... ئىككى تىزىنى قۇچاقلاپ پەقەت جىندەك ئولتۇرۇۋالسا...

تۈزچى ئۈچەيلىرىنىڭ قۇرۇپ چاپلىشىپ كەتكىنىنى سەزدى. ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق دېگەنگىمۇ ئۇ كۆنۈك. نەچچە-نەچچە قېتىم تۈز قومارغۇچە چوقايغا ئېسىپ قويغان نانلىرىنى، تاۋۇزلىرىنى هارۋىدىن چىقىرىپ چاققا باغلاپ، ئوتقا قويۇپ قويغان ئېشەك يەۋېلىپ ئاچ-ئۇسسۇزلۇققا چىدىغان يەرلىرى بار. يولغىمۇ كۆنۈك، هاشار-مەدىكارغا بارغان، جاڭگالدىن تۈز ئالغىلى بارغاندا ماڭغان يوللىرىنى ئۆ بىر ئۆمۈر هېسابلىسىمۇ تۈگىمەيدۇ. ئەمما تۈزچىنى هازىر قىيناۋاتقىنى— چۈشتە باغلاپ قويغان پېتى مەھەللىدە قالغان بىچارە ئېشىكىنىڭ تەقدىر-قىسمىتى ئىدى.

«شۇ تاپتا ئېشىكىم نېمە بولۇپ كەتكەندۇ؟ يېتىۋالغاندۇ؟ يېتىۋالغان بولسا ئارغامچا تارتىلىپ بوغۇلۇپ قالغاندۇ؟ قايتا قوپالماي بىر هارۋا تۈزنىڭ ئاستىدا ئىنجىقلاپ جان تالىشىۋاتقانمىدۇ؟ بۇ ئىگەم بۈگۈن ئالجىپ قالغانمىدۇ، نېمىشقا بىر تاشلاپ قويغانچە هالىمدىن خەۋەر ئالمايدىغاندۇ، دەپ كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ تۇرامدىغاندۇ؟...»

مۇشۇلارنى خىيال قىلغانسېرى تۈزچىنىڭ ماغدۇرسىز پۇتلىرىغا قايتا جان كىرگەندەك بولۇپ ئۇزۇن ئاق كۆڭلەكنىڭ پېشىنىڭ لەپىلدەپ تىزلىرىغا ئۇرۇلۇشىغا پەرۋا قىلىپمۇ قويماي تېز-تېز مېڭىپ كەتتى.

تۈزچى مەھەللىگە يېقىنلاشقاندا قاياقتىندۇر خورازنىڭ سوزۇپ قىچقىرغىنى ئاڭلاندى. تۈزچى كۈنچىقىش تەرەپكە قارىدى، كۈنچىقىش ئاقىرىپ قالغانىدى. مەھەللە ئېغىر ئۇيقۇدا، ئاندا-ساندا بىر نەرسىنىڭ شەپىسىدىن چۆچۈپ كەتكەن ئىتلارنىڭ ئەنسىز قاۋاشلىرى بولمىسا يۇرت ئىچى جىمجىت.

«تاڭ ئاتاي دەپ قاپتۇ!...»

مەھەللىگە كىرىپ كەلگەن تۈزچى ئېغىرلاشقان پۇتلىرىنى يۆتكەپ ئېشىكى باغلانغان توغرا يولغا يېقىنلاشقانسېرى يۈرىكى ئەنسىز دۈپۈرلەپ كەتتى. ئۇ ئېشىكىنى قانداق هالەتتە كۆرەرمەن دەپ ئەنسىز خىياللارغا ئەسىر بولۇپ تولا ئويلاپ كاللىسى ئۇماچ بولۇپ كەتكەنىدى. شۇڭا ئېشەك باغلاقلىق جايغا يېقىنلاشقانسېرى ئۆزىمۇ

www.uyghurkitap.com

سەزمەي پۇتلىرى ئىتتىكلەپ كەتتى. ئېگىز - پەس، مۇدۇر - چوقۇر مەھەللە يولىدا ئېغىرلاشقان پۇتلىرىغا نىمىلەرنىڭدۇر پۇتلاشقىنىغىمۇ پەرۋا قىلماستىن ئۆزىنىڭ ھارغىنىنى، تالغىنىنىمۇ ئۇنتۇپ ياش باللاردەك تېز - تېز مېڭىپ ئېشەك باغلانغان جايغا ئاخىر يېتىپ كەلدى!

تۇزچى گىرىمسەن قاراڭغۇدا مومىغا يېقىنلاپ كېلىپ ياشاڭغۇراپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ئالدى تەرەپكە سىنچىلاپ قاراپ ھەيران قالدى. خۇشاللىقىدىن پۈتكۈل جىسمى شۇرىدە يۇمشاپ كەتكەندەك بولۇپ ئۆپكىسىنى تولدۇرۇپ يوغان بىرنى «ئۇھ !!!...» دەۋەتتى! ھارۋىغا لىققىدە بېسىلغان تۇزنى شۇ پېتى كۆتۈرۈپ، بېشىنى ئارغىماق ئاتتەك تىككىدە تۇتقانچە بىر ئىزىدا مىت قىلماي جىمىدە تۇرغان ئېشەك گىرىمسەن قاراڭغۇلۇقتا تۇزچىنىڭ كۆزىگە بەئەينى بىر توپ سۇنماس چىناردەك ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈپ كەتتى!

قاراڭغۇدا يېنىغا بىر سىنىڭ كەلگىنىنى تۇيغان ئېشەك قۇلاقلىرىنى دىڭڭىدە قىلىپ يېنىغا بۇرۇلۇپ قارىدى. قاراڭغۇدا كۆزى كۆرەلمىسىمۇ ھىدىدىن ئىگىسىنى تونۇغان ئېشەك تۇزچى ھارۋىغا يېقىن كېلىشىگىلا ئاۋۋال بىر قانچىنى پۇشقۇرۇپ ئاندىن ياڭراق ئاۋازدا ھاڭرىۋەتتى. جىمجىت مەھەللە ئاسمىنى شۇ زامات لەرزىگە كېلىپ ئېشەكنىڭ ھاۋانى يارغان ئاۋازى قايسىدۇر كونا تاملىقلارغا سوقۇلۇپ ئەكس سادا ياندۇردى. بۇ - ئېشەكنىڭ ئىگىسىنى قەۋەتلا سېغىنىپ كەتكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان تىلى، ئىگىسىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىگە قىلغان تەنتەنىسى ئىدى! ...

قەدىناس ئېشىكىنىڭ تونۇش ئاسمىنىنى جاراڭلىتىۋەتكەن ياڭراق ئاۋازىدىن سۆيۈنۈپ، بۇ سۆيۈملۈك ۋە يېقىملىق ئاۋازنىڭ لەرزىدىن تازا پۇخادىن چىققان تۇزچى ھەممىنى ئۇنتۇپ قۇچاقلىرىنى كەرگىنىچە ئېشەكنىڭ بويىنىدىن مەھكەم قۇچاقلىدى. ئەتىگەندىن بېرى ماڭغان يول، سۈرگەن خىيال، كۆڭلىنى پاراكەندە قىلغان ئەندىشە - تەشۋىشلىرى بىراقلا يوقاپ پۈتكۈل قەلبىنى بىر بەختىيارلىقنىڭ ھۇزۇرى چۇلغىدى. شۈك تۇرماي مەڭزىنى تىنىمسىز غىدىقلاۋاتقان تۈكلۈك قۇلاقلارنى چوڭقۇر مېھىر بىلەن سىلاپ، تۇزچى نىمىشقىدۇر كەپتەر بالىسىدەك بۇقۇلداپ كەتتى!...

ئاپتور: قىرغىز، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيە ئەرمۇدۇن يېزا قىرغىز مەھەللىسى كەنتىدە، دېھقان.

(بېشى 80 - بەتتە)

## تەپەككۇر ئۈنچىلىرى

▲ نەپسانىيەتچىلىك قېرىنداشلىق مېھرىگە سوغۇق سۇ چاچىدىغان يىرتقۇچ مەخلۇق.

▲ ئاقىل كىشى ئاز يەيدۇ، يېگەندىمۇ ساز يەيدۇ؛
دانالار ئاز دەيدۇ، دېسە بەكمۇ ساز دەيدۇ.

▲ ئادەم ئۆزى ئۈستىدە قانچىكى ئىنچىكە ئويلانغانسېرى يېتەرسىزلىكلىرى شۇنچە يارقىن نامايان بولىدۇ.

▲ ۋاقىت ئۇ بىزدىن قەدىرلەشنى تەلەپ قىلىدۇ، چۈنكى، ئۇ قەدىرلىگەندىلا، ئاندىن ئۆز قىممىتىنى كۆرسىتەلەيدۇ.

▲ تەپەككۇر تاللاش بىلەن شاللاش، ياخشى بىلەن يامان، ئادالەت بىلەن ئادالەتسىزلىك، ئارتۇقچىلىق بىلەن كەمچىلىك، ھازىر بىلەن كەلگۈسى، بۈگۈن بىلەن ئەتىنىڭ ئۈستىدە ئويلىنىشتىن قاناتلىنىپ پەرۋاز قىلىدۇ.

▲ قەدىرلىگەننىڭ قەدرىگە يەت، خارلىغاننىڭ يېنىدىن كەت.

▲ تەلەپچان، مەسئۇلىيەتچان بولۇش «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدىكى يارقىن روھ.

▲ دەرەختە قاراپ مېۋىسى بار دېمە، سۆلەتكە قاراپ بىلىملىك دېمە.

▲ بېخىلنىڭ قورسىقى ئاچماس، كۆزى تويماس.

▲ بىلىم ئالغىن بېرىلىپ، يۈرمە ئەمما كېرىلىپ.

▲ بولسا سەندە ئىرادە، يولمۇ يېقىن پىيادە.

▲ ئىشنى ئەپلە پەم بىلەن، يۈرمە ھەرگىز غەم بىلەن.

▲ پەرۋىشسىز دەرەخنىڭ مېۋىسى قىرتاق بولىدۇ.

▲ تىرىشچاننىڭ يولى چوڭ، شۇڭا بولۇر ئىشى ئوڭ.

▲ قولىدىن ئىش كەلمەيدىغانلار ھەمىشە ئوڭدا يېتىپ ئاسمانغا تىپەر.

▲ بىر مىنۇت — بىر مىنۇتلا ئەمەس، بەلكى بىر قېتىملىق پۇرسەت.

▲ سېنىڭ قەدەم ئېلىشقا تەمشىلىۋاتقانلىقىڭ، ئۆز تەقدىرىڭنى يېزىپ چىقىش ئالدىدا تۇرغانلىقىڭدىن دېرەك بېرىدۇ.

▲ تەرەققىيات دېگەن بۇ سۆز شەيئىلەرنىڭ كۈنسايىن مۇرەككەپلىككە قاراپ يۈزلىنىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

**— نۇرمەمەد غوجەمەر**

ئاپتور: لوپ ناھىيە هاڭگىيا يېزا ئاق ئېرىق كەنتىدىن



جىبران خەلىل جىبران (لىۋان)

# تۇماندىكى پاراخوت

(نەسر)

بىز بوران - چاپقۇنلۇق بىر كېچىدە كادىشا دەريا ۋادىسىدىكى بىر تۆپىلىككە جايلاشقان غېرىبانە ئۆيدە بىر ئەرنىڭ سۆزلىرىنى يىغىپ رەتلىدۇق.

ئۇ ئەر كۆسەي بىلەن ئاتەشداندىكى ئوتنى كوچىلىغاچ بىزگە مۇنداق دېدى:

— ھەي دوستلار، سىلەر ماڭا غەملىرىڭنىڭ سىرىنى دەپ بەر دېمەكچىمۇ؟ كېچە - كۈندۈز قەدىرلەۋاتقان كۆڭلۈمدىكى تىراگېدىيەنى سۆزلەتكۈزمەكچىمۇ؟

سىلەر مېنىڭ كەم سۆزلۈكۈم بىلەن ئېغىزىمنىڭ پىششىقلىقىدىن بىزار بولدۇڭلار، ئاھ ئۇرۇپ ھەسرەت چېكىشلىرىم بىلەن تەشۋىش، ئەمىنسىزلىكىمدىن تويدۇڭلار. سىلەرنىڭ بىر قىسىم ئادەملىرىڭلار يەنە بىر قىسىم ئادەملەرگە: «بۇ ئادەم بىزنى ئۆزىنىڭ ئازابلىق ئىبادەتخانىسىغا كىرگۈزمىگەن، بىز يەنە ئۇنىڭ دوستلۇق ئالەمىسگە قانداق كىرەلەيمىز؟» دېدى.

ئاھ، دوستلار، سىلەر توغرا دەيسىلەر، ھېچكىم بىز بىلەن جاپادا بىللە بولمايدۇ، راھەتتە بىللە بولۇشنىمۇ خىيالغا كەلتۈرمەيدۇ.

خوش، سىلەر مېنىڭ ھېكايەمگە قۇلاق سېلىڭلار! سىلەر ئاڭلاپ قويساڭلارلا بولىدۇ، ئېچىڭلارنى ئاغرىتىش ھاجەتسىز؛ چۈنكى، ھېسداشلىق قىلىش پەقەت ئاجىز - زەبۇنلارغىلا خاس؛ ئەمما مەن بەختسىزلىككە ئۇچرىساممۇ، ھېلىھەم قابىل تۇرىمەن.

مەن ياشلىق باھارىمنىڭ تېڭى سۈزۈلگەن چاغدىن باشلاپ كۈندۈزدىكى خىيالىم بىلەن كېچىلەردىكى چۈشلىرىم ئارىسىدا بىر ئايالنىڭ سىماسىنى كۆردۈم. ئۇ سەرۋى قامەت ئايال ئىدى، ئۇنداق چىرايلىق ئايال كەم ئۇچرايتتى. مەن پىنھان ئۆيدە ئۆزۈم يالغۇز تۇرۇۋاتقان ئاخشام - كەچلەردە ئۇ تۆشكىم يېنىدا ئۆرە تۇراتتى، مەن جىمجىتلىق ئىچىدە ئۇنىڭ تىنىقلىرىنى ئاڭلايتتىم. بەزىدە كۆزلىرىمنى يۇمۇۋالاتتىم، ئۇنىڭ بارماقلىرى بىلەن پېشانەمنى سىلىغانلىقىنى سېزىپ كۆزۈمنى ئاچاتتىم؛ ھەيران بولغىنىمچە ئورنۇمدىن تۇراتتىم، پۈتۈن دىققەت - ئېتىبارىمنى يىغىپ، پەس سۆزلەۋاتقان ئاۋازغا قۇلاق سالدىم، مەن بۇرۇن ئۇنىڭ بۇنداق پەس ئاۋاز بىلەن سۆزلىگەنلىكىنى ئاڭلىمىغانىدىم.

شۇنىڭ بىلەن مەن ئۆز - ئۆزۈمگە: «ئەجەبا مېنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچۈم مېنى بۇلۇت قەرىگە تاشلىۋەتكەنمى-

«تىلماچلار چايخانىسى»دىكى پاراڭلار

www.uyghurkitap.com

دۇ، ئەجەبا مەن ھەقىقىي مەۋجۇت بولۇۋاتقان بىر ئايالنىڭ ئورنىغا قويۇشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن تۇمانلىرىمدىن چىرايلىق، نۇرانە، خۇش ئاۋاز، مېھرىبان بىر ئايالنى يارىتالارمەنمۇ، ئەجەبا مېنىڭ روھىم ئاستىن - ئۈستىن بولۇپ كېتىپ، ئەقىل - ئىدراكىمدىكى خىيالىي كۆلەڭگۈمنى مەن يېقىنلىشىدىغان، سۆيىدىغان، تايىنىدىغان چىرايلىق ئايالغا ئايلاندۇرالايمەنمۇ، ئەجەبا مەن ئۇنىڭ بىلەن يېقىنلىشىش ئۈچۈن ئەل - ئاۋامدىن ئايرىلىپ ئۆزۈم تەنھا تۇرىمەنمۇ، ئەجەبا مەن كۆزلىرىمنى يۇمۇپ، قۇلاقلىرىمنى ئېتىۋېلىپ، پانىي ئالەمدىكى جىمى ئاۋاز - سادالارغا قۇلاق سالماي، خاس ئۇنىڭ رۇخسارىغا بېقىپ، ئۇنىڭ ئاۋازىنىلا قۇلاق سالىمەنمۇ، ئەجەبا مەن ساراڭ بولدۇممۇ؟ مەن ساراڭ بولمىسام ئۆزۈمنى قانائەتلەندۇرۇش ئۈچۈن ئەل - ئاۋامدىن ئايرىلىپ تەنھا تۇرىمەنمۇ، تەنھا خىيالىي كۆلەڭگۈدىن بىر ئايال ھەمراھنى، بىر خانىمنى يارىتىمەنمۇ» دېدىم.

سىلەر مېنىڭ «خانىم» دېگەن گېپىمنى ئاڭلاپ جەزمەن ھەيران بولىسىلەر. ئەمما بىز راستىنلا سەل ھەيرانلىق سېزىمىز، ھەتتا ئۇنى تەن ئالماسلىقىمىزمۇ مۇمكىن. چۈنكى، ئۇ ھاسىل بولمايدىغان بىر خىل ھادىسە سۈپىتىدە بىزنىڭ ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ. ئەمما بىز ئۇنى غەلىتىلىكمۇ دەيلى، ئىنكارمۇ قىلايلى، بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى كۆڭلىمىزدىكى پاكىتنى ئۆچۈرۈۋېتەلمەيدۇ. ئۇ خىيالىي ئايال مېنىڭ خانىمىم ئىدى. ئۇ مەن بىلەن بىللە تۇراتتى، تۇرمۇشىدىكى جىمى قىزىقىشىنى، خاھىشىنى، خۇشاللىقىنى ۋە ئارمىنىنى مەن بىلەن ئالماشتۇراتتى. مەن تاڭ سەھەر ئويغىنىشىم بىلەنلا ئۇنىڭ ياستۇقۇم يېنىدا تۇرغانلىقىنى كۆرەتتىم، ئۇ باللاردەك سەبىي، ئانىلاردەك مېھرىبان نەزەرى بىلەن ماڭا قاراپ تۇراتتى، مەن بىرەر ئىش قىلىشنى نىيەت قىلسام، ئۇ شۇ زامان ماڭا ياردەملىشەتتى، شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇ ئىشنى ۋاقتىدا تاماملايتتىم. مەن داستىخانغا كېلىپ ئولتۇرسام ئۇ ئالدىمغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، مەن بىلەن پاراڭلىشاتتى. بىز ئۆزئارا كۆز قاراشلىرىمىزنى ئالماشتۇرۇشاتتۇق. تۈن پەردىسى چۈشكەندە ئۇ ماڭا يېقىن كېلىپ: «يۈرۈڭ، بىز پاكار تاغلار بىلەن تۆپىلىكلەرگە چىقايلى! بىز بۇ ئۆيدە ئۇزاق تۇرۇپ كەتتۇق» دەيتتى. بۇ چاغدا مەن قولۇمدىكى ئىشىمنى تاشلايتتىم - دە، ئۇنى يېتىلەپ، جىمجىت، سۇرلۇك كېچە چۈمبىلىنى تارتقان دالاغا چىقىپ، ئۇ يەردىكى ئېگىز قىيا تاش ئۈستىدە مۈرىدىشىپ ئولتۇرۇپ يىراق تاماندىكى كەچكى قۇياشقا سىنچى كۆزلىرىمىز بىلەن تىكىلىپ قارايتتۇق. ئۇ بىرلىرىدە ئاداققى قۇياش نۇرى بىلەن رەڭ ئالغان بۇلۇتلارنى كۆرسەتسە، بىرلىرىدە ماڭا بۇلبۇل ناۋاسىغا قۇلاق سېلىڭ دەيتتى، قۇشلار ئورمانلىقتىكى ئۇۋىسىغا قايتىپ بېرىشتىن ئىلگىرى قەسىدە كەبى سايراشلىرىدىن بىر خىل رەھمەت بىلەن ئاسايىشلىق مۇجەسسەملەنگەن ھېسسىيات ئۇرغۇپ تۇراتتى.

مەن نەچچە رەت ئۆزۈم يالغۇز دىلغۇل بولۇپ تۇرغان چاغلىرىمدا ئۇ يېنىمدا پەيدا بولغانىدى؛ مەن ئۇنى كۆرۈشۈم بىلەنلا تەشۋىشلىرىم تىنچلىناتتى، شۇ زامان راھەتلەنگەندەك بولاتتىم.

مەن نەچچە رەت كىشىلەرنى ئۇچراتقان دەملىرىمدە روھىي دۇنيايىمدىكى بىر قوشۇننىڭ مەن بۇرۇن نەپرەتلەنگەن بىر نەرسىگە قاراپ ھۇجۇم قىلىۋاتقانلىقىنى سەزگەندەك بولاتتىم؛ ئەمما مەن ئۇنىڭ چىرايىنىڭ كىشىلەر ئارىسىدا پەيدا بولغانلىقىنى كۆرۈشۈم بىلەنلا، قەلب دالالىرىمدىكى بوران شۇ زامان مۇقەددەس كۈيگە ئايلىناتتى.

مەن نەچچە رەت ئۆزۈم يالغۇز ئولتۇرۇپ تۇرمۇشتىكى ئازاب بىلەن ھارغىنلىقتىن ياسالغان شەمشەرنى قويnۇمغا تىقىپ، پانىي ئالەمنىڭ قىيىن مەسىلىلىرى ئۆتكۈزۈلگەن زەنجىرنى بويnۇمغا سالدىم، مەن بىردىنلا بېشىمنى كۆتۈرۈۋېدىم، ئۇنىڭ ئالدىمدا تۇرغانلىقىنى، مۇھەببەتلىك كۆزلىرى بىلەن ماڭا تەلمۈرۈپ قاراۋاتقانلىقىنى، كۆزلىرىدىن نۇر بىلەن گۈزەللىك ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. شۇنىڭ بىلەن باش ئۈستۈمدىكى قارا بۇلۇت بىردىنلا تارقاپ، شادلىق نۇرلىرى قەلب قەسرىمنى قاپلىدى، تۇرمۇش نەزەرىمدە ئىنژىلىك كۆيلىرى ياڭراپ تۇرىدىغان ئىرەمباغقا ئايلاندى.

بۇرادەرلەر، سىلەر مەندىن: سەن بۇنداق غەلىتە مۇھىتتىن رازىمۇ، دەپ سورىشىڭلار مۇمكىن، ياشلىق باھارى ئۇرغۇپ تۇرغان بىر يىگىتنى قۇرۇق خىيال، خىيالىي تەسەۋۋۇر، قۇرۇق چۈش دېسەك ھەتتا روھىي كېسەل دېسەك رازىمۇ، دەپ سورىشىڭلار مۇمكىن.

مەن سىلەرگە شۇنى دەيمەنكى، شۇنداق ئەھۋالدا ئۆتكەن كۈنلەر ھاياتىمدىكى ئەڭ گۈزەل، ئەڭ بەختلىك، ئەڭ شېرىن، ئەڭ ئاسايىشلىق چاغلار ئىدى. مەن سىلەرگە شۇنى ئېيتىمەنكى، مەن ۋە مېنىڭ پەرى

ھەمراھىم بىر خىل مۇتلەق پاك ئىدىيە بولۇپ، ئۇ قۇياش نۇرىدا سەيىر ئېتەتتى، دېڭىز بېتىدە، ئايدىڭ كېچىدە ماڭاتتى، ئاڭلاپ باقمىغان كۈيلەرگە قۇلاق سالاتتى. كۆرۈپ باقمىغان مەنزىرىلەر ئالدىدا تۇراتتى. تۇرمۇش، پۈتكۈل تۇرمۇش بىز روھىمىز بىلەن سەزگەن جىمى نەرسىنىڭ قويىندا تۇراتتى. مەۋجۇتلۇق، پۈتۈن مەۋجۇتلۇق بىز بىلگەن، ئىسپاتلىغان ۋە شۇ ۋەجىدىن شادلانغان ياكى ھەسرەتلەنگەن جىمى نەرسىنىڭ ئىچىدە بولاتتى. مەن ئۆزۈمنىڭ روھى بىلەن ئۇ ئىشلارنى بىلگەن ئىدىم. يەنە كېلىپ ھەر كۈنى، ھەر سائەت بېشىمدىن ئۆتكۈزۈپ تۇراتتىم، تاكى 30 ياشقا كىرگۈچە شۇنداق قىلدىم.

مەن 30 ياشقا كىرسەمكەن دەيتتىم، ئىلاھىم، مەن شۇ ياشقا كىرگۈچە مىڭبىر قېتىم ئۆلگەيمەن. چۈنكى، شۇ يىلى تۇرمۇشۇمنىڭ يادروسىنى كىشىلەر ئېلىپ قاچىدۇ، شۇنىڭ بىلەن يۈرەك قېنىم ئېقىپ تۈگەيدۇ، مەن يالىڭاچلىنىپ قالغان قارىغايدەك كېچە بىلەن كۈندۈز ئالدىدا تۇرىمەن. ئۇ قارىغاينىڭ شاخلىرى شامال-بورانغا ئەگىشىپ ئۇسسۇل ئوينىمايدۇ، قۇشلار ئۇنىڭ گۈل ۋە ياپراقلىرى ئارىسىغا ئۇۋا تىزمايدۇ.

ئۇ سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە بىردەم سۈكۈتكە پاتتى، بېشىنى تۆۋەن سالدى، كۆزلىرىنى يۇمدى، بىلەكلىرىنى ساڭگىلاتتى، ئۇ قاتتىق ئۈمىدسىزلەنگەندەك قىلدى. بىزمۇ ئۈندىمەي ئۇنىڭ ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇرۇشىنى كۈتۈپ تۇردۇق. بىر ئازدىن كېيىن ئۇ كۆزىنى ئېچىپ، يارىلانغان قەلبىنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىدىن چىققان بوغۇق ئاۋاز بىلەن ھېكايىسىنى يەنە داۋاملاشتۇردى:

— بۇرادەرلەر، ئېسىڭلاردا باردۇ، 20 يىل ئىلگىرى بۇ تاغدا دەۋران سۈرۈۋاتقان ئەمەلدار مېنى ۋېنتسىيە شەھىرىگە بېرىپ بىر ۋەزىپىنى ئورۇنداشقا ئەۋەتكەندە، ئۇ ئەمەلدار تېخى مەندىن ئۇ شەھەر باشلىقىغا بىر پارچە خەتمۇ ئەۋەتكەنىدى. بىزنىڭ ئەمەلدارلىرىمىز كونستانتىنپولدا ئۇ شەھەر باشلىقى بىلەن تونۇشقانىدى.

مەن لىۋاندىن ئايرىلىپ ئىتالىيەگە بارىدىغان بىر پاراخوتقا چۈشتۈم. بۇ مارت ئايلىرى ئىدى، باھار روھى مەيىن شامالنىڭ تون-لىباسلىرىدا تەۋرىنەتتى، دېڭىز دولقۇنلىرىدا ئەۋرىشىم بەللىرىنى تولغاپ سوزۇلاتتى، ئاجايىپ چىرايلىق سۈرەتكە ئوخشايتتى، ئۈپۈق تاماندىكى ئاپپاق بۇلۇتلار قويىنىغا يىغىلىپ، بۇلۇت ئىچىگە يوپۇرۇلۇپ كىرىپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى. مەن سىلەرگە مەن چۈشكەن پاراخوتتىكى كېچە-كۈندۈزنى قانداق تەسۋىرلەپ بەرسەم بولار؟ كىشىلەرگە تونۇشلۇق بولغان تىلنىڭ قۇدرىتى ئادەمنىڭ بىلىشىدىن، سېزىشىدىن ئېشىپ چۈشەلمەيدۇ. ئەمما ئادەمنىڭ روھىدا ئادەمنىڭ بىلىشىدىنمۇ چوڭقۇر، ئادەمنىڭ سېزىشىدىنمۇ ئىنچىكە بولغان نەرسە بار. مەن بۇنى سىلەرگە يەنە تىل بىلەن قانداق تەسۋىرلەپ بېرەلەيمەن؟

مەن پەرىشتە ھەمراھىم بىلەن بىللە ئۆتكۈزگەن كۈنلەر مېھرىبانلىق بىلەن دوستلۇق نۇرىغا ئاسايىشلىق بىلەن شادلىق كەيپىياتىغا چۆمۈلگەنىدى. مەن ئازاب ئەلاھىنىڭ بەخت پەردىسى ئارقىسىغا مۆكۈنۈۋېلىپ مېنى ساقلاپ تۇرغانلىقىنى ئويلىمىغانىدىم، قاقاسلىق شەربىتىنىڭ قەدەھىنىڭ تەكتىگە تىنىۋالىدىغانلىقىنىمۇ خىيال قىلمىغانىدىم. ياق، مەن بۇلۇت ئۈستىدە ئۆتكەن گۈللەرنىڭ سولىشىدىن قورقمايمەن. تاڭ قىزى ياڭراتقان ناخشا ساداسىنىڭ غايىب بولۇپ كېتىشىدىنمۇ ۋايىم يېمەيمەن، مەن بۇ تاغ بىلەن جىلغىدىن ئايرىلغاندا ئاشىقىم يېنىمدا ئولتۇرغانىدى، بىز ئات ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ دېڭىز قىرغىقىغا قاراپ يۈردۇق، مەن سەپەرگە چىقىشتىن ئىلگىرى بېيرۇتتا ئۈچ كۈن تۇردۇم. خانىم مەندىن ئايرىلمىدى، ماڭا سايىدەك ئەگىشىپلا يۈردى؛ مەن قەيەرگە بارسام ئۇمۇ شۇ يەرگە باردى؛ مەن ئۆرە تۇرسام ئۇمۇ ئۆرە تۇردى. مەن ھەر قېتىم بىر دوستۇم بىلەن كۆرۈشسەم، ئۇ دوستۇمغا قاراپ تەبەسسۇم قىلاتتى؛ مەن مەكتەپ-ئوقۇغۇچىلارنى زىيارەت قىلماقچى بولسام ئۇ مېنىڭ قولۇمدىن تارتىپ ماڭاتتى؛ مەن ئايۋاندا ئولتۇرۇپ شەھەردىكى ئاۋاز-سادالارغا جىم قۇلاق سالسام ئۇمۇ مەن بىلەن بىللە ئاشۇ ئاۋاز-سادالاردىن تەڭ ھۇزۇرلىناتتى، ئويلىناتتى. ئەمما كېمە مېنى بېيرۇت پورتى بىلەن ئايرىۋېتىدىغان چاغدا، پاراخوت پالوبىسىغا چىققان بىرىنچى مىنۇتىدا روھىمنىڭ ئاسماندىكى شامالغا ئەگىشىپ تۇيۇقسىز ئۆزگەرگەنلىكىنى، پەقەت شەكىلسىز، ئەمما قۇدرەتلىك بىر قولنىڭ بىلىكىمنى تۇتقانلىقىنى سەزدىم، كېيىن بىر خىل ئېغىر ئاۋازنىڭ قۇلىقىم تۈۋىدە پەس تەلەپپۇز بىلەن: «قايتىپ كەت، سەن كەلگەن يېرىڭگە قايتىپ كەت! پاراخوتتىن چۈشۈپ كەت، پاراخوت قوزغالمىغان پەيتتىن پايدىلىنىپ ۋەتەن دېڭىزىنىڭ قىرغىقىغا قايتىپ كەت!» دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم.

www.uyghurkitap.com

پاراخوت لەنگەر تاشلاپ يولغا چىقتى. مەن پاراخوتنىڭ پالوبىسىدا تۇرساممۇ، ئۆزۈمنى ئاسمان قەھرىدە ئايلىنىپ يۈرگەن قوزغۇننىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ كەتكەندەك سەزدىم. تۈن پەردىسى چۈشكەندە لىۋاننىڭ تاغلىرىنى دېڭىز تۇمانى قاپلاپ كېتەتتى، مەن ئۆزۈمنىڭ پاراخوت بېشىدا تەنھا تۇرغانلىقىمنى، ھېلىقى خىيالىي دۇنيايىمدىكى ئۇ قىزنىڭ، دىلدارىمنىڭ، ياشلىق باھارىمغا ھەمراھ بولۇۋاتقان خانىمنىڭ يېنىمدا يوق تۇرغانلىقىنى سەزدىم. مەن ھەر قېتىم ئاسمان قەھرىگە تىكىلىپ قارىغان دەملىرىمدە ئۇ نازىنىن قىزنىڭ رۇخسارى كۆز ئالدىمدا نامايان بولاتتى؛ مەن ھەر قېتىم قۇلاق سېلىپ ئاڭلىغىنىمدا ئۇنىڭ ئاۋازى قۇلاق تۈۋۈمدە جاراڭلايتتى؛ مەن ھەر قېتىم قولۇمنى ئالدىمغا سوزغىنىمدا قولۇم ئۇنىڭ نازۇك بارماقلىرىغا تېگەتتى... شۇ ئەسنادا ئۇ قىز باشقا بىر پاراخوتنىڭ پالوبىسىدا تۇراتتى، مەن بىرىنچى قېتىم ئۆزۈمنىڭ پاراخوت بېشىدا تەنھا تۇرۇپ، تۈن پەردىسىگە، دېڭىزغا ۋە ئاسمانغا قاراۋاتقانلىقىمنى سەزدىم.

مەن مۇشۇنداق روھىي ھالەت بىلەن پالوبىدا ئۇياق ـ بۇياققا ماڭغانلىرىمدا يۈرىكىم ئاشقىمنى چاقىرىۋاتاتتى، بىر ئۆرلەپ، بىر پەسىيىۋاتقان دېڭىز دولقۇنلىرىغا شۇنچە نەزەرىم بىلەن قارىدىم، ئاپپاق بۇژغۇنلار ئارىسىدا ئۇنىڭ ماھتابەندەك چىرايىنى كۆرسەممىكەن، دەپ تەشنا بولدۇم.

يېرىم كېچە بولغاندا يولۇچىلار بىر ـ بىرلەپ ئۇيقۇغا كېتىشتى. مەن ئەسلىي جايىمدا ئۆزۈم يالغۇز تۇرۇۋەردىم. يۈرىكىمدە ئازاب ھەم تەشۋىش، سەل ئۈمىدسىزلەنگەندەكمۇ بولدۇم. شۇنىڭ بىلەن مەن بېشىمنى شىددەت بىلەن قايرىپ قارىۋىدىم، ئۇنىڭ تۇمان ئىچىدە تۇرغانلىقىنى، مەندىن پەقەت بىر قانچە قەدەملا يىراق يەردە ئىكەنلىكىنى كۆردۈم. مەن ئۇنى كۆرۈشۈم بىلەنلا پۈتۈن ئەزايى ـ بەدەنلىرىم غال ـ غال تىترەپ كەتتى، ئۇنىڭغا ئالدىراپ قول ئۇزاتتىم ۋە ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن: «سەن نېمىشقا مەندىن ئايرىلىپ كېتىسەن، نېمىشقا مېنى يالغۇز تاشلاپ قويىسەن، سەن نەگە كەتتىڭ، سۆيۈملۈكۈم، بېرى كەل، ماڭا يېقىن كەل! بۇنىڭدىن كېيىن بىز ئەمدى ئايرىلىپ كەتمەيلى!» دېدىم.

ئەمما ئۇ ماڭا يېقىن كەلمەي جايىدا تۇرۇۋەردى. شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ چىرايىدىن ھەسرەتلىك، ئازابلىق ئالامەتلەر نامايان بولۇۋاتاتتى. مەن ئۆمرۈمدە ئۇنداق ئازابلىق ئالامەتلەرنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم. ئۇ پەس ۋە زەئىپ ئاۋاز بىلەن: «مەن سېنى بىر كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن كۈۋەجەپ تۇرغان دېڭىزنىڭ تېرەن يېرىدىن كەلدىم، مەن يەنە كۈۋەجەپ تۇرغان دېڭىزنىڭ تېرەن يېرىگە قايتىپ كېتىمەن. سەن ئۇخلاۋەر، ياخشى چۈش كۆر!» دېدى.

تېخى ئۇنىڭ گەپلىرى تۈگىمەستىنلا ئۇنىڭ سىماسى تۇمان ئىچىگە سىڭىپ كەتتى ـ دە، بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بولدى. مەن قورسىقى ئېچىپ كەتكەن بالىدەك تەرسالىق بىلەن ئۇنى توختىماي چاقىردىم. قوللىرىمنى سوزدۇم، قوللىرىم نۆۋەت بىلەن ئەتراپقا سوزۇلدى، ئەمما قولۇمنىڭ تۇتقىنى كېچىنىڭ شەبنىمى ئارىلىشىپ كەتكەن نەم ھاۋا بولدى.

مەن پاراخوت بۆلۈمچىسىگە كىردىم، قەلب دېڭىزلىرىم ئۆركەش ياسايتتى، تەشۋىش دەستىدىن بىردەممۇ ئارام تاپمايتتى. مەن ئۇ پاراخوتنىڭ بۆلۈمچىسىدە ئىدىم، ئۈمىدسىزلىك بىلەن ئېزىقىش دېڭىزىدا ئۈزۈپ يۈرەتتىم. قىزىق، بېشىم تەكىيىگە تېگىشى بىلەنلا كۆزلىرىم چەكسىز ئېغىرلىشىپ كېتەتتى. ئۇيقۇنىشىم بىلەنلا ئاسمان يورۇپ كېتەتتى. ئېغىر ئۇيقۇدا چۈش كۆرەتتىم، چۈشۈمدە مەھبۇبەمنىڭ چېچەكلىرى پورەكلەپ ئېچىلغان ئالما دەرىخىگە مىخلانمىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئالقانلىرىدىن، پۇتلىرىدىن ئاققان قىزىل قانلارنىڭ دەرەخ شاخلىرىغىچە ئېقىپ چۈشكەنلىكىنى، كېيىن چىمەنزارلىققا ئېقىپ كېلىپ، گۈل بەرگىلىرى بىلەن ئۇيۇشۇپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم.

پاراخوت دېڭىزدا كېچە ـ كۈندۈز يۈردى، مەن پاراخوتتا يىراق دىيارغا بىر تۈرلۈك ۋەزىپە ئۆتىگىلى كېتىۋاتقان ئادەم ياكى بىر ئەرۋاھ ئىكەنلىكىمنى بىلمەي، تۇمان قاپلاپ كەتكەن ئاسمان بوشلۇقىدا گاڭگىراپ يۈردۈم. مەن مەھبۇبەمنى كۆز ئالدىمدا يوقتەك سەزدىم؛ مەن مەيلى ئۇيقۇلۇق ياكى ئويغاق بولاي، ئۇنىڭ رۇخسارىنى كۆرەلمىدىم، مەن تىلاۋەت قىلدىم. تېۋىندىم، ئۇنىڭ بىر ئېغىز سۆزىنى بولسىمۇ ئاڭلىسامكەن ياكى ئۇنىڭ سىماسىنى كۆرسەممىكەن ياكى ئۇنىڭ بارماقلىرى بىلەن پېشانەمنى سىلىغانلىقىنى سەزسەممىكەن دەپ غايىب قۇدرەتكە نىدا قىلغان بولساممۇ، ئاقىۋەت ھېچقانداق پايدىسى بولمىدى، ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىدىم.

مەن 14 كۈننى شۇنداق ئۆتكۈزدۈم، 15 ـ كۈنى چۈشتە ئىتالىيەنىڭ دېڭىز قىرغىقى يىراقتىن كۆز ئالدىمدا نامايان بولدى. شۇ كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى پاراخوت ۋېنىتـ

سىيە پورتىغا كىردى. بەزى كىشىلەر ھەيدەپ كەلگەن رەڭگارەڭ نەقىشلەنگەن كېمە - قولۋاقلار يولۇچىلار بىلەن ئۇلارنىڭ يۈك - تاقلىرىنى ئېلىپ شەھەرگە كىردى.

بۇرادەرلەر گېپىمگە قۇلاق سېلىڭلار، ۋېنىتسىيە شەھىرى بىر - بىرىگە يېقىن ئون نەچچە كىچىك ئارالغا جايلاشقان شەھەر ئىكەن. ئۇ يەرنىڭ كوچىلىرى دەريا يوللىرى ئىكەن، ئولتۇراق ئۆيلەر بىلەن ئوردا - قەسىرلەرمۇ سۇ ئۈستىگە سېلىنغانىكەن، كېمە - قولۋاقلار ماشىنا - ھارۋىلارنىڭ رولىنى ئوينايدىكەن.

مەن پاراخوتتىن چۈشۈپ كېمىگە چىقتىم، بۇ چاغدا كېمىچى مەندىن: «ئەپەندى نەگە بارىسىز؟» دەپ سورىدى.

مەن بۇ شەھەرنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىۋىدىم، ئۇ دىققەت ۋە ھۆرمەت نەزەرى بىلەن ماڭا قارىدى، كېيىن پالاق ئۇرۇپ كېمىسىنى ھەيدىدى.

كېمە مېنى ئېلىپ ماڭدى، پۈتۈن شەھەرنى تۈن پەردىسى قاپلىدى. ئوردا - قەسىرلەر، ئىبادەتخانا - مەسچىتلەر، مەدرىس - مەكتەپلەرنىڭ چىراغلىرى يورۇپ، سۇ بېتىنى يورۇتاتتى، ئاجىز دولقۇنغا ئەگىشىپ دەريا بېتىدە نۇر چاقنايتتى، پۈتكۈل ۋېنىتسىيە شەھىرى شائىرنىڭ خىيالىي مەنزىرىسىگە ئوخشايتتى، ھەممە يەر مەنزىرە بىلەن تولغانىدى، خىيالىي مەنزىرە دېسە خىيالىي مەنزىرىدەك، خىيالىي مەنزىرە ئەمەس دېسە خىيالىي مەنزىرە ئەمەستەك قىلاتتى. بۇ شەھەر ياقا - يۇرتتىن كەلگەن مېھمان - يولۇچىلارنى ھەقىقەتەن خىيالىي دۇنياغا ئېلىپ باراتتى.

مەن ئولتۇرغان كېمە ئەمدى بىرىنچى دەريا يولىنىڭ ئەگىلمىسىگە كېلىپ تۇراتتى. سانسىزلىغان قوڭغۇراق ئاۋازىنىڭ تۈن ئاسمىنىنى يېرىپ جاراڭلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم؛ قوڭغۇراق ئاۋازى ئادەمگە ھەسرەتلىك تۇيۇلايتتى، بىردە كۆتۈرۈلۈپ بىردە پەسلەيتتى، بىردە ئۈزۈلۈپ، بىردە داۋاملىشاتتى، ئادەمنى ھەسرەتلەندۈرەتتى، ۋەھىمىگە سالاتتى. مەن ھوشسىز ھالەتتە تۇرساممۇ، سىرتقى دۇنياغا بولغان تۇيغۇمدىن مەھرۇم بولساممۇ، ئۇ قوڭغۇراقلارنىڭ ساداسى يۈرىكىمگە نەشتەردەك بۆسۈپ كىردى.

كېمە بىر تاش پەلەمپەينىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى، پەلەمپەيدىن چىققاندىن كېيىن پىيادىلەر يولى بار ئىدى. كېمىچى ماڭا قاراپ قويغاندىن كېيىن گۈللۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر سارايىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «مانا مۇشۇ يەر» دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن كېمىدىن چۈشۈپ ئاستا قەدەم تاشلاپ ساراي تەرەپكە ماڭدىم. كېمىچى يۈك - تاقلىرىمنى كۆتۈرۈپ سارايىنىڭ ئىشىكى ئالدىغىچە ئەكېلىپ بەردى. مەن كېمىچىنىڭ كىراسىنى بېرىپ، ئۇنى يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن سارايىنىڭ ئىشىكىنى چەكتىم. سارايىنىڭ ئىشىكى ئېچىلدى، ئالدىمدا بىر توپ مالاي پەيدا بولدى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى يىغلاۋاتاتتى، بەزىلىرى ھەسرەتلىنىۋاتاتتى، بەزىلىرى پەس ئاۋاز بىلەن ئاھ ئۇرۇپ ھەسرەت چېكىۋاتاتتى. مەن بۇ مەنزىرىلەرنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم، دەماللىققا نېمە قىلارىمنى بىلەلمىدىم.

بىرئازدىن كېيىن ئوتتۇرا ياشلىق بىر مالاي ئالدىمغا كەلدى، مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئىششىپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم، ئۇ ماڭا قاراپ قويدى ۋە ئۇھسىنغىنىچە: «ئەپەندى، بىرەر ئىشىڭىز بارمۇ؟» دەپ سورىدى. مەن جاۋابەن:

«بۇ شەھەر باشلىقىنىڭ سارىيىمۇ؟» دېدىم. مالاي بېشىنى لىڭشىتقىنىچە «شۇنداق» دېدى.

بۇ چاغدا مەن لىۋانىنىڭ ئەمەلدارىنىڭ مەندىن ئەۋەتكەن خېتىنى مالايغا بەردىم. مالاي ئۈندىمەي خەتتىكى ئادرېسقا قاراپ قويغاندىن كېيىن كارىدورنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى بىر ئۆيگە قاراپ ئاستا يۈرۈپ كەتتى.

مەن ئۇ ئىشلار توغرۇلۇق ئارتۇقچە ئويلانمىدىم، كېيىن بىر ئايال مالايىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق ھەسرەت چېكىپ ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى سورىۋىدىم، ئۇ كۆڭلى يېرىم بولغىنىچە: «قىزىق، ئەجەبا سىز شەھەر باشلىقىنىڭ قىزى تۈگەپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىمىدىڭىزمۇ؟» دېدى.

ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرالماي قوللىرى بىلەن يۈزىنى توسقىنىچە يىغلاپ كەتتى.

بۇرادەرلەر، سىلەر دېڭىزدىن ئۆتكەن بىر ئادەمنىڭ ئەھۋالىنى ئويلاپ بېقىڭلار!

ئۇنىڭ تۇمان كەبى خىرە خىيالىنى ئالەمدىكى گىگانت ئادەم غەزەپلەنگەن دولقۇن بىلەن كۈلرەڭ تۇمان ئارىسىغا تاشلىۋېتىدىكەن. سىلەر ئۆزۈڭلارنى مېنىڭ ئورنۇمدا قويۇپ ئويلاپ بېقىڭلار، بىر يىگىت ئۈمىدسىزلىك دەردىدە ۋە دېڭىز دولقۇنلىرىنىڭ گۈلدۈرلىگەن ئاۋازى ئىچىدە ئىككى ھەپتە تىركىشىپ، مىڭبىر مۇشەققەتتە مەنزىلگاھقا يەتكەن بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ ئازاب ئەرۋاھىنىڭ ئاستا - ئاستا سەير ئېتىۋاتقان، قېرىنداشلىرىنىڭ نالە - پەريادى پەلەككە يەتكەن بىر ئۆينىڭ ئىشىكى

ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆردى. دوستلار ئويلاپ بېقىڭلار، ياقا-يۇرتلۇق بىر ئادەم ياردەم تىلەش ئۈچۈن بۇ سارايغا كەلگەندى، ئەمما بۇ سارايىنى ئەزرائىلنىڭ قاناتلىرى مەھكەم توسۇۋالغاندى.

غوجايىنغا خەتنى ئېلىپ كىرىپ كەتكەن مالاي چىقتى. ئۇ ماڭا تاۋازۇ بىلەن:

«ئەپەندى، مەرھەممەت، شەھەر باشلىقى سىزنى ساقلاۋاتىدۇ» دېدى.

مالاي شۇنداق دېگەندىن كېيىن يول باشلاپ ماڭدى، مەن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كارىدورنىڭ ئىچكىرىسىدىكى بىر ئۆينىڭ ئالدىغا كەلدىم. مالاي ماڭا: «كىرىڭ!» دەپ ئىما قىلدى. مەن ئۆيگە كىردىم، ئۇ كەڭ، ئازادە دالان ئىدى، دالاننى شام يورۇتۇپ تۇراتتى. تۆردە يوپ سىياق ئادەملەر ئولتۇراتتى، جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى؛ مەن بىر قانچە قەدەم ماڭغاندىن كېيىن دالاننىڭ ئوتتۇرىسىدا چاچ-ساقاللىرى ئۈچەتەك ئاقارغان بىر بوۋاي تۇراتتى، دەرد ئۇنى مۈكچەيتىۋەتكەندى، ئازاب ئۇنىڭغا ئەدەپنى ئۇنتۇلدۇرغانىدى. ئۇ ئالدىمغا كەلدى ۋە: «سەن يىراقتىن كەپسەن، مەن قىزىمدىن ئايرىلدىم، دەرد-ھەسرەتنى كۆرۈپ تۇرۇپسەن، مەن قاتتىق ئازابلىنىۋاتىمەن. ئەمما ئازابلىرىمنىڭ ۋەزىپەڭنى تاماملىشىڭغا دەخلى يەتكۈزمەسلىكىنى تىلەيمەن، خاتىرجەم بول» دېدى.

مەن ئۇنىڭ مېھرىبانلىقىغا رەھمەت ئېيتتىم، ئۇنىڭ ئازابلىنىۋاتقانلىقىغا ھېسداشلىق قىلدىم.

بوۋاي مېنى يېنىغا ئەكىلىپ ئولتۇرغۇزدى، مەن مېھمانلار بىلەن بىللە ئولتۇردۇم. ئۇلارنىڭ غەمكىن چىرايلىرىغا قارىدىم، پەس ئاۋاز بىلەن ئۇھسىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم، ئۇلارنىڭ يۈرىكىدە ئېيتقۇسىز بېسىم ۋە ئازاب بار ئىدى. بىرەر سائەتلەردىن كېيىن مېھمانلار ئارقا-ئارقىدىن قايتىشتى، جىمجىت دالاندا مەن بىلەن ھەسرەتلىنىۋاتقان بوۋايلا قالدۇق. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ بوۋايغا: «تەقسىر، مەن ئەمدى سىلى بىلەن خوشلىشاي» دېدىم. ئۇ مېنى توسۇپ تۇرۇپ: «بولمايدۇ، بۇرادەر! سىز كەتسىڭىز بولمايدۇ. سىز بىزنىڭ ھەسرەتلىرىمىزنى كۆرۈشكە، ئېغىر، ئازابلىق ئىڭراشلىرىمىزنى ئاڭلاشقا چىداپ تۇرغاندىن كېيىن، بۇ يەردە مېھمان بولۇڭ!» دېدى. مەن ئۇنىڭ گەپلىرىدىن ئوڭايسىزلاندىم-دە، شۇ زامان بېشىمنى لىڭشىتىپ ماقۇل بولدۇم. بوۋاي يەنە: «سىلەر لىۋانلىقلار بەك مېھماندوست خەق، قېپقىلىڭ، بىز سىزنى مېھمان قىلىۋالايلى، بىز سىزنى دۆلىتىڭىزدىكىدەك قىزغىن كۈتۈۋالالمىدۇقمۇ يا؟» دېدى.

بىر ئازدىن كېيىن بوۋاي كۈمۈش قوڭغۇراقنى چېلىۋىدى، چىرايلىق كىيىنگەن بىر مالاي ھازىر بولدى. بوۋاي مالايغا مېنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «بۇ ئەزىز مېھمىنىمىزنى ھۇجرىغا ئورۇنلاشتۇرۇڭلار، ئارام ئالسۇن، ياخشى غىزالاندۇرۇڭلار، ئۆزۈڭ كۈت، مېھماننى ياخشى كۈتمەن، دەپ ۋەدە بەر» دېدى.

مالاي مېنى ئازادە، چىرايلىق، ياسداق، تاملىرىغا مەشھۇر رەسىم ۋە توقۇلما بۇيۇملار ئېسىلغان بىر ئۆيگە باشلاپ كىردى. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر شاھانە تۆشەك قويۇلغاندەك سېزىدىم، تۆشەك ئۈستىگە گۈللۈك يوتقان-كۆرپە، كەشتىلەنگەن ياستۇق قويۇلغانىدى.

مالاي چىقىپ كەتكەندىن كېيىن مەن ئورۇندۇققا ئۆزۈمنى لاسسىدە تاشلىدىم-دە، ئۆزۈمنىڭ ھالىنى ئەسلىدىم، ئۆزۈم يالغۇز يىراق يۇرتتىن كەلگەنلىكىمنى ئويلىدىم، يات بىر ئەلدىكى تۇنجى ۋاقتىمنى خىيال قىلدىم.

مالاي غىزا پەتنۇسنى ئېلىپ كىردى. پەتنۇستا يەيدىغان، ئىچىدىغان ھەممە نەرسە بار ئىدى. ئىشتىھايىم بولمىغاچقا ئازراقلا يەپ، مالايغا غىزا پەتنۇسنى ئېلىپ چىقىپ كەت، دېدىم.

ئىككى سائەت ئۆتتى. مەن ئۆيدە پات-پات ئۇياق-بۇياققا ماڭدىم، ئاسمانغا قارىدىم، دېڭىز دولقۇنىنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سالدىم، ناگھان-ناگھاندا كىمە پالقىنىڭ سۇغا ئۇرۇلغان ئاۋازى كېلەتتى. مەن قاتتىق چارچىغاندەك بولدۇم؛ مەپكۇرەم تۇرمۇشنىڭ سىرتقى ھادىسىسى بىلەن ئىچكى سىرلىرى ئارىسىدا ئازابلانغان، ھېرىپ ھالىدىن كەتكەنىدى. تۆشەكتە يېتىپلا گىرىمسەن ئۇيقۇ ھالىتىگە كىردىم، بۇنداق ھالەتكە ھەم ئۇيقۇلۇق، ھەم ئويغاقلىق مۇجەسسەملەشكەنىدى. ئۇ يەردە ئەسلىمە بىلەن ئۇنتۇلۇش دولقۇنلىرى توختاۋسىز ئۆركەشلەيتتى. خۇددى دېڭىز سۈيىدەك دولقۇنلايتتى، چېكىنەتتى. نۆۋەت بىلەن دېڭىز قىرغىقىغا ئۇرۇلاتتى. مەن ئۈنسىز جەڭ مەيدانى ئىدىم، ئۈنسىز قوشۇن ئۇ يەردە جەڭ قىلىپ، ئەزرائىلنىڭ چەۋەندازلىرىنى يېقىتىۋاتاتتى، ئۇلار بىر-بىرلەپ تىن تارتماي ئۆلۈپ كېتىۋاتاتتى.

بۇرادەرلەر، مەن ئۆزۈمنىڭ بۇنداق ھالەت ئىلكىدە قانچە ۋاقىت تۇرغانلىقىمنى بىلمەيمەن. مېنىڭ ئەينى چاغدا ۋە ھازىر بىلىدىغانلىرىم دەل مېنىڭ ئاشۇ ھوشسىز ھالەتتە

تۇرغان ۋاقتلىرىم ئىدى. بىر ھايات ئادەمنىڭ تۆشكىم يېنىدا تۇرغانلىقىنى ۋە بىر خىل قۇدرەتنىڭ ئۆي ئىچىدە ھەرىكەتلىنىۋاتقانلىقىنىلا سەزدىم. مەن بىر پەرىشتىنىڭ ئاۋازسىز نىدا قىلىۋاتقانلىقىنى سەزگەندەكمۇ بولدۇم؛ ئۇ ماڭا ئىلھام بېرىۋاتاتتى. ئەمما مەن ئۇنىڭ قول ئىشارىسىنى كۆرمەيتتىم، مەن ئورنۇمدىن تۇردۇم، ئۆيدىن چىقىپ كارىدورغا كەلدىم. قانداقتۇر قارشى تۇرۇپ بولمايدىغان بىر خىل قۇدرەت مېنى سىلجىتىۋاتقاندەك قىلاتتى. مەن ئۆزۈمگە ئىگە بولالمايتتىم. مەن خۇددى چۈش سەيلىسى قىلىۋاتقان ئادەمدەك ئىختىيارسىز كېتىۋاتاتتىم. ماكان - زاماننى ھېسابلىمايدىغان بىر دۇنيادا كېتىۋاتاتتىم. مەن كارىدورنىڭ ئاخىرىغا كېلىپ، بىر چوڭ دالانغا كىردىم، دالان ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىغا — بىر تاۋۇت يېنىدا يۈكۈندۈم، تاۋۇتنى سىنچى كۆزلىرىم بىلەن كۆزەتتىم. كۆز ئالدىمدا چۈشۈمدە كۆرگەن دىلدارىمنىڭ چىرايى ھازىر بولدى، ئۇنىڭ چىرايىغا مۇسىبەت چۈمبىلى يېپىلغانلىقىنى، مەن چىن دىلىمدىن سۆيگەن قىزنى، ئاخىرەتلىككە ئېلىنغان جەسەتنىڭ ئاپپاق گۈللەر ئارىسىدا ياتقانلىقىنى، ئۇنى قاباھەتلىك، مەڭگۈلۈك جىمجىتلىق تۇمانلىرى قاپلاپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم.

ئى ئاللا، مۇھەببەتنى، ھاياتنى ۋە ھاياتنى باشقۇرغۇچى ئى تەڭرى، مەن بىزنىڭ روھىمىزنى يارىتىپ كېيىن ئۇنى قاراڭغۇلۇق بىلەن يورۇقلۇق ئىچىگە ئېلىپ كېلىسەن. سەن بىزنىڭ يۈرىكىمىزنى پاكلاپ، كېيىن يەنە ئۇنىڭغا ئۈمىد بىلەن ئازابنىڭ ئېلىشىشىنى ئالغاچ كەلتۈرىسەن. سەن يەنە سەن! دىلدارىمنى، مۇزلاپ كەتكەن بەدىنىنى كۆرسەتتىڭ. سەن ماڭا ماماتنىڭ ھاياتقا بولغان ئۈمىدىنى ھەسرەتنىڭ شادلىقىغا تولغان ئۈمىدىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن بىر ماكاندىن يەنە بىر ماكانغا ئېلىپ كەلدىڭ، سەن مېنىڭ غېرىبانە، زېرىكىشلىك دەشت - چۆلۈمگە بىر توپ ئاپپاق پىياز گۈلى تىكىپ، ئۇنى يەنە يىراق تاغ جىلغىسىغا ئېلىپ كەتتىڭ، شۇنىڭ بىلەن مەن بىر توپ سولاشقان، قۇرۇپ قالغان پىياز گۈلىنى كۆردۈم!

شۇنداق بۇرادەرلەر، سىلەر دەل مېنىڭ تەنھالىقتا زېرىككۈۋاتقان، ياقا - يۇرتلاردا سەرسان بولۇۋاتقان چاغلىرىمدىكى ھەمراھلىرىم، ئاللاھ ماڭا ئەتەي ئازاب شارابىنى ئىچۈردى؛ بۇ ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بولغاچقا، مېنىڭ نېمە ئامالىم. بىز ئىنسانلار پايانسىز ئالەمدە ياشاۋاتساقمۇ، ئۇنىڭغا بويسۇنماقتىن باشقا تاللىشىمىز يوق. مۇبادا بىز تەلىيىمىز ئۆگەدىن كېلىپ بىر - بىرىمىز بىلەن مۇھەببەتلەشسەكمۇ، بۇ مۇھەببەت بىزنىڭ ۋۇجۇدىمىزدىن كەلمەيدۇ ھەم بىزگە تالىق بولمايدۇ. مۇبادا بىز خۇش بولساق، ئوخشاشلا شادلىق بىزنىڭ ۋۇجۇدىمىزدىن كەلمەيدۇ ۋە بىزگە تەۋە بولمايدۇ، ئۇ ھاياتلىقنىڭ ئۆزىدە مەۋجۇت بولىدۇ. مۇبادا بىز ئازاب سەزسەك ئۇ ئازابمۇ بىزنىڭ جاراھىتىمىزدىن كەلمەيدۇ، بەلكى پۈتكۈل تەبىئەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىن كېلىدۇ.

مەن سىلەرگە ئۆزۈمنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بەردىم، مەقسەت، سىلەرگە دەردىمنى تۆكۈۋېلىش ئەمەس، دەرد تۆكۈش تۇرمۇشقا بولغان گۇماندۇر. مەن بىر مۇرت، مەن زۇلمەت كېچە قەدەھلىرىدە ئىچكەن ھەر بىر يۇتۇم شارابقا ئارىلىشىپ كەتكەن ئاچچىق شەربەتنىڭ تامامەن پايدىلىق ئىكەنلىكىگە، يۈرىكىمنى تېشىپ ئۆتكەن مىخنىڭ گۈزەل ئىكەنلىكىگە، يۈرەك باغرىمنى سەكپارە قىلىۋەتكەن تۆمۈر قولنىڭ مېھرىبانلىقىغا ئىشىنىمەن.

مانا بۇ مېنىڭ ھېكايەم، بۇ ھېكايىنىڭ ئەسلىدىنلا ئاخىرى يوق ئىدى، شۇڭا بۇنى يەنە قانداق سۆزلەيمەن؛ مەن چۈش ئېلكىدە مۇھەببەتلەشكەن ئۇ قىزنىڭ تاۋۇتى يېنىدا يۈكۈنۈپ تۇرۇپ، تاڭ نۇرىنىڭ قوللىرى دېرىزە ئەينەكلىرىگە ئۇرۇلغىچە ئۇنىڭ چىرايلىرىغا سىنچا نەزەرىم بىلەن قارىدىم. مەن شۇ ئەسنادا ئورنۇمدىن تۇرۇپ خانەمگە قايتىپ كىردىم، بېشىمنى ئىنسانلارنىڭ ئازابىغا، ئادەمنىڭ بەستىنى قىسماقتەك ئېگىۋېتىدىغان ئېغىر يۈك تەكتىگە قويدۇم.

مەن ئۈچ ھەپتىدىن كېيىن ۋېنتسىيە شەھرىدىن ئايرىلدىم، ۋاقتىنىڭ ئەزىم دەريالىرىدا مىڭ يىل ۋاقتى ئۆتكۈزگەن ئادەملەردەك لىۋانغا قايتىپ كەلدىم؛ مەن ھەر بىر لىۋانلىققا ئوخشاش ياقا - يۇرتتىن سەرگەردان بولۇپ كەلدىم، يەنە سەرگەردان بولۇپ ياقا - يۇرتقا قايتىپ كەلدىم.

بۇرادەرلەر، مېنى كەچۈرۈڭلار، مەن ھېكايەمنى ئۇزاق سۆزلەپ كەتتىم. ئەپۇ قىلىڭلار!

خەنزۇچە «جىبراننىڭ نادىر نەسىرلىرى» ناملىق كىتابتىن
**ئوسمانجان مۇھەممەد** تەرجىمىسى

تىلماچ: «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلىدا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# «تىلماچلار پايانسىسى»دىكى پاراڭلار

## پەقەت ئويلاشقا، ئىشلەشكە جۈرئەت قىلالىغاندىلا چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدۇ

بىر قارا تەنلىك ئانا قىزىنى ئەگەشتۈرۈپ بىر مىڭخامغا مال سېتىۋالغىلى بېرىپتۇ. ئاق تەنلىك مال ساتقۇچى قىزچاقنى توسۇپ هاكاۋۇرلارچە: «بۇ دېگەن ئاق تەنلىكلەر مەخسۇس ئىشلىتىدىغان كىيىم سىناش ئۆيى، ئامباردا مەخسۇس سىلەرگە ئوخشاش نېگىرلار ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرۇلغان كىيىم سىناش ئۆيى بار، سىلەر شۇ يەرگە بېرىپ كىيىپ باقساڭلار بولىدۇ» دەپتۇ. بىراق ئانا ئۇنىڭ سۆزىگە قىلچە پەرۋا قىلمىغان هالدا سوغۇق تەلەپپۇزدا شۇنداق دەپتۇ: «ئەگەر بۇگۈن قىزىم كىيىمنى مۇشۇ ئۆيگە كىرىپ كىيىپ باقمىسا، مەن كىيىمنى باشقا دۇكاندىن سېتىۋالىمەن». مال ساتقۇچى ئايال سودىنى كەتكۈزۈپ قويماسلىق ئۈچۈن ئانا ـ بالا ئىككىيلەننىڭ كىيىمنى بۇ ئۆيگە كىرىپ كىيىپ بېقىشىغا يول قويۇپتۇ، ئۆزى بولسا باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئىشىك تۈۋىدە قاراپ تۇرۇپتۇ. بۇ ئىشلار قىزدا ناهايىتى چوڭقۇر تەسىر قالدۇرۇپتۇ.

يەنە بىر قېتىم، ئانا ـ بالا ئىككىيلەن دۇكان ئارىلاۋېتىپ قىز بىر شىلەپىنى تۇتۇپ قويغانلىقى ئۈچۈن، مال ساتقۇچىدىن تىل ئىشىتىپتۇ، بۇ ئانا يەنە كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ «قىزىمغا بۇنداق مۇئامىلە قىلىشىڭىزغا يول قويمايمەن» دەپتۇ ۋە قىزىغا: «كانتى، سەن هازىر دۇكاندىكى بارلىق شىلەپىلەرنى بىر قېتىمدىن تۇتۇپ چىقساڭ بولىدۇ» دەپتۇ. قىز خۇشال بولغان هالدا دۇكاندىكى ئۆزى ياخشى كۆرگەن شىلەپىلەرنىڭ هەممىسىنى بىر قېتىمدىن تۇتۇپ چىقىپتۇ، هېلىقى مال ساتقۇچى بولسا بىر ياقتا كۆزىنى پارقىراتقىنىچە تۇرۇپ قاپتۇ.

مۇشۇنىڭغا ئوخشاش كەمسىتىش ۋە ناهەقچىلىكلەرگە نىسبەتەن ئانا قىزىغا شۇنداق دېگەنىكەن: «ئېسىڭدە تۇت بالام، بۇ ئىشلار هامان ئۆزگىرىدۇ. بۇنداق ناهەقچىلىكلەرنىڭ يۈز بېرىشى هەرگىزمۇ سېنىڭ خاتالىقىڭ ئەمەس، تېرەڭ بىلەن ئائىلەڭ سېنىڭ روهىڭ ۋە جىسمىڭنىڭ ئايرىۋەتكىلى بولمايدىغان بىر قىسمى، بۇنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ هەم ئۇنداق بولۇشنىڭ خاتا يېرى يوق. ئۆزۈڭنىڭ تۆۋەن بولغان ئىجتىمائىي ئورنۇڭنى ئۆزگەرتمەن دەيدىكەنسەن، چوقۇم باشقىلاردىن ياخشى قىلىشىڭ، ئەڭ ياخشى قىلىشىڭ لازىم، شۇندىلا ساڭا پۇرسەت بار».

ئاشۇ دەقىقىلەردىن باشلاپ، «ئۆزىنى كەمسىتمەسلىك ۋە باش ئەگمەسلىك» قىزنىڭ ئۆمۈرلۈك بايلىقىغا ئايلىنىپتۇ. ئۇ، پەقەت تەربىيە ئالغاندىلا، ئاندىن بىلىم ئىگىلەپ، باشقىلاردىن ياخشى قىلغىلى، تېخىمۇ ياخشى قىلغىلى بولىدىغانلىقىغا، تەربىيەنىڭ پەقەت ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرىدىغان بىر خىل ۋاسىتە بولۇپلا قالماستىن يەنە، ئۆزىنىڭ ئىززەت ـ هۆرمىتىنى قوغدايدىغان، ئۆزىنى يۇقىرى ئورۇنغا ئىگە قىلىدىغان قورال ئىكەن-

لىككە قەتئىي ئىشىنىپتۇ.

كېيىن، ئالاباما بىرمىڭخامدەك مۇشۇنداق ئىرقىي ئايرىمىچىلىك ئېغىر بولغان رايوندا تۇغۇلغان بۇ قارا تەنلىك قىز «فوربىس (بايلىق)» ژۇرنىلىدا «2004-يىللىق دۇنيادىكى ئەڭ نوپۇزلۇق ئايال» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشىدۇ. بۇ ئايال دەل ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى رايىس ئىدى.

رايىس ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئانام ماڭا، كىشىلىك ھاياتتىكى نىشانىڭنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، سەن پەقەت ئويلاشقا جۈرئەت قىلالىساڭ، ھەم شۇ ئويلىغان نەرسەڭ ئۈچۈن كۆرەش قىلالىساڭ، ئاددىيسى ئاق تەنلىكلەر ئۈچۈن مەخسۇس ئېچىلغان دۇكاندىن ھامبۇرگ بولكىسى سېتىۋالالىغاندىن باشقا يەنە نى-نى چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايسەن.»

**ھاسىلكالام: كۆپ ھاللاردا رېئاللىق بىزنى نائىلاجلىقتا قالدۇرىدۇ. بىز نۇرغۇن نەرسىلەرنى تاللاشقا ئامالسىزمىز، ئەمما، كۆرەشنى تاللىساق بولىدۇ. كەمستىش ۋە ناھەقچىلىك گەرچە ئازاب ئېلىپ كەلسىمۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ يەنە كۆرەشنىڭ مەيدانىغا كېلىشىگە سەۋەب بولىدۇ. بىز پەقەت تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن قەددىمىزنى كۆتەرسەكلا، ھېچكىم بىزنى كەمستەلمەيدۇ.**

بەي چۈەنجىن تۈزگەن «كىشىلىك ھايات تەسراتلىرى» ناملىق كىتابتىن يۇسۇپجان داۋۇت تەرجىمىسى

## باشقىلارنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن ۋاقىت ئەمەلىيەتتە دەل ئۆزىمىزنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن ۋاقىتتۇر

ئىككى بالا پەرىشتىنىڭ ئەتىرگۈللۈككە كىرىپتۇ. ھەر ئىككىلىسى پەرىشتىنىڭ ئۆزلىرىگە بىر تالدىن تەلەي گۈلى بېرىشىنى ئۈمىد قىلىدىكەن. ئەمما، پەرىشتە ئۇلارغا بىر تالدىن ئەتىرگۈل نوتىسى بېرىپتۇ، بالىلار بۇنىڭدىن بىر ئاز ئۈمىدسىزلىك ھېس قىپتۇ.

پەرىشتە بۇ ئىككى بالىنى ئايرىم-ئايرىم ئالدىغا چاقىرتىپ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ: «بالام سەن ماڭا ھەمراھىڭنىڭ قىياپىتىنى تەسۋىرلەپ بېرەلەمسەن؟ ئەگەر سەن ھەمراھىڭدىن كېلىشكەن بولساڭ، بىر تال تەلەي گۈلىگە ئېرىشىسەن» دەپتۇ.

بىرىنچى بالا: «مېنىڭ بويۇم ئۇنىڭدىن ئېگىز، كۆزلىرىمۇ ئۇنىڭكىدىن چوڭ، سىز ئۇنىڭ بۇرنىغا قاراڭ، ئۇنىڭ بۇرنى پاناق. مەن ئەلۋەتتە ئۇنىڭدىن كېلىشكەن، شۇڭا تەلەي گۈلىنى مەن ئېلىشقا ھەقلىق» دەپتۇ.

ئىككىنچى بالا پەرىشتىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھەمراھىغا بىر قارىۋېتىپ، سەممىيلىك بىلەن «ئۇنىڭ بويى مېنىڭكىدىن ئېگىز، كۆزلىرى چوڭ-چوڭ، قاڭشارلىق، بەك قامالاشقان. ئەگەر سىزدە پەقەت بىر تاللا گۈل بولسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭغا بېرىڭ!» دەپتۇ.

بۇ چاغدا، ئىككىنچى بالىنىڭ قولىدىكى ئەتىرگۈل نوتىسى بىردىنلا خۇشپۇراق چېچىپ، پورەكلەپ ئېچىلىپ كېتىپتۇ.

بىرىنچى بالىنىڭ قولىدىكى ياپيېشىل ئەتىرگۈل نوتىسى بولسا سولۇشۇپ قۇرۇپ قالغان ئەمەنگە ئايلىنىپ قاپتۇ.

**ھاسىلكالام: ئادەم چوقۇم باشقىلارغا ئۇنىڭدىكى كىشىگە زوق بېغىشلىيالايدىغان تەرىپىنى كۆرەلەيدىغان نەزەر بىلەن قاراشنى بىلىش كېرەك. ھەرگىزمۇ قۇسۇر ئىزدەش مەسخىرە ۋە گۇمانىي نەزەر بىلەن قارىماسلىق؛ سەتلەشتۈرۈش، سۇندۇرۇش ۋە قارىلاش نەزەرىدە مۇئامىلە قىلىدىغان ئىشنى تېخىمۇ قىلماسلىق لازىم. بولۇپمۇ باشقىلار ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان، قىيىنچىلىققا يولۇققان چاغلاردا تېخىمۇ ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى، بىزنىڭ باشقىلارنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن ۋاقتىمىز ئەمەلىيەتتە دەل ئۆزىمىزنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن ۋاقىت بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۆزىمىزمۇ كۆپ نەرسىلەرگە ئېرىشەلەيمىز.**

بەي چۈەنجىن تۈزگەن «كىشىلىك ھايات تەسراتلىرى» ناملىق كىتابتىن يۇسۇپجان داۋۇت تەرجىمىسى

## قوي ئوغرىلىغان «ئەۋلىيا»

بىر كەنتتىكى ئىككى ياش بىللە قوي ئوغرىلاشقا پۈتۈشۈپتۇ، ئاقىۋەت ئىككىلىسى نەق مەيداندىلا تۇتۇلۇپ قاپتۇ.

يەرلىكنىڭ قائىدىسى بويىچە بولغاندا، ئوغرىلىق قىلغانلارنىڭ پېشانىسىگە بىردەك خەت چېكىلىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككى ياشنىڭ پېشانىسىگە ئېنگلىزچە «ST» دېگەن ئىككى ھەرپ چېكىلىپتۇ. يەنى بۇ قوي ئوغرىسى (Sheep Thief) دېگەن سۆزنىڭ قىسقارتىلمىسى ئىكەن.

ئىككى ياش نومۇستىن ئۆلگۈدەك بولۇپتۇ. بىرى باشقىلارنىڭ مەسخىرىلىك قاراشلىرىغا چىداپ بولالماي يۇرتىنى تاشلاپ كېتىش قارارىغا كەپتۇ. ئەمما بارغانلا يەردە پې-

www.uygurkitap.com

شانىسىدىكى خەت باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىپ، كىشىلەر ئۇنىڭدىن: «پېشانىڭىزدىكى خەتنىڭ نېمە مەنىسى بار؟» دەپ سورىشىدىكەن. شۇنداق قىلىپ بۇ ياش بىر ئۆمۈر ئازابلىنىپ، غەمكىنلىك ئىچىدە ياشاپتۇ.

يەنە بىر ياشمۇ دەسلەپتە پېشانىسىدىكى خەتتىن نومۇس قىلىپ، يۇرتىنى تاشلاپ باشقا جايلارغا كېتىشنىمۇ ئويلاپتۇ. بىراق، ئۇ قايتا-قايتا ئويلانغاندىن كېيىن يەنىلا قېپقېلىپ، ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق بۇ ئار نومۇسنى يۇيۇشقا نىيەت باغلاپتۇ.

نەچچە ئون يىل ئۆتۈپتۇ. بۇ ياش ئاخىرى خەلقئالەم ئالدىدا يۇقىرى ئابرۇي ۋە شۆھرەت تېپىپتۇ. ئۇ ئاق كۆڭۈللۈك ۋە دۇرۇس پەزىلەت ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولۇپتۇ. بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر ياقا يۇرتلۇق كىشى چاچ-ساقاللىرى ئۆچتەك ئاقارغا بۇ بوۋاينىڭ پېشانىسىدىكى خەتنى كۆرۈپ قىزىقىسنىپ شۇ يەرلىك بىرسىدىن بۇنىڭ نېمە ئىشلىكىنى سورىغاندا يەرلىك ئادەم ئۇ كىشىگە: «بۇ ئىشقا بەك ئۇزاق بولۇپ كەتتى، مېنىڭمۇ تازا ئېسىمدە يوق، لېكىن مېنىڭچە ئەۋلىيا (Sanit) دېگەن خەتنىڭ قىسقارتىلمىسىغۇ دەيمەن!» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

**ھاسىلكالام: ھاياتنىڭ مۇشكۇلاتلىرىغا دۇچ كەلگەندە، كىشىلەردە ئوخشاشمىغان ئىنكاسلار بولىدۇ. بەزىلەر قىيىنچىلىقتىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ، بەزىلەر قەيسەرلىك بىلەن قىيىنچىلىققا يۈزلىنىدۇ. بۇمۇ قەيسەرلىك بىلەن ئاجىزلىقنىڭ بىر خىل ئىپادىسى. قەيسەر ئادەملەر ھەمىشە يىقىلغاندىن كېيىن يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ، تېخىمۇ يىراق مەنزىلنى كۆزلەپ ئىلگىرىلەيدۇ، ئاجىز ئادەملەر بولسا ئەكسىچە بىر يىقىلىش بىلەنلا ئۈمىدسىزلىنىپ بەل قويىۋېتىدۇ، قايتا ئىلگىرىلەشنى خالىمايدۇ.**

**تەقدىر ھەممە ئادەمگە ئادىل مۇئامىلە قىلىدۇ. سىز قانداق يولنى تاللىغان بولسىڭىز، سىزگىمۇ شۇنداق تەقدىر نېسىپ بولىدۇ.**

تەن شياۋمېي تۈزگەن، بېيجىڭ نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «روھىڭىزنى پاكلىۋېلىڭ» ناملىق كىتابتىن
**يۇسۇپجان داۋۇت تەرجىمىسى**

# قۇم دانچىسى ۋە مەرۋايىت

بىر يىگىت ھەمىشە ئۆزىنى قالتىس ئىقتىدارلىق چاغلايدىكەن. ئەمما ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن ھەر قانچە ئىزدەپمۇ مۇۋاپىق خىزمەت تاپالماپتۇ. ئۇ «ماڭا ئوخشاش مۇشۇنداق ئىقتىدارلىق ئادەم ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىشكە مۇيەسسەر بولالمىدىم، تالانتىمنى ئىشقا سالىدىغان پۇرسەت چىقمىدى، بۇ جەمئىيەتنىڭ ئارزۇلىغۇدەك، تارتىشقۇدەك يېرى قالماپتۇ» دەپ ئويلاپ تولىمۇ ئازابلىنىپتۇ ۋە ئاخىرى دېڭىز بويىغا بېرىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالماقچى بولۇپتۇ.

دەل مۇشۇ چاغدا بىر ئاپپاق ساقال بوۋاي بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئۇنىڭدىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى سوراپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ تالانتىنى جارى قىلدۇرىدىغان شارائىتقا ئېرىشەلمىگەنلىكىنى، شۇڭا ئۆزى ئۈچۈن ياشاشنىڭ ئەھمىيىتى يوقلۇقىنى ئېيتىپتۇ.

بوۋاي يىگىتنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يەردىن بىر تال قۇم دانچىسىنى ئېلىپ يىگىتكە كۆرسىتىپتۇ. ئاندىن قۇم دانچىسىنى يەنە يەرگە تاشلىۋېتىپتۇ ۋە يىگىتنى مۇشۇ قۇم دانچىسىنىڭ ئۆزىنى تېپىپ ئېلىشقا بۇيرۇپتۇ.

«بۇنى قانداق تاپقىلى بولىدۇ؟» دەپتۇ يىگىت نېمە قىلارىنى بىلمەي.

بوۋاي باشقا گەپ قىلمايلا يانچۇقىدىن بىر تال مەرۋايىتنى چىقىرىپ يەرگە تاشلاپتۇ ۋە يىگىتتىن سوراپتۇ: «بۇ مەرۋايىتنى تاپالامسەن؟»

«بۇنىڭ نېمىسى تەس» دەپتۇ يىگىت كۈلۈپ.

بوۋاي يىگىتكە قاراپ مۇلايىملىق بىلەن شۇنداق دەپتۇ:

«ئەمدىغۇ بىلگەنسەن؟ قۇمنىڭ ئىچىدىن قۇم ئىزدىمەك ناھايىتى تەس. بىراق قۇمنىڭ ئىچىدىن مەرۋايىتنى پەرقلەندۈرۈش ناھايىتى ئاسان. شۇڭا باشقىلار مېنى بايقىسۇن، ئېتىراپ قىلسۇن، ئەتىۋارلاپ ئىشلەتسۇن دېسەڭ، ئۆزۈڭنى چوقۇم بىر دانە مەرۋايىت قىلىپ تاۋلاپ چىقىشىڭ لازىم».

يىگىت چوڭقۇر ئويغا چۆكۈپتۇ.

**ھاسىلكالام: بەزىدە سىز ئۆزىڭىزنىڭ بىباھا مەرۋايىت ئەمەس، بەلكى ئادەتتىكى قۇم دانچىسى ئىكەنلىكىڭىزنى بىلىشىڭىز ھەم ئۆزىڭىزنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەرۋايىتقا ئايلىنىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىڭىز لازىم.**

تەن شياۋمېي تۈزگەن، بېيجىڭ نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «روھىڭىزنى پاكلىۋېلىڭ» ناملىق كىتابتىن يۇسۇپجان داۋۇت تەرجىمىسى

---

تىلماچ: كۇچا ناھىيە ئۈچچۈستەڭ يېزا بەشكىرەم مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى




# خەلق بىلەن زىيالىيلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ۋە بۇرچ

خەلق بىلەن زىيالىيلار ئوتتۇرىسىدا ئانا بىلەن پەرزەنت ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشتەك زىچ مۇناسىۋەت بولىدۇ. پەرزەنت ياراملىق، كۆيۈمچان بولسا ئانا بەختىيار بولغاندەك، ساپالىق زىيالىيلار قوشۇنى بولغان خەلقنىڭ مەدەنىيىتى يۇقىرى، ئالدىن كۆرەر، جەسۇر، ئۈمىدۋار، غۇرۇرلۇق بولىدۇ. زىيالىيلار قوشۇنى يېتىلمىگەن ياكى ئاجىز بولغان خەلق توپى، دەۋر دولقۇنىدىكى ھەر بىر ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنىڭ ماھىيىتىنى دەرھال چۈشىنەلمەي، دەۋر تەرەققىياتىنىڭ تۈپ تەلپىنى توغرا تونۇيالماي، قوللاش - قوبۇل قىلىش ياكى رەت قىلىشتا جۈرئەت قىلالماسلىقتىن كېلىپ چىققان تەمتىرەش ئىلكىدە ھەممىگە ئېتىبارسىز قارايدىغان پاسسىپ ھالەتتە كۈن ئۆتكۈزىدۇ.

زىيالىيلارنىڭ جەمئىيەت تەرەققىيات يولىدىكى رولى ۋە قىممىتىنى ھەر خىل سۈپەتلەپ، قۇشنى پەرۋاز قىلدۇرىدىغان قاناتقا، مېۋىنى شېرىن قىلىدىغان شىرنىغا، كۆتەكنى قوزغىتىدىغان پىشاڭغا، نىشاننى كۆرسىتىدىغان كومپاسقا ئوخشىتىپ كۆپ تەرەپلىمە تەرىپلىسەك ھەرگىز مۇبالىغە

## ئەي زىيالىي، مەنزىلىڭ قايان؟

بولمايدۇ. چۈنكى، خەلققە يول كۆرسىتىدىغان باشلامچى سەركەردە، خەلقنىڭ مۈشكۈلىنى ئاسان قىلىدىغان دانىشمەن، ماددىي ۋە مەنىۋى قىممەت يارىتىدىغان بىردىنبىر كۈچ زىيالىيلار قوشۇنىدۇر. ئۇنداق ئىكەن، زىيالىي ئاتالغان كىشىلەردە شۇ نامغا لايىق ساپا بولۇشى كېرەك. «ساپا» — دېگەنلىك يالغۇز بىلىم ئىگىلەش ئەمەس، يەنە خەلققە ئۈلگە بولىدىغان ئەخلاق - پەزىلەتنى يېتىلدۈرگەن بولۇشى، ئەڭ مۇھىمى — ھەممىنى خەلق مەنپەئىتىگە بېغىشلىغان توغرا، تەۋرەنمەيدىغان مۇددىئاغا ئىگە بولۇشنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى «بىلىم» نەگىلا ئىشلەتسە بولىدىغان قورال بولۇپ، مۇددىئا توغرا بولسا شۇ بىلىم ئارقىلىق خەلقنى تەربىيەلەپ قۇدرەت تاپقۇزۇشقا، زورۇر بولغاندا شۇ قورال ئارقىلىق خەلقنى قوغداپ بەخت ئاتا قىلىشقا بولىدۇ. مۇددىئا توغرا بولمىسا خىلمۇخىل توزاق، قاپقانلارنى قۇرۇپ خەلققە زۇلۇم قىلىدىغان، ھەتتا كاللا كېسىدىغان قىلىچ ئورنىدا ئىشلىتىپ خەلققە بالايىئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ ھەقتە ناھايىتى نۇرغۇن مىساللارنى كۆرسىتىش مۇمكىن. مەسىلەن: ئوتتۇرا ئەسىردە دۇنيانى زىلزىلىگە سالغان چىڭگىزخان بىلىمنى قىلىچ ئورنىدا ئىشلىتىپ قان تۆكتى. نۇرغۇنلىغان شەھەر - يېزىلارنى كۆيدۈرۈپ كۆلگە ئايلاندۇر-

دى. ئۇنىڭ مۇددىئاسى خاتا بولغاچقا ئۆزى قاسساپقا، ئۇنىڭغا ئەگەشكەن خەلق قويغا ئوخشاپ قېلىپ، شۇ قەدەر قۇدرەت تاپقان موڭغۇل ئىمپېرىيەسى ھالاك بولۇپ، موڭغۇل دۆلىتى مۇنقەرز بولدى. موڭغۇل خەلقى تەرەپ - تەرەپلەرگە چېچىلىپ مىسلىسىز كۈلپەتلەرنى تارتتى.

20 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا دۇنيانى يەنە بىر قېتىم زىلزىلىگە سالغان گىتلېرمۇ پەۋقۇلئاددە ئىقتىدارلىق شەخس ئىدى، بىراق ئۇنىڭمۇ مۇددىئاسى خاتا بولغاچقا مىليونلىغان ئىنسانلارنىڭ قېنى تۆكۈلۈشكە سەۋەب بولدى. ئۆزى «فاشىست» ئاتىلىپ، ئەقىل - پاراسەتلىك نېمىس خەلقىگە ۋە شۇ دەۋردە يەر - تېخنىكا ھەم مەدەنىيەتتە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان گېرمانىيە دۆلىتىنىڭ تارىخىدا يۇيۇپ بولمايدىغان قارا داغ قالدۇردى.

ئۆز ئەتراپىمىزدىكى ۋەقەلەرنى مىسال ئالساق، ھەدايىتۇللا ئاپاق خوجا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ شۇ دەۋردىكى ئومۇمىي ئەھۋالىنى پىششىق تەتقىق قىلىپ ئۈلگۈرگەن سەزگۈر، ئىقتىدارلىق شەخس ئىدى. بىراق نىيىتى بۇزۇق، تەبىئىتى پەس بولغاچقا، كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئالغان دىنىي ئېتىقادىدىن پايدىلىنىپ، دىنىي مەزھەپچىلىكتىن ئىبارەت بۆلگۈنچىلىك ئوتىنى تۇتاشتۇرۇپ، جەڭگى - جېدەللەرنى تېرىپ، خەلقنى ئىقتىسادىي ۋە روھىي جەھەتتە نەچچە 100 يىللىق مادارىدىن كەتكۈزۈپ سەئىدىيە خانلىقىنىڭ يىمىرىلىشىگە سەۋەبكار بولۇپ، ئۆزى ئەبەدىيلىك لەنەتكە قالدى.

1940 - يىللاردا قازاق خەلقىگە يېتەكچىلىك قىلىپ زۇلۇمغا قارشى كۆرەش قىلىش بىلەن قازاق خەلقى ئارىسىدا «ئوسمان باتۇر» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان ئوسمان ئىسلام كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئەسلىي مۇددىئاسىدىن ئاينىپ، خەلققە ئاسىيلىق قىلىپ ئەكسىيەتچى گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنىڭ قويىنىغا ئۆزىنى ئېتىپ، ئاقىۋەت خەلق سوتىغا تاپشۇرۇلۇپ بىر پاي ئوق بىلەن ئۆلۈپ، تارىخ بېتىدىن «باندىت» نامى بىلەن ئورۇن ئالدى.

ياڭ زىڭشىڭ، شىڭشىسەي... دېگەندەك قانخورلارنى بىر - بىرلەپ كۆرسىتىش بىھاجەت. مانا بۇلار ئۆزلىرىنىڭ ۋۇجۇدىدا بار بولغان ئىقتىدارنى خەلق ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئەكسىچە خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى ئۆزلىرىنىڭ تويماس نەپسى ۋە ئاتاق ئابرۇيلىرى ئۈچۈن قۇربان قىلىشتەك خاتا مۇددىئادا ئىش كۆرگەنلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى خەلققە ئاپەت ئېلىپ كەلدى.

يۇقىرىقىلار شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، خەلقنىڭ زىيالىيسى بولۇش ئۈچۈن يالغۇز بىلىم ئىقتىدارنى يېتىلدۈرۈشلا ئەمەس، يەنە توغرا مۇددىئادا ئىش كۆرۈشنى مۇقەددەس دەپ تونۇيدىغان ئاڭ بولۇشى لازىم. بۇنداق ئاڭغا ئىگە بولۇپ، بۇنداق ئىرادىنى تىكلەش ئۈچۈن زىيالىيلار ئۆزلىرىنىڭ بۇرچى نېمە ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىشى لازىم. ئۇنداقتا «بۇرچ» دېگەن نېمە؟

بۇ سوئالنىڭ جاۋابى ئورنىدا مەرھۇم رەھبىرىمىز ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ مۇنداق بىر سۆزىنى ئەسلەپ ئۆتەيلى.

ئەخمەتجان قاسىمى 1946 - يىلى 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى مەدەنىيەت كۇلۇبىدا ئېچىلغان «زىيالىي ياشلار زور يىغىنى»دا سۆزلىگەن «زىيالىيلىرىمىزنىڭ ھازىرقى ۋەزىپىلىرى ۋە ئالدىمىزدىكى سايلام» تېمىلىق نۇتۇقىدا «... مىللەتنىڭ قايغۇسىغا قايغۇرىدىغان، مىللەتنىڭ غېمىنى يەيدىغان، مىللەت ئۈچۈن ئېچىنىدىغان، مىللەت دېگەن چاغدا جانىنى قۇربان قىلىشقا ھازىر تۇرىدىغان، مىللەت ئىشقىدا يانغان ئالدىنقى سەپتىكى ئاڭلىق مىللەت دەردمەنلىرى زىيالىيلىرىمىزدۇر» دەپ كۆرسەتكەن. ئەخمەت ئەپەندىم ئەينى ۋاقىتتىكى زۆرۈرىيەتنى ناھايىتى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ «مىللەت» نامى بىلەن سۆزلىگەن بولسىمۇ، بۇ يەردىكى «مىللەت» يەنىلا خەلقنى بىلدۈرگەن بولۇپ، ئۇنى يىغىنچاقلىغاندا، زىيالىيلار بارلىقىنى خەلققە بېغىشلاشتىن ئىبارەت مۇقەددەس ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىشنى چۈشەندۈرىدۇ. زىيالىيلار مۇشۇ نۇقتىنى تولۇق تونۇپ يەتسە، زىيالىيلارنىڭ رولى جارى قىلىنىشىنىڭ ئالدىنقى بىرىنچى شەرتى ھازىرلانغان بولىدۇ. لېكىن بۇنىڭ بىلەنلا ھەممە ئىشلار يۈرۈشۈپ كەتمەيدۇ. مەقسەتكە تولۇق يېتىش ئۈچۈن يەنە بىر مۇھىم شەرت، يەنى، زىيالىيلار بىلەن خەلق ئاممىسى ئارىسىدا بىر - بىرسىنى قوللاش، بىر - بىرىنى ھىمايە قىلىشتىن ئىبارەت زىچ مۇناسىۋەت مۇكەممەل ئورنىتىلغان بولۇشى كېرەك. ئەخمەت ئەپەندىم زىيالىيلار بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ۋە زىيالىيلارنىڭ قىممىتى توغرىسىدا توختىلىپ، زىيالىيلارنى «مىللەتنىڭ قايمىقى» دەپ تەرىپلىگەن. سۈت بولمىسا قايماق مەۋجۇت بولمايدۇ. قايماق ئايرىۋېتىلسە سۈتنىڭ قىممىتى بولمايدۇ. دېمەك، خەلق بىلەن زىيالىيلار بىر - بىرىنى تولۇقلاپ قىممىتىنى ئاشۇرۇپ شۇ ئارقىلىق مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ تۇرىدۇ. شۇنى ئالاھىدە

تەكتىلەش زۆرۈركى، خەلق بولمىسا زىيالىيلار مەۋجۇت بولمايدۇ. زىيالىيلارنى خەلق يېتىلدۈرىدۇ. دېمەك، خەلق ئانا، زىيالىيلار خەلقنىڭ پەرزەنتى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنداق ئىكەن «پەرزەنت» ھېسابلانغان زىيالىيلار «ئانا» ھېسابلانغان خەلققە چىن ئىخلاسى بىلەن سەممىي خىزمەت قىلىشنى ئۆزىنىڭ بۇرچى دەپ تونۇسا، شۇنداقلا «ئانا» ھېسابلانغان خەلقمۇ زىيالىيلارغا خۇددى ئۆز پەرزەنتلىرىگە بولغان ئانىلىق مېھرى بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، يېقىندىن قوغداش، قوللاش ئارقىلىق زىيالىيلارغا ئارقا تىرەك بولىدىغان ئاڭغا ئىگە بولسا، مەدەنىيەتنىڭ سىجىل تەرەققىي قىلىشىغا ئۇل ھازىرلانغان بولىدۇ.

بىزنىڭ بۇ ھەقتىكى چۈشەنچىمىز ۋە ئەمەلىي ھەرىكەتىمىز ئۆتمۈشتە قانداق بولغانلىقىنى كۆزەتسەك، مەھمۇد كاشغەرىي، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەھمەد يۈكنەكى، ئەلەشىر نەۋايى، زەلىلى... قاتارلىق ئالىم، ئەدىبلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ زىيالىيلىق بۇرچىنى شۇ قەدەر يۈكسەك ھالدا تونۇپ يېتىپ خەلقىمىزگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى يارىتىپ بەردى. شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتۈش لازىمكى، بۇنىڭدىن 800 يىل بۇرۇن ئۆتكەن ئەھمەد يۈكنەكى ئۆزىنىڭ تۇغما ئەمالىقىغا قارىماي خەلقنى تەربىيەلەش ئىشلىرىغا ئۆزىنى بېغىشلاپ، زور تەربىيەۋى ئەھمىيەتكە ئىگە «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» ناملىق كىتابنى يېزىپ خەلققە سۇندى. (مۇشۇنداق يۇقىرى سەۋىيەلىك ئەسەرنى يازغان ئەدىبنىڭ يەنە باشقا ئەسەرلىرى بولۇشى مۇمكىن. لېكىن بىزنىڭ دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلەلمىگەن) مانا بۇلار خەلقنىڭ «پەرزەنتى» بولۇشتەك مەجبۇرىيىتىنى ھەققىي ئادا قىلغان زىيالىيلىرىمىزدۇر. ئۇلارنىڭ كەچۈرمىشلىرى قانداق بولغان؟ خەلق ئۇلارغا قانداق مۇئامىلە قىلغان؟ ئارىدا ئۇزاق يىللار ئۆتكەنىنىڭ ئۈستىگە بىز تارىخىمىزدا نەچچە نۆۋەت يېزىق ئۆزگەرتكەنلىكىمىز ھەم تارىخنىڭ ھەر دوقمۇشىدا يازما ئەسەرلىرىمىز يېنىش - يېنىش كۆيدۈرۈلگەنلىكى سەۋەبلىك شۇ دەۋرلەردە خەلق بىلەن زىيالىيلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر قانداق بولغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇماتقا ئىگە بولمىساقمۇ، «ھەزرىتى موللام مەقبەرىسى» نامى بىلەن ئاتىلىپ كېلىۋاتقان قەبرىدە ياتقان زاتنىڭ مەھمۇد كاشغەرىي ئىكەنلىكىنى 1000 يىلدىن كېيىن ئاران بىلگەنلىكىمىزدىن قاراپ، خەلقىمىز ئۆز زىيالىيلىرىغا ئاز-تولا ھۆرمەت نەزەرى بىلەن قارىغان بولسىمۇ، تازا دېگەندەك قەدىرلىدى دېيەلمەيمىز.

يۇقىرىقىلار بىز ئېنىق جاۋاب بېرەلمەيدىغان ئۇزاق ئۆتمۈشتىن بىر مىسال. ئەمدى يېقىنقى دەۋرگە نەزەر سالساق، 20 - ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدا ئۆتكەن ئابدۇقادىر داموللام، قۇتلۇق شەۋقى، مەمتىلى تەۋپىق، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرى، ل. مۇتەللىپ... قاتارلىق زىيالىيلىرىمىز بىرسىنىڭ ئىزنى بىرسى بېسىپ پۈتۈن ئۆمرىنى خەلقنى ئويغىتىش، مەدەنىيەتنى يۈكسەلدۈرۈشكە بېغىشلاپ ئۆز بۇرچىنى ئاشۇرۇپ ئادا قىلدى. خەلق ئۇلارغا قانچىلىك ماسلاشتى، قانچىلىك قوللىدى، قانچىلىك قوغدىدى؟ ئەگەر خەلق ئاممىسى ئۇلارنىڭ ئارقا تىرىكى بولالىغان بولسا رەزىل كۈچلەرگە سېتىلغان ئەخمەت مەزىن، ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ھاجەتخانىدا ئولتۇرغان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ پىچاق سېلىپ ئۆلتۈرۈشتەك رەزىل قاتىللىقنى قىلىشقا پېتىنالمىغان بولاتتى، قۇتلۇق شەۋقى ھاك سۇيىدە تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈلمىگەن بولاتتى، مەمتىلى تەۋپىق ئوتتا كۆيدۈرۈلمىگەن بولاتتى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى روزى موللا تۇتۇپ بېرىپ قىلىچ بىلەن چېپىلمىغان بولاتتى، ھېكمىنۇرنىڭ ساتقۇنلۇقى بىلەن ل. مۇتەللىپ جادۇدا توغرالمىغان بولاتتى. ئەگەر خەلقىمىزدە زىيالىيلارنى قوغدايدىغان ئاڭ يېتىلگەن بولسا، جەمئىيەتتە زىيالىيلارنىڭ ئارقىسىدا ئۇلارنى قوغدايدىغان خەلق بار دېگەن قاراش شەكىللەنگەن بولسا، ئاز ساندىكى ساتقۇنلار زىيالىيلارغا يۇقىرىقىدەك زىيانكەشلىك قىلالمىغان بولاتتى. بىراق، ئۇنداق بولمىدى، ساتقۇنلار غالىپ كېلىپ مەشھۇر زىيالىيلىرىمىز نابۇت بولۇش بىلەنلا قالماي، پۈتۈن زىيالىيلار قوشۇنى ئېغىر زەربە يېدى، چۈشكۈنلەشتى.

زىيالىيلار قوشۇنى چۈشكۈنلەشكەن مىللەت — روھى ئۆلگەن زەئىپ مىللەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇڭا زىيالىيلارنى يېتىلدۈرۈش ھەم قوغداشقا خۇددى ھاياتلىق ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئوزۇقلۇققا كۆڭۈل بۆلگەندەك ئالاھىدە نەزەر بىلەن قارايدىغان ئاڭ ئومۇملاشقان بولۇشى لازىم ئىكەن. بىراق بىزدە ئۇنداق بولماپتۇ. مېنىڭ كۆزىتىشىمچە، بىزنىڭ مىللىتىمىزدە ئۆتمۈشتىن تا ھازىرغىچە داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان مۇنداق بىر يېتەرسىزلىك خېلى ئېغىردەك قىلىدۇ. ئۇ بولسىمۇ زىيالىيلىرىمىزغا ۋە ئۇلارنىڭ ئەمگەك مېۋىلىرىگە بولغان ھۆرمەت قارىشىمىز سۇس بولغاندەك، ئەجدادلىرىمىزنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن تەلىماتلىرىغا ئېتىبارسىز قاراپ، ئۇلارغا دېگەندەك ۋارىسلىق قىلالمىدۇق، شۇڭا دۇنياۋى تەسىرگە ئىگە «قۇتادغۇبىلىك»، «تۈركىي

uyghurkitap.com

تىللار دىۋانى» قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلەرنىڭ نامىلا پەقەت ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ يادىدا ساقلىنىپ قالغان بولسىمۇ، ئەسەرنىڭ ئۆزى پۈتۈنلەي يوقىلىپ، مۇتلەق كۆپ كىشىلەر بۇنىڭدىن بىخەۋەر قېلىپ، ئارىدا نۇرغۇن يىللار ئۆتۈپ كەتتى. مانا بۇ، بىزدىكى «ياندىكى كاسىپ-نىڭ قەدرى يوق» دېگەندەك ئۆز زىيالىيلىرىمىزنى قەدىر-لىمەسلىك، ئۆز مەدەنىيىتىمىزنى مەنسىتمەسلىكتەك ئىللىتى-مىزنىڭ يامان ئاقىۋىتى ئىدى. ھېلىمۇ ياخشى بۇنىڭدىن خەۋەردار ئويغاق زىيالىيلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ياشىنىپ قال-غانلىقىغا قارىماي، كۆپ يىللار داۋامىدا جاپالىق ئىزدىنىپ، يۇقىرىقى كىتابلارنىڭ چەت ئەللەردە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان نۇسخىلىرىدىن پايدىلىنىپ، ھازىرقى تىل - يېزىقىمىز بىلەن قايتا ۋۇجۇدقا چىقاردى. بۇ، بىز ئۈچۈن ئالەمشۇمۇل زور ئىش بولدى. مېنىڭ قارىشىمچە، بۇ كىتابلارنى قايتا ۋۇ-جۇدقا چىقارغان زىيالىيلارمۇ خۇددى ئاشۇ كىتابلارنىڭ ئەسلىي ئاپتورلىرىدەك قەدىرلىكتۇر. چۈنكى، بىز ئاشۇ ئە-سەرلەر ئارقىلىق تارىخىمىز، تارىختىكى مەشھۇر ئالىملىرى-مىز، ئۆتمۈشتىكى مەدەنىيىتىمىز بىلەن قايتا تونۇشۇپ پە-خىرلەندۇق، ئالقىشلىدۇق. بۇ ھەققەتەن ئالقىشلاشقا ئەر-زىيدىغان زور ئۆتۈق ئىدى. بىراق دەل مۇشۇ مەسىلىدىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق «قىسمەن» ئىشلار سادىر بولدى.

زور ھەجىملىك بۇ كىتابلار نەشردىن چىقىپ، «قۇتاد-غۇبىلىك»تىن ئىبارەت بىر تومنىڭ باھاسى ئون يۈەندىن، «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن ئىبارەت ئۈچ توملۇق كىتاب 17 يۈەن 36 پۇڭدىن بازارغا سېلىنسىمۇ، خېرىدارىنىڭ تا-پىنى يوق ئۇزاققىچە سېتىلماي توپا بېسىپ تۇرۇپ قالدى. شۇ كۈنلەردە مۇنداق بىر ئەھۋالنى كۆردۈم.

«شىنخۇا كىتابخانىسى»دا ئىشكىتىن كىرگەنلا يەردى-كى كىتاب ئىشكاپىنىڭ يېنىدىكى يەرگىلا ئۇزۇنلۇقى ئىككى مېتىرچە يەرگە «قۇتادغۇبىلىك»نى ئىككى قۇر قىلىپ تىزىپ دۆۋىلەپ قويۇپتۇ، كىتاب دۆۋىسىنىڭ ئېگىزلىكى 80 سانتىمېتىرچە كېلەتتى. باشقا كىتابلار ئىشكاپتا چىرايلىق تىزىلىپ تۇرۇپتۇ. بۇ كىتابنىڭ يەردە تۇرغانلىقى غەلىتە تۇ-يۇلۇپ يېنىغا باردىم. كىتابنىڭ باھاسى يەتتە يۈەنگە چۈ-شۈرۈلۈپ ئەرزان ساتىسىمۇ خېرىدارى چىقماپتۇ. ئەتراپتا بىر قانچە كىشىلەر قارىشىپ تۇراتتى، ئارىدىن 35 ياشلار-دىكى بىر كىشى كىتاب ساتقۇچى قىزغا «مۇشۇ كىتابلارنىڭ بىرسىنى بەش يۈەندىن ساتساڭلار ھەممىسىنى ئالاي» دېدى. كىتاب ساتقۇچى قىز دەرھال چىقىپ كېتىپ ھايال ئۆتمەي قايتىپ كىرىپ، «كەچۈرۈڭ، باشلىق ئۇنىمىدى» دېدى. كىتابتىن بىرسىمۇ سېتىلمىدى. مەن بايىقى كىتاب ئالغۇچىنىڭ ھەممە كىتابنى ئالماقچى بولغانلىقىغا قىزىقىپ ئۇنىڭدىن سورىدىم. ئۇ خېرىدار بىر خورسىنىپ قويۇپ جاۋاب ئورنىدا مۇنداق بىر جەرياننى سۆزلەپ بەردى:

— مەنمۇ ئانچە - مۇنچە كىتاب ئوقۇيمەن. ئەمما مەكتەپتە تۈزۈكرەك ئوقۇيالمىغان ئادەممەن. تىجارەت بىلەن شىنجىنغا بارغاندا چەت ئەللىك بىر ئىنگلىز كىشى بىلەن تونۇشۇپ قالغاندىم. ئارىلىقتا بىرەر يىلچە ئۇ تە-رەپلەرگە بارالمىغاچقا بىر تونۇشۇم ئارقىلىق مۇشۇ كىتاب-تىن بىرنى سوۋغات ئورنىدا ئەۋەتىپ بەرگەنىدىم. ھېلىقى ئىنگلىز كىشى ماڭا ئامېرىكا پۇلىدىن 100 دوللار ئەۋەتىپ-تۇ. دېمەك، بۇ كىتابنىڭ خېلىلا قىممىتى بولسا كېرەك. ئەمما بىزدە بۇ كىتاب خارلىنىپ قاپتۇ، شۇڭا ھەممىسىنى ئېلىپ ساقلاپ قوياي دېدىم، خېرىدارى چىقىپ قالسا پاي-دىسىغا ساتىمەن، بولمىسا ئىزى پۇل بولار، خارلىنىپ تۇر-غاندىن ياخشىغۇ، — دېدى.

بىر چەت ئەللىك بىر كىتابنى 100 دوللارغا ئېلىپ يەنە رەھمەت ئېيتىپتۇ. بىزدە ئەھۋال ئۇنىڭ ئەكسىچە بولدى. بىر كىتاب يەتتە يۈەندىن بولغاندا ئاشۇ يىللاردا بىر بوتۇلكا ھاراقنىڭ پۇلىغا بۇ كىتابتىن بىر يۈرۈشنى سېتىپ ئالغىلى بولاتتى. بىراق كىتاب يەنىلا خېرىدارسىز قالدى. بۇ، بىزنىڭ روھىي ھالىتىمىزدىكى زەئىپلىكنىڭ ئى-پادىسىمۇ ياكى باشقىچە چۈشەندۈرۈشمۇ بارمىدۇ؟

ھازىرقى دەۋردىكى زىيالىيلىرىمىز ھەققىدە توختىلىش-تىن ئاۋۋال بۇ ھەقتىكى مۇنداق بىر قارىشىمنى دەپ ئۆتەي:

مېنىڭ كۆزىتىشىمچە، زىيالىيلار قوشۇنى جەلپكار كوزىر بولۇپ، مۇنداق ئىككى خىل مۇددىئادا ئىككى تە-رەپتىن كۆزىتىلىپ تۇرىدىكەن. ئۇنىڭ بىر تەرىپى — خەلق ۋە خەلقپەرۋەر ھاكىمىيەت پەن - تېخنىكا ۋە مەدەنى-يەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىدىكى ئۈمىدىنى ئاشۇ زىيالىيلارغا باغلاپ، ئۇلارنى ئەتىۋارلاش ۋە ھۆرمەتلەش نەزەرى بىلەن كۆزىتىپ تۇرىدىكەن. ناۋادا، زىيالىيلار خەلقنىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىقالمىسا خەلق ئۇلاردىن رەنجىيدىكەن. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەت ۋە خەلقنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ كۈنۈپ قالغان پارازىت قارا كۈچلەر خەلقنىڭ زىيالىيلارغا بولغان ھۆرمەت، ئېتىقادىدىن پايدىلە-نىپ، ئاشۇ زىيالىيلارنى خۇددى ئات - ئۇلاقنىڭ بېشىغا سا-

لىدىغان نوقتا، بۇرنىدىن ئۆتكۈزىدىغان چۈلۈك ئورنىدا ئىشلىتىپ شۇ ئارقىلىق خەلقنى بىردە ئالداپ، بىردە قورقۇتۇپ ئىدارە قىلىشنىڭ ۋاستىسى قىلىپ پايدىلىنىش نەزەرى بىلەن كۆزىتىپ تۇرىدىكەن. قاچانكى زىيالىيلار ئۇلارنىڭ دىتىغا باقماي قالسا ھەر خىل باھانىلەر بىلەن يوقىتىشقا تەييار تۇرىدىكەن. بۇنداق بولغاندا مەيلى قايسى تەرەپتىن بىرەر «شامال» چىقسا ئاۋۋال زىيالىيلارنىڭ «بۆكى»نى ئۇچۇرۇۋېتىدىغان ھالەت ھامان مەۋجۇت ئىكەن. بۇنىڭ دەلىلى ئۈچۈن مۇنداق بىر پاكىتنى كۆرۈپ ئۆتەيلى.

شىڭ شىسەي ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىشى بىلەن خەلققە ياخشىچاق بولۇپ كۆرۈنۈش مەقسىتىدە مائارىپ تەرەققىياتىغا يول قويغاندەك كۆرۈنۈش قىلىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز تىل ـ يېزىقىدا ئوقۇتىدىغان مەكتەپلەرنىڭ ئېچىلىشىغا يول قويدى، بىر بۆلەك ياشلارنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىرىپ ئوقۇتتى. مانا شۇ پۇرسەتتە قەشقەردە تۇرۇشلۇق دىۋىزىيە كوماندىرى مەھمۇد مۇھىدى، كارخانىچىلاردىن ھۇسەنباي... قاتارلىق مەرىپەتپەرۋەر بايلارمۇ بىر قىسىم ياشلارنى چەت ئەلگە چىقىرىپ ئوقۇتتى. شىنجاڭ دائىرىسى ئىچىدىمۇ مەكتەپ ئېچىپ تەربىيەلىدى. ھەر ئىككىلا تەرەپنىڭ ئۆز ئالدىغا مۇددىئاسى بار ئىدى. بۇ ياشلار ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ مەكتەپ پۈتكۈزۈپ ھەر ساھەلەر بويىچە خىزمەت ئىشلىدى. شىنجاڭنىڭ تەرەققىيات يولىدا مەلۇم ياخشى باشلىنىش بولدى. يۇقىرىقى زىيالىيلار ئۆز كەسپلىرىنى ئىشلەش بىلەن بىللە، خەلق ئارىسىدا ئويغىتىش رولىنى ئوينىدى. خەلقنىڭ ئويغىنىشى شىڭ شىسەينىڭ چىرىك ھاكىمىيىتى ئۈچۈن پايدىسىز ئىدى. شۇڭا شىڭ شىسەي بىردىنلا كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەن 330 نەچچە زىيالىينىڭ 200 نەچچىسىنى ئۆلتۈردى. ئاز بىر قىسمىنى تەقىپ ئاستىدا ئىشلەتكەن بولسىمۇ، خىلمۇخىل چەكلىمىلەرنى قويغانىنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ ئارىسىغا «تىڭ ـ تىڭچى»، «قۇلاق» دېگەنلەرنى كىرگۈزگەن بولغاچقا، زىيالىيلار ئاشۇ تار دائىرىدىلا ھەرىكەت قىلىپ، بۆسۈش خاراكتېرلىك پىكىر قىلىش دېگەنلەرنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدىغان پالەچ ھالەتتە تۇرۇپ قالدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن زىيالىيلار خىلمۇخىل بويۇنتۇرۇقلاردىن قۇتۇلغان بولسىمۇ، ئاجىز ئىقتىساد ئۈستىگە قۇرۇلۇۋاتقان سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش مەزگىلىدىكى جىددىيچىلىك، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» داۋامىدىكى مالىمانچىلىق، ئۇزاق مۇددەتلىك بېكىنمە ھالەت مەزگىللىرىدىكى زىيالىيلار قوشۇنىنىڭ يېتىلىشى ناھايىتى ئاستا بولدى. «ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، دۇنياغا يۈزلىنىش»دىن ئىبارەت يېڭى سىياسەت زىيالىيلارنى ئۆزىگە لايىق قەدىرلەپ، ئۆگىنىش، كەسپىيات ئىشلىرى ئۈچۈن تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان ياخشى پۇرسەت بىلەن تەمىنلىدى. ئومۇملۇقتىن قارىغاندا، نۇرغۇن ياشلىرىمىز بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئۆگىنىپ ھەر ساھەلەر بويىچە يېتىلىپ ھەتتا يېڭىلىقلارنى ياراتتى. زىيالىيلارنىڭ سانى كۈندىن ـ كۈنگە ئاشماقتا، ئالىم، پروفېسسور... دېگەن ناملارنى ئاڭلاپ كۆڭۈل توق تۇرىدىغان بولدى. بىراق شۇ ناملارغا لايىق ساپانىڭ يېتىلىشىدە مەلۇم نۇقسانلار ساقلانغاندەك قىلىدۇ. مەلۇم بولۇشىچە ھەر خىل ئۇنۋانلارغا ئىگە بولغانلارنىڭ ئارىسىدا ئۆزىنىڭ كەسپىگە ئائىت بىرەر ئىلمىي ماقالە يېزىش تەلەپ قىلىنسا، ئۆزلىرى يازالماي باشقىلارغا يازغۇزىدىغان ياكى يازغان ماقالىسى تەلەپكە لايىق بولمىسا «ئارقا ئىشىك» ئارقىلىق ئېلان قىلدۇرىدىغان ئەھۋاللارمۇ بايقىلىپ قالغان. بۇ ئەلۋەتتە كۆپ ئەمەس. ھەر قانچە ئاز دېگەندىمۇ بۇنداق ئەھۋاللار كۆرۈلمەسلىكى كېرەك ئىدى. چۈنكى «بىر تال ماياق بىر قېرىن مايىنى سېسىتىدۇ» دېگەندەك بۇ خىل ساختىپەزلىك پۈتۈن زىيالىيلار قوشۇنىنى چىرىتىپ، زىيالىيلارنىڭ خەلق ئارىسىدىكى ئىناۋىتىنى پەسلەشتۈرۈپ، ئىشەنچىنى يوقىتىدۇ. بۇ ھال ھازىر سىر ئەمەس، بەلكى ئاشكارا ئىش بولۇپ، كىشىلەرمۇ بۇنىڭغا پەرۋا قىلمايدىغان بولۇپ قالدى.

مەن بىر قاتار كۆزىتىشلەر ئارقىلىق، زىيالىيلىرىمىزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلقىمىز ئارىسىدا، ئەتراپىمىزدا يۈز بېرىۋاتقان خېلى كۆپ بولمىغۇر ئىشلارغا نىسبەتەن «كىچىك ئىشلار» دەپ سەل قارايدىغان، «قىسمەن ئىشلار» دەپ ئېتىبار قىلمايدىغان بىپەرۋالىقتىن ئىبارەت نۇقسانىمىز خۇددى ساقايماس كېسەلدەك ئۈزۈلمەي داۋام قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. تۆۋەندە ئاشۇ «كىچىك ئىشلار»دىن مىسال:

تارىخىمىزدىكى قەھرىمان قىزىمىز شەپقەت ھەمشىرىسى رىزۋانگۈل ھاشىمنىڭ سۈرىتىنى تونۇشتۇرۇشتىكى ئوخشىماسلىقلارنى ئېنىقلاش مەقسىتىدە ئۈرۈمچى، غۇلجا، سۈيدۈڭ قاتارلىق جايلاردىكى شۇ دەۋر شاھىدلىرىدىن ئەھۋال ئىگىلەش داۋامىدا تۆۋەندىكىدەك «كىچىك ئىشلار»دىن بىر قانچىسىنى ئۇچراتتىم.

www.uyghurkitap.com

غۇلجا شەھىرىنىڭ قۇدۇق مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق سەدىردىن ئاكىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ رىزۋانگۈل ھەم شۇ سۈرەتتىكى ھەمشىرە قىزلارنى تونۇپ بېرىشنى ئۆتۈندۈم. سەدىردىن ئاكا 80 ياشلارغا كىرىپ قالغان ئاقساقال بولسىمۇ زېھنى ئوچۇق، ئۆزى تېتىك ئادەم ئىكەن. بۇ كىشى دەسلەپتە بىر قاتار ۋەقەلەرنى ئەسلەپ ئۆتكەندىن كېيىن رىزۋانگۈل ھەققىدە توختىلىپ، رىزۋانگۈلنى پەقەت ئىككى قېتىم كۆرگەنلىكى، يەنى تۇنجى قېتىم رىزۋانگۈل قۇربان بولۇشتىن بىر كۈن ئاۋۋال، 2 - قېتىم يەنى شۇ كۈننىڭ ئەتىسى رىزۋانگۈل قۇربان بولغان جايدىكى قانغا مىلەنگەن جەسىتىنى كۆرگەنلىكىنى سۆزلەپ بولۇپ، ئۇچراشقان ۋاقتى قىسقا بولغانلىقى ئۈستىگە ئارىدا نۇرغۇن يىللار ئۆتۈپ كەتكەن بولغاچقا، سۈرەتنى تونۇپ بېرەلمەيدىغانلىقىنى تولىمۇ ئەپسۇسلۇق ھالدا چۈشەندۈردى. ئاندىن نېمىشقىدۇر سەل جىددىيلىشىپ ئىشكاپىدىن «ئىنقىلابىي قۇربانلار ئەسلىمىسى» دېگەن كىتابنى ئېلىپ، ئۇنىڭدىكى «غەنى كەرىموف» دەپ تونۇشتۇرۇلغان سۈرەتنى كۆرسىتىپ، سۈرەتتىكى كىشى غەنى كەرىموف ئەمەس، پولكوۋنىك سەيدەھرەم ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئاندىن كېيىن «ئۈمىد يۇلتۇزى» دېگەن كىتابتىكى چۈشەندۈرۈشتە غەنى كەرىموف بىلەن ئوسمانجان ناسىرنىڭ سۈرىتى ئالمىشىپ قالغانلىقىنى ئېيتتى (غەنى كەرىموفنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىدىن مەرھۇم ھۆرىيە ھەدە، ئابدۇراخمان ئاكىلارمۇ سۈرەتنى خاتا تونۇشتۇرغانلىقىنى ئېيتقانىدى) سەدىردىن ئاكا يۇقىرىقى كىتابتا «ئىلى مەكتەپىنىڭ قۇرغۇچىسى ھۈسەيىن بەگ يۇنۇسوف» دەپ تونۇشتۇرۇلغان سۈرەتنى كۆرسىتىپ، بۇ سۈرەتتىكى كىشى ھۈسەيىنبەگ يۇنۇسوف ئەمەس، ھۈسەيىنبەگ ماشىنا ۋەقەسىدە ۋاپات بولۇپ، ئارىدا خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئايالى زۆھرە خانىم بىلەن نىكاھلانغان خوتەنلىك زىيالىي تۇرسۇن ئەپەندىم ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ «بىز ئەجدادلىرىمىزغا مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلساق قانداق بولىدۇ...» دەپ تولىمۇ بىئارام بولۇپ كەتتى. سەدىردىن ئاكا ئۇ كىشىلەر بىلەن بىر مەھەللىلىك بولۇپ، شۇ كىشىلەرنى، شۇ ئىشلارنى بىۋاسىتە كۆرگەن بولغاچقا ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى ئەڭ ئىشەنچلىك پاكىت ئىدى. بىراق، بۇ سۈرەت كېيىنكى ۋاقىتلاردىمۇ خاتا ھالدا «ھۈسەيىنبەگ يۇنۇسوف» دەپ تونۇشتۇرۇلۇۋاتىدۇ.

شەپقەت ھەمشىرىسى رىزۋانگۈل ھاشىم قاتارلىق سەككىز ھەمشىرە بىلەن چۈشكەن سۈرەتتىكى بىر قىزنى «تۇڭگان قىزى رازىيە» دەپ تونۇشتۇرۇلغانلىقى ھەم كىشىلەر ئاغزىدا «رازىيە غۇلجا شەھەر تۆپەدەڭ مەھەللىسىدىكى باگى تۇڭگانىنىڭ قىزى» دېگەن گەپ بويىچە شۇ مەھەللىدىكى يېشى چوڭ تۇڭگانلاردىن سۈرۈشتە قىلدىم. بىراق ئۇلار رازىيەنىڭ نامىنىمۇ بىلمەيدىكەن. شۇنداق بولسىمۇ داۋاملىق سۈرۈشتۈرۈپ، غۇلجا شەھەرلىك باج ئىدارىسىدا مەسئۇل خىزمەت ئىشلەپ پېنسىيەگە چىققان مۇسا ئاكا بىلەن ئۇچراشتىم. بۇ كىشى ئۇيغۇر تىلىنى ناھايىتى راۋان سۆزلەيدىكەن. ئۇ مەقسىتىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئېغىر خۇرسىنىپ قويۇپ، تۇڭگانلار بۇ قەھرىمان قىزى بىلەن پەخىرلىنىشنىڭ ئەكسىچە شۇ يىللاردا «ياخشى قىز بولسا پارتىزانلارنىڭ (ئەرلەرنىڭ دېمەكچى) ئارىسىدا يۈرەتتىمۇ» دەپ ئەيىبلىگەن. بۇ سۆزنىڭ پەيدا بولۇشى تۇڭگانلار ئارىسىدىكى «قىزلار تالا تۈزدە يۈرسە ھاياسىزلىق بولىدۇ» دېگەن خاتا قاراشتىن كېلىپ چىققانلىقى ئېنىق. مەن ئۇ قىز توغرىسىدا ئاڭلىغان، لېكىن كۆرمىگەن. ئەپسۇس! مەن شۇ چاغلاردا سۈرۈشتۈرگەن بولسام بوپتىكەن، راستىنى دېسەم مەن خىجىل بولۇۋاتىمەن. تۇڭگانلاردىن بىرەر كىشى بۇ ھەقتە ئىزدەنمىدى، ئۇنتۇپ كەتتى. مەن ئەمدى بولسىمۇ سۈرۈشتۈرۈپ كۆرەي، ئېھتىمال تۇڭگان پولكىدا ئىزۋود كوماندىرى بولغان دەن دەنزە (ئىسمى ئەمەس لەقىمى) بىلىشى مۇمكىن، ئازراقلا ئۇچۇرغا ئىگە بولسام سىزگە خەۋەر قىلىمەن، دېگەنلەرنى ئېيتقانىدى، لېكىن خەۋەر بەرمىدى، قارىغاندا دەن دەنزىمۇ بىلمىسە كېرەك.

قەھرىمان تۇڭگان قىزى رازىيەنىڭ تىلغا ئېلىنىشى مۇنداق بولغانىكەن. مەرھۇم زۇنۇن قادىرى ئاكا «شەپقەت ھەمشىرىسى رىزۋانگۈل» تېمىلىق ئوچېرىكىنى يېزىۋاتقاندا تاسادىپىي كېلىپ قالغان ئەخمەت ئەپەندىم ئوچېرىكنى بىر قۇر كۆرۈپ چىقىپ، «بۇ جەڭدە قۇربان بولغانلار يالغۇز ئۇيغۇر قىزلىرىلا ئەمەس، يازغۇچى ئەتىراپلىق ئويلىنىشى لازىم» دېگەندىن كېيىن زۇنۇن قادىرى شۇ يەردىلا «بۇ قېتىملىق جەڭدە تۇڭگان قىزى رازىيەمۇ قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى» دېگەن بىر جۈملە سۆزنى يازىدۇ، شۇنىڭ بىلەن رازىيەنىڭ نامى خەلققە تونۇلىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ھاياتىي پائالىيەتلىرى ۋە سۈرىتى توغرىسىدا تا ھازىرغىچە ھېچقانداق مەلۇمات يوق.

شەپقەت ھەمشىرىسى رىزۋانگۈل ھاشىمنىڭ ئەھۋالىمۇ رازىيەگە ئوخشىشىپ قالىدۇ. ھېلىمۇ ياخشى زۇنۇن قادىر

ئاكىمىز رىزۋانگۈل ھەققىدە يۇقىرىقى ئۇچېرىكنى يازغانكەن. گەرچە بۇ ئۇچېرىك رىزۋانگۈلنىڭ پۈتۈن ھاياتىي پائالىيەتلىرىنى يورۇتۇپ بېرەلمىسىمۇ، رىزۋانگۈلنى خەلققە تونۇتتى. شۇنداقلا بىز ئۈچۈن رىزۋانگۈل ھەققىدىكى مۇھىم ماتېرىيال بولۇپ كەلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن خېلى كۆپ قەلەمكەشلەر رىزۋانگۈل ھەققىدە كۆپ ئىزدەنگەن بولسىمۇ، قانائەتلەنگىدەك بىرەر ئەسەر يازالمىدى.

ئەگەر شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە بىرەر كىشى بۇ ھەقتە ئويلانغان بولسا رىزۋانگۈلنىڭ ئاتىسى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، بىللە جەڭ قىلغان سەپداشلىرى ھايات، جەڭ مەيدانلىرى ئەينەن بولغاچقا ۋەقەلىك تولۇق، بايان قىلىش ئاسان بولاتتى. شۇنچە ئاسان ئىشقا سەل قارىلىپ ۋاقتىدا ئىشلەنمىگەچكە، رىزۋانگۈل ھەققىدىكى چۈشەنچىمىز يۈزە بولۇپ كەلدى، ھەتتا ئارىدا ئۆتكەن 60 يىل داۋامىدا رىزۋانگۈلنىڭ سۈرىتىنىمۇ ئېنىق تونۇيالمىدۇق. بۇ، تولىمۇ ئېچىنارلىق ئىش بولغانىدى. ھېلىمۇ ياخشى 2010 - يىلى، شۇ دەۋرنىڭ شاھىدى بولغان مۇزەپپەر ئابدۇللا ئاكا 80 ياشقا ئۇلاشقاندا «ئازادلىق جەڭچىسى رىزۋانگۈل» ناملىق كىتابنى يېزىپ رىزۋانگۈلنىڭ ھاياتىي پائالىيەتلىرىنى پاكىتلار بىلەن يورۇتۇپ بېرىپ، ئاستا - ئاستا ئۇنتۇلۇشقا يۈزلەنگەن قەھرىمان قىزىمىز رىزۋانگۈلگە قايتىدىن مەنىۋى ھايات ئاتا قىلدى، لېكىن بۇ ئىش تولىمۇ قىيىنغا توختىغاندەك، ۋەقەلىك يۈزدە - يۈز تولۇق بولۇشىمۇ ناتايىن. بۇ ھەقتە كىتابنىڭ ئاپتورى ئۆز كىتابىغا باھا بېرىپ، «مېنىڭ يازغانلىرىم رىزۋانگۈلنىڭ جەڭگىۋار ھاياتىنىڭ ھەممىسىمۇ ئەمەس، بەلكى مەن بىلىدىغان بىر قىسمىدىنلا ئىبارەت» دەيدۇ.

«كېيىن قالغان ئىشقا قار ياغىدۇ» دېگەن تەمسىل بار. باشقىلارنىڭ كېيىن قالغان ئىشىغا قار ياغسىمۇ، بىزنىڭ كېيىن قالغان ئىشىمىزغا ئاسان ئېرىمەيدىغان مۇز توڭلاپ كېتىدىكەن.

يۇقىرىقى مىساللار گەرچە چوڭ ئىشلار بولمىسىمۇ، ھەرقانداق ئىشنى كىچىك كۆرمەي ئۆز ۋاقتىدا بېجىرسە قانداق بولىدۇ؟ «كىچىك ئىش» دەپ سەل قاراپ ئارقىغا تاشلىسا قانداق بولىدۇ؟ زىيالىيلار مەسئۇلىيەتنى تولۇق تونۇماي بىپەرۋالىق قىلسا قانداق بولىدۇ؟ مەسئۇلىيەتچان زېرەك زىيالىيلار قانداق بولىدۇ؟ دېگەن سوئاللارغا جاۋاب بولۇشى بىلەن بىللە، ئۆز ۋاقتىدا بېجىرىلگەن ئىش، دېيىلگەن بىر ئېغىز سۆز، يېزىلغان نەچچە قۇر خەتنىڭ قىممىتى قانچىلىك زور بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

تۆۋەندە «قىسمەن ئەھۋال» دەپ سەل قارايدىغان نۇقسانلىرىمىز سەۋەبلىك يۈز بېرىۋاتقان بولمىغۇر ئىشلارغا نەزەر سېلىپ ئۆتەيلى.

خەلق ئىچىدە شۇنداقلا زىيالىيلار ئارىسىدىمۇ خېلى ئۇزاقتىن داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان مۇنداق بىر «قىسمەن» يامان ئادەت بار:

مەيلى قايسى ساھەدىن بولسۇن بىرەر كىشى ئۆز تۆھپىسى بىلەن تونۇلۇشقا ئەگىشىپ يەنە بىرلىرى ھەسەتخورلۇقتىن ياكى شەخسىي زىددىيەت تۈپەيلى ئۆسەك سۆز تارقىتىپ، خۇپىيانە سۇيىقەست قىلىشقا ئالدىرايدۇ. ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى دەرھال دوست تارتىشىپ بىر - بىرىگە «خۇش خەۋەر» يەتكۈزىدۇ. يەنە بىر بۆلەك كىشىلەر ئىشنىڭ تېگى - تەكتىنى سۈرۈشتۈرۈش دېگەنلەرنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەي پىتنە - پاساتلارغا ئاكتىپ قاتنىشىپ غەيۋەت دولقۇنىنى ئەۋجىگە چىقىرىپ، ئەمدىلا تونۇلغان ياكى مەلۇم بىر ئىشنى باشلىغان كىشىنىڭ تۆھپىسىدىن نۇقسانلىرى ئاشۇرۇۋېتىلىپ ئۇنىڭ باشلىغان ئىشلىرىغا توسقۇنلۇق قىلىشىدۇ. قارىغاندا بۇ خىل «كېسەلنىڭ يىلتىزى» خېلى چوڭقۇردەك قىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئۆتمۈشىمىزگە نەزەر سالساق، ل. مۇتەللىپ توغرىسىدا «ل. مۇتەللىپ گومىنداڭ چۆ فىنبۇسىنىڭ سېكرېتارى بولغان» (گومىنداڭ فىرقىسى رايونلۇق شۆبىسىنىڭ سېكرېتارى بولغان) «ل. مۇتەللىپ قولغا ئېلىنىپ سوراق قىلىنغاندا 40 مېتىر يىراق يەردىن ئۆمىلەپ كېلىپ سوراقچىنىڭ پاقالچىقىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ يالۋۇرغان». «ل. مۇتەللىپ سوراق قىلىنغاندا ئىشتانىغا چىقىرىۋەتكەن» دېگەندەك پىتنە پاساتلارنى تارقىتىشتىن نومۇس قىلمىدى. بۇ خىل پىتنە - پاساتلارنىڭ بەدبۇي ھىدى ھازىرمۇ تولۇق يوقالمىدى. بۇ يەردە شۇنداق سوئاللارنى قويۇش زۆرۈر بولدى. ئەجەبا، بۇ خىل پىتنە - پاساتچىلار ئاشۇ گەپلىرىنى نېمە ئۈچۈن ئوچۇق سورۇندا دېمەيدۇ؟ نېمە ئۈچۈن مەتبۇئات يۈزىدە ئېلان قىلمايدۇ؟

ل. مۇتەللىپ شىڭ شىسەي تەرىپىدىن ئاقسۇغا سۈرگۈن قىلىندى. ئۇ يىللاردا شىڭ شىسەي گومىنداڭنى قايرىپ قويۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قۇيرۇق شىپاڭشىتىپ يۈرگەن چاغلار ئىدى. ئۇنداق ئىكەن گومىنداڭ فىرقىسىنىڭ شىنجاڭدىكى تەسىرى قانچىلىك بولىدۇ، ئۆزىنى كۆرمىگەن گومىنداڭغا ل. مۇتەللىپ شۇ دەرىجىدە چوقۇنۇشى مۇمكىنمۇ؟ ئەگەر شىڭ شىسەي ئاغدۇرۇلۇپ ۋۇ جۇڭشىن

www.uyghurkitap.com

شىنجاڭغا كەلگەندە شۇنداق بولدى دېيىلسە، ئۇ شىنجاڭغا كېلىپ ئۆزىنى ئۇ كىشىچە ئىنقىلاب پارتلاپ، ئارانلا توققۇز ئاي تۇرالىغاندىن كېيىن ئىچكىرىگە تىكىۋەتتى. ھالبۇكى ل. مۇتەللىپ يۇقىرىقى مەنسەپكە شۇنچە تېز ئېرىشەرمۇ؟ ئەگەر «راست شۇنداق ئىدى» دېگۈچىلەر بولسا پاكىتى قېنى؟ ل. مۇتەللىپ دەل ئاشۇ گومىنداڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى ئىنقىلابىي ھەرىكەتنىڭ ئاكتىپ باشلامچىسى تۇرۇقلۇق، دۈشمەن تەرەپنىڭ ئاشۇنداق مەنسەپلىرىنى قوبۇل قىلىشى مۇمكىنمۇ؟ گومىنداڭ ئۇنىڭغا ئىشىنىپ مەنسەپ بېرەمدۇ؟

گۇناھكارنى 40 مېتىر يىراق تۇرغۇزۇپ قويۇپ سوراق قىلىدىغان سوراقخانىمۇ بولغانمۇ؟

ل. مۇتەللىپ «ئىشتانغا چىقىرىۋەتكەن» ئاشۇ مىنۇتلاردا كىملەر ئىشتاننىڭ ئىچىگە قاراپ باققاندۇ ياكى تۇتۇپ بېقىپتىمۇ؟

يۇقىرىقىدەك پىتنە - پاساتتىن ئىبارەت «كەشپىيات»نىڭ ئاپتورلىرى ئىككى خىل بولىدۇ. ئۇنىڭ بىر خىلى ھەسەتخورلار، يەنە بىر خىلى كىملەرگىدۇر يان بېسىپ ئاز - تولا مەنپەئەتكە ئېرىشمەكچى بولغان پۇرسەتپەرەسلەردۇر. بۇ خىل كىشىلەر ھەر قانچە بىلىملىك بولسۇن، ھەر قانچە يۇقىرى ئىقتىدار ئىگىسى بولسۇن، ئۇلارنى خەلقنىڭ زىيالىيسى دېگىلى بولمايدۇ. بەلكى ھەقىقەتكە ئاسىيلىق قىلغان خىيانەتكارلاردۇر.

ئالدىمىزدا ئۆتكەن ئۆتمۈشىمىزگە نەزەر سالساق، زىيالىيلىرىمىز ئارىسىدا ئۆزلىرىنىڭ ماھىيىتىگە يات بولغان تۇراقسىزلىقتىن ئىبارەت «قىسمەن» ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلدى. بۇ ھەقتە پاكىت كۆرسىتىشتىن ئاۋۋال مۇنداق بىر رېئاللىقنى تونۇپ ئۆتۈشكە توغرا كەلدى.

جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇئەييەن قانۇنىيىتى بولىدۇ. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، تەرەققىياتنىڭ ئىلگىرى سۈرۈلۈشى — ماكان، مۇھىت، ئاڭ، ئېھتىياج، قابىلىيەت قاتارلىق كۆپ تەرەپلەر كۆزدە تۇتۇلۇپ تۈزۈلگەن پىلان، چىقىرىلغان قارارلار ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. لېكىن بۇنداق پىلانلارنى تۈزۈپ قارار چىقارغۇچىلارنىڭ ھەممىسى، ھەممە ساھەلەرنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى تولۇق بىلىپ كېتىشى ناتايىن. شۇ سەۋەبلىك خاتالىق يۈز بېرىپ، خەلق مەنپەئەتى زىيانغا ئۇچرايدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا قانۇنىيەتنى بىلىدىغان زىيالىيلار ئوتتۇرىغا چىقىپ خاتالىقنىڭ ئالدىنى ئېلىپ قالالىسا خەلق مەنپەئەتى قوغدىلىپ قالىدۇ. بىراق بىزنىڭ زىيالىيلىرىمىز دەل مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتلەردە ئاسانلا مۇنداق ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈپ قالىدۇ. يەنى، بىر قىسىم زىيالىيلار ئۆز ماھىيىتى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، خاتا قارار چىقارغۇچىلارغا قارشى مەيداندا تۇرۇپ، خاتالىقنى تۈزىتىش ھەققىدىكى پىكىر - تەكلىپلىرىنى قويغانلىقى ئۈچۈن، ئاق بىلەن قارىنى بىلىپ كېتەلمەيدىغان مەلۇم باشلىقلار تەرىپىدىن ئەيىبلەنسە، دەل مۇشۇ پەيتتە بىر قىسىم زىيالىيلار دەرھال باشقا «رەڭ»گە كىرىۋېلىپ، قانۇنىيەتنى بىلىپ تۇرسىمۇ ئۇنىڭغا كۆز يۇمۇپ، باشلىقنىڭ بىر ئېغىز سۆزىنى قانۇنىيەتنىڭ ئۈستىگە قويۇپ تۇرۇپ، توغرا پىكىر قىلىنغان زىيالىيلارغا قارىتا «باشلىققا قارشى تۇرغانلىق تەشكىلگە قارشى تۇرغانلىق بولىدۇ، تەشكىلگە قارشى تۇرغانلىق ھۆكۈمەتكە، ھەتتا پارتىيەگە قارشى تۇرغانلىق بولىدۇ...» دېگەندەك بىمەنىلىك بىلەن پىرىنسىپقا كۆتۈرۈپ ئەيىبلەشتە ئاكتىپ رول ئوينايدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىر بۆلەك زىيالىيلار چەتكە قېقىلىپ، رولىنى يوقىتىدۇ.

يۇقىرىقىدەك تۇراقسىزلىق بىلەن ئەسلىي تۈسىنى ئۆزگەرتىۋالغان «بىر قىسىم» زىيالىيلار ئىلىملىك، زىيالىيلىق دېگەنلەردىن پۈتۈنلەي چەتنەپ، بايىقى باشلىقلارنىڭ ئەمەلىيەتتىن يىراق، ئۇنۇمى يوق پىلانلىرىدىكى خىيالىي ئۇتۇقلىرىنىڭ «غورىسى»نى كۆرمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭ مەي بولۇپ پىشقان «مېۋىسى»نىڭ شېرىنلىكىنى بولۇشىغا ماختايدۇ. بۇنداق زىيالىيلارنىڭ ۋۇجۇدى مەۋجۇت بولۇپ تۇرسىمۇ، زىيالىيلىق ماھىيىتى يوقالغان بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن زىيالىيلار قوشۇنى ئىككى تەرەپلىمە يىمىرىلگەن بولىدۇ. شۇڭا بىزنىڭ ئۆتمۈشىمىزدە، بىز ياشاۋاتقان جەمئىيەت خۇددى ھېچقانداق زىرائەت كۆكلىمەيدىغان ئاق تامغا ئوخشاپ قالغان دەۋرلەرمۇ بولۇپ ئۆتتى. بۇنىڭ بىر دەلىلى سۈپىتىدە تۆۋەندىكى رېئال ئۆتمۈشنى قىسقىچە ئەسلەپ ئۆتەيلى.

«خەلق كوممۇناسى» قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە «كوممۇنادا كوممۇنا ئەزالىرى تاماقنى پۇلسىز يەيدۇ» دېگەندەك كۆپ خىل ماختاشلار كۆككە يېتىپ، «خەلق كوممۇناسى» خىيالىي جەننەتكە ئوخشىتىلغانىدى. بۇ ئەخمىقانە خىيالنىڭ ئەمەلگە ئاشمايدىغانلىقىنى ئالدىن بىلىپ يەتكەن بىر بۆلەك زىيالىيلار بۇ ھەقتە توغرا پىكىر قىلغانلىقى ئۈچۈن يۇقىرىقىدەك ئەيىبلىنىپ چەتكە قېقىلدى. ئەگىلىك باشقۇرۇش ھوقۇقى ئاق - قارىنى پەرق قىلالمايد-

غان نادان، قانۇنىيەتكە پەرۋا قىلمايدىغان جاھىل شوئار-
ۋازلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. نەتىجىدە خەلقنىڭ يەر - زېمىن،
مال - مۈلكى ئاساسىغا قۇرۇلغان «خەلق كوممۇناسى»دا
دېھقانلار بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق ئىشلىسىمۇ،
پۈتۈن بېساتىدىن ئايرىلىپ ھەتتا سۇپەتسىز تاماقنىمۇ تويى-
غۇدەك يېيەلمەي ئاچ قالدى. خەلقنىڭ قولىدىن مەجبۇرىي
يىغىپ ئېلىنغان مال - چارۋىنىڭ بىر قىسمى سوغۇقتا
توڭلاپ، بىر قىسمى ئاچ قېلىپ ئۆلدى. تىرىك قالغان مال -
چارۋىنىڭ قانداق ھالدا ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئۆزۈم
كۆرگەن بىر ئەھۋالنى سۆزلەپ ئۆتەي.

ئاشۇ يىللاردا تۇرمۇش بۇيۇملىرى قىسچىلىق بولۇپ
كەتكەنىدى. مەن يېزىدىكى ئۆيىمىزگە بارغان كۈنلەرنىڭ
بىرىدە كوممۇنانىڭ ئاچ قالغان قوزىلىرىدىن يەتتە - سەك-
كىزى يۈگۈرۈشۈپ كىردى. بىز ئۇلارغا ياڭيۇ، پىيازلار-
نىڭ شۆپىكىنى بەردۇق. ئىنى - سىڭىللار قوزىلارنىڭ دۈمە-
بىسىدىكى يېرىم ئاجراپ ساڭگىلاپ قالغان يۇڭلارنى
چىمداپ ئېلىشتى. مەنمۇ بىر تۇتام يۇڭ ئالاي دەپ
تۇتۇپ تارتسام يۇڭ ئاجرىماي بىچارە قوزا ئاچچىق مەرد-
گىنىچە كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. قىلغان ئىشىمغا پۇشايمان قىلىپ
يۇڭنى ئالماي، ئىچىم ئېچىشقان ھالدا قوزىنىڭ بېشىنى
سىلاپ قويۇپ، تالاغا چىقىرىۋەتتىم. قوزىلار ئورۇقلۇقتىن
ئاران ماڭاتتى. ھالبۇكى، شۇ كۈنلەردە يۇقىرىقىدەك مەد-
ھىيەچى زىيالىيلارنىڭ قەلىمىدە يېزىلغان:

«سېمىزلىكتىن ماڭالمايدۇ،
گۆشىمىزنىڭ قويلىرى»

دېگەن ناخشىلىرى سەھنىلەردە ياڭراپ تۇردى.
بۇنداق مىساللارغۇ كۆپ، گەپنى ئۇزارتماسلىق ئۈچۈن بۇ
ھەقتە ئارتۇقچە توختالماي مەنۋىيىتىمىزدىن بىر مىسال
ئالساق، 1960 - يىللاردا «يېڭى يېزىق»قا كۆچۈش مەز-
گىلىدە، كونا يېزىق ئۆگەنگەن مۇتلەق كۆپ كىشىلەر سا-
ۋاتسىز بولۇپ قالدى. شۇ مەزگىلدە يۇقىرىقىدەك «بىر
قىسىم» زىيالىيلىرىمىز ھە دېسىلا «يېڭى يېزىق ئىلغار
يېزىق، كونا يېزىق قالاق يېزىق» دەپ كۆچەپ تەشۋىق
قىلىشقانىدى. 1980 - يىللىرى يېڭى يېزىق ئەمەلدىن قال-
دۇرۇلۇپ، ئۇيغۇر كونا يېزىقى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن مەز-
گىلدە يېڭى يېزىق ئۆگەنگەن يەنە بىر دەۋر كىشىلىرى سا-
ۋاتسىز بولۇپ قالدى. كۈلكىلىك بولغىنى شۇكى، دەسلەپتە
«خەلق كوممۇناسى»نى كۆككە كۆتۈرۈپ ئۇلۇغلىغان ھې-
لىقى «بىر قىسىم» زىيالىيلار «خەلق كوممۇناسى» ئەمەل-
دىن قالدۇرۇلغانلىقىنى «ئاقىلانىلىك» دەپ ئالقىشلىغان-
دەك، يېڭى يېزىق ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ كونا يېزىق
ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندە، كونا يېزىقنىڭ ئەۋزەللىكىنى
سۆزلەپ ئالقىشلاپ، ئۇ قۇتۇپتىن بۇ قۇتۇپقا ئۆتۈۋېلىشتى.
بۇ ھال خۇددى دىن تارىخىمىزدىكى مەزھەپلەر توقۇنۇشى
داۋامىدا بىردە ئۇنداق، بىردە مۇنداق ئۆزگىرىشلەر مەز-
گىلىدىكى ئاكتىپ تەشۋىقاتچى ئىنسانلارنىڭ ۋاھىزلىقىغا
ئوخشايتتى.

يۇقىرىقى مىساللار شۇنى چۈشەندۈرىدۇ: دەۋرنىڭ
ھەر دوقمۇشىدا بىر خىل «رەڭ»گە كىرىۋالىدىغان ھېلىقى-
دەك تۇراقسىز زىيالىيلارنى ناھايىتى ئاز «بىر قىسىم» دې-
گەندىمۇ پۈتۈن زىيالىيلارنىڭ كىشىلەر ئالدىدىكى ئىناۋىتى-
گە ئېغىر ئەكس تەسىر كۆرسىتىدۇ. زىيالىيلار ئارىسىدىكى
ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈش مۇقەررەر ھالدا خەلق ئامىسى-
نىڭ بۆلۈنۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. يەنە شۇنى ئالاھىدە
تەكىتلەش لازىمكى، زىيالىيلار ئارىسىدا بىرلىك بولماي
تۇرۇپ، خەلق بىلەن زىيالىيلار ئوتتۇرىسىدا مۇكەممەل
بىرلىك ئورنىتىش تېخىمۇ مۇمكىن بولمايدۇ.

ھازىرقى ئەھۋالىمىزنى كۆزەتسەڭ، زىيالىيلارنى ئۆز
ئىچىگە ئالغان زامانىمىز كىشىلىرى ئارىسىدا بولىدىغان
گەپ - سۆز ياكى يازما ئەسەرلەردە ھە دېسىلا باشقىلارغا
ئادالەتچىلىك، دىيانەت، ئۆملۈك - ئىتتىپاقلىق ھەققىدە ۋە-
زىخانلىق قىلىپ، ئۆزلىرى ئۇنىڭ ئەكسىچە ئىش كۆرىدى-
غان «قىسمەن» ناچار ئەھۋاللارمۇ مەۋجۇت. بۇنى قوپال-
راق سۆز بىلەن ئېيتقاندا ساختىپەزلىك، كاززاپلىق دېمەي
ئامال يوق. بۇ ھالنى ھەممە كىشىلەر كۆرۈپ، ئاڭلاپ
تۇرغان بولغاچقا ئارتۇقچە توختالماي مۇنداق بىر مىسالنى
كۆرسىتىپ ئۆتەي:

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ قايسى بىر ساندى-
كى «تەپەككۇر مېۋىلىرى» تېمىسىدىكى ئەقلىيە سۆزلەرد-
نىڭ بىرىسىدە «يازمىشلىرىڭنى ئوقۇپ پەرىشتىمىكىن دېگە-
نىدىم، قىلمىشلىرىڭنى كۆرۈپ، ئىبلىسلىقىڭنى بىلدىم»[1]
دەپ يېزىلغانىكەن. مانا بۇ بىر ئېغىز سۆز يۇقىرىقىدەك

---

① بۇ سۆزنى كۆچۈرۈپ يېزىپ قويغان خاتىرە دەپتەرنى يوقىتىپ قويغانلىقىم ئۈچۈن ژۇرنالنىڭ نەق سانىنى كۆرسىتىپ بېرەلمىدىم.

كىشىلەرگە بېرىلگەن تولىمۇ ماھىيەتلىك، ئىخچام باھا بولۇپ، بىزگە مۇنداق بىر ھەقىقەتنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

خەلقنى تەربىيەلەيدىغان زىيالىيلار بولسۇن ياكى خەلققە باشلامچى بولىدىغان يولباشچىلار بولسۇن، ئۆزلىرى دېگەن سۆزىگە ئاۋۋال ئۆزلىرى ئەمەل قىلىشى كېرەك. شۇنداق بولغاندا دېگەن سۆز، يازغان ئەسەرلەرنىڭ تەربىيەۋى ئەھمىيىتى بولىدۇ. سۆز بىر خىل، ئەمەلىيەت يەنە بىر خىل بولسا ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ھەتتا سۆز ئىگىسىدىن يىرگىنىدىغان بولىدۇ. بۇنداق بولغاندا خەلق بىلەن زىيالىيلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىشەنچ سۇسلاپ، ئارىلىق يىراقلايدۇ. خەلقنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمىگەن زىيالىيلار قوشۇنى ئەسكىرىدىن ئايرىلغان قوماندانغا ئوخشاپ قېلىپ، تىلغا ئالغۇدەك بىرەر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدۇ. خەلق ئاممىسىنىڭ پىكرى بوغۇلۇپ قېلىپ، ئاڭلىق، ئوچۇق پىكىرلىك، دادىل ھەرىكەت قىلالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. جەمئىيەتتىكى جاھىل قارا كۈچلەرنىڭ كۈتكىنىمۇ دەل مۇشۇ بولۇپ قالىدۇ.

زىيالىيلار بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدا مۇستەھكەم بىرلىك بولمىغان جايدا تەرەققىيات، ئۇتۇق دېگەنلەردىن سۆز ئېچىشقا ئورۇن قالمايدۇ. بۇ نۇقتىنى ھازىرقى تەرەققىيات تەلىپى بويىچە سېلىشتۇرۇپ قارىساقمۇ كۆڭۈلنى بىئارام قىلىدىغان ئەمەلىيەتنى كۆرىمىز.

«ھازىرقى دەۋر رىقابەت دەۋرى» دېگەن سۆزنى دائىم ئاڭلاپ تۇرۇۋاتىمىز. بۇ بىر ھەقىقەت. پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت ۋە ئىقتىساد تەرەققىياتىنىڭ سۈرئىتى تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان تېزلىكتە ئىلگىرىلىمەكتە. بۇ ھالنى شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، مەيلى دۇنيا مىقياسىدا بولسۇن ياكى رايونلار ئارا بولۇۋاتقان رىقابەت ھالىتىنى بولسۇن، خۇددى پۈتۈن چەۋەندازلار بەس - بەستە ئىلگىرىلەۋاتقان بەيگە مەيدانىغا ئوخشىتىش مۇمكىن. ئۇنداق ئىكەن، ھەممە چەۋەندازلار ئالدىغا ئۆتۈشكە ئالدىرايدۇ. ھېچكىم ھېچكىمنى ئالدىغا ئۆتكۈزۈشنى ئويلىمايدۇ. ناۋادا بىرەرسى يەنە بىرسىنى «ئالدىغا ئۆتكۈزۈپ قويىمەن» دېسىمۇ ئۇ يالغان. ئەگەر «يېتەكلەپ ماڭىمەن» دېسە، ئۇ ئالدى بىلەن سېنىڭ ئالدىڭغا ئۆتىۋېلىشى كېرەك، سەن يەنىلا ئارقىدا قالىسەن. شۇنى ئېنىق بىلىش لازىمكى، ھازىرقى تەرەققىيات تەلىپىدىن قارىغاندا، ھازىرقى ھالەتنى ساقلاپ تۇرۇشى ئەمەس، ئارقىدىن ئەگىشىپ مېڭىشمۇ قالاقلىق ھېسابلىنىدۇ. ئۇنداق ئىكەن تەلەپكە لايىق ئىلگىرىلەش ئۈچۈن پەقەت ئۆز كۈچۈڭگە تايىنىشىڭ كېرەك. ئۇنداقتا، بۇ كۈچكە قانداق ئېرىشىمىز؟ ئېنىقكى، بىزگە كۈچ - قۇۋۋەت بېرىدىغان بىردىنبىر مەنبە خەلق بىلەن زىيالىيلار ئوتتۇرىسىدىكى بىرلىك. بۇ بىرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى يۇقىرقىدەك نۇقسانلارنى تۈزىتىش. بۇنىڭ ئۈچۈن زىيالىيلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن خەلق ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلىپ، مەيلى ئۇ ئاتا ياكى بالا بولسۇن، ئەمەلدار ياكى پۇقرا بولسۇن، چوڭ بولسۇن ياكى كىچىك بولسۇن، ھېچقانداق يۈز قارىماي دەل ۋاقتىدا رەھىمسىزلىك بىلەن ئوت ئېچىپ چەكلەش زۆرۈر بولۇپ قالدى. بۇنداق ئورتاق تونۇشنى ئومۇملاشتۇرۇش يولىدا ئۆلگە كۆرسىتىدىغان ئۈرنەك، ئۆگىتىدىغان ئۇستاز، يول كۆرسىتىدىغان باشلامچى يەنىلا زىيالىيلار قوشۇنىدۇر. دېمەك، خەلقنىڭ يۆلەنچۈكى، ئۈمىدى، ئىشەنچىسى ئەنە شۇ زىيالىيلار قوشۇنى. ئۇنداق ئىكەن زىيالىيلار ئۆز بۇرچىنى ئېنىق تونۇپ، توغرا مۇددىئا بىلەن ئىزچىل كۈرەش قىلىدىغان ئىرادە تىكلىسە، شۇنداقلا خەلقىمىزمۇ زىيالىيلارنى ئاڭلىق ھالدا قوللاشنى، ئەگىشىپ مېڭىشنى، قەدىرلەشنى، زۆرۈر بولغاندا جان تىكىپ قوغداشنى ئۆزلىرىنىڭ بۇرچى، دەپ تونۇيدىغان ئاڭنى يېتىلدۈرۈپ، ئىككى تەرەپ تەڭ ماسلىشىپ ماڭىدىغان ھالەت شەكىللەنسە، ھەر ساھە تەرەققىياتىمىز خۇددى ئىككى قانىتىنى كەڭ كېرىپ پەرۋاز قىلىۋاتقان قۇشتەك تېز يۈكسىلىشنىڭ كاپالىتىگە ئىگە بولاتتى.

زىيالىيلار ھەققىدىكى مۇلاھىزە مەن جاۋاب بېرەلەيدىغان يېنىك تېما ئەمەسلىكىنى بىلىپ تۇرساممۇ، كۆزىتىش دائىرەمنىڭ تار بولۇشى، پىكىر قىلىشىمنىڭ يۈزە بولۇشىغا قارىماي، كۆرۈپ ئۆتكەن ئەمەلىيەتتىن ھاسىل قىلغان ئاز - تولا ئوي - پىكرىمنى بايان قىلىپ باقتىم. بۇ تېمىنىڭ ئۆزىگە لايىق يورۇتۇلۇشى يەنىلا زىيالىيلىرىمىزنىڭ دىققەت ئېتىبارىغا باغلىق.

---

ئاپتور: ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى قىبلىتاغ مىللىي مەدەنىيەت يۇرتىدىن (پېنسىيونېر)




### قار مەلىكىگە بەرگەن ئۈنچىلەر

▲ جامائەتكە ئارىلاشمىغان ئادەم قاچان تاڭ ئېتىشىنى بىلمەيدۇ.

▲ ئاشىق دۆم، ئاغرىق ئوڭدا ياتىدۇ.

▲ بۇرۇن دوست - بۇرادەرلەر سەيلى - سەپەردە سىنالسا، هازىر خەجى - خىراجەتتە سىنالماقتا.

▲ هەقىقي دوست ئالدىڭدا ماڭار، ساختا دوست ئارقاڭدا.

▲ سۈزۈك سۇ يەر تۈزەر، لاي سۇ يەر بۇزار.

▲ هەقىقي ئەركەك بىرى ئاياغ بىلەن سۇغا چۈشمەس، يەنە بىرى ئايال كىشى بىلەن دوغا چۈشمەس.

▲ پۇلنىڭ كۈچى بىردەملىك، ئەقىلنىڭ كۈچى هەردەملىك.

**تەپەككۇر دۇنياسى**

▲ تاغ گۈمران بولسا سۇ ئاپىتى، باغ گۈمران بولسا توپا ئاپىتى بولىدۇ.

▲ مۈشۈك غىزا تاپسا كۆزىنى يۇمۇپ، ئىت غىزا تاپسا چىشىنى غۇچۇرلىتىپ يەيدۇ.

▲ تاغ تەشمەكتىن، تارىخ تۈزىمەك تەس.

▲ بىرى ئېتىقادى سۇس (يوق)، يەنە بىرى ئىقتىسادى يوق ئادەم ئەڭ قورقۇنچاق كېلىدۇ.

▲ ئادەملەرنىڭ قانداقلىقىنى بىرى يۇرتىغا بارغاندا، بىرى يۇرتىدىن ئايرىلغاندا بىل.

▲ ئىنسانىيەت ئىختىرا قىلغان نەرسىلەر ئىچىدە ئەڭ گۈزەل هەم ئەڭ پايدىلىق نەرسە پەقەت ۋە پەقەت يولدۇر.

▲ قوشنائىڭغا قاپاق تۈرگىنىڭ دۈشمىنىڭنىڭ قاپقىنىغا چۈشكىنىڭدۇر.

▲ بىراۋنىڭ نالىسىگە ئالدىراپ ئىشىنىپ كەتمە، چۈنكى، تويى بولىۋاتقان قىزمۇ يىغلايدۇ.

▲ بىر نەرسە ئېلىشنى گادايلاردىن، سېتىشنى بايلار-

www.uyghurkitap.com

دىن ئۆگەن.

▲ مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئاتىسى ــ مۇھەببەت، ئانىسى ــ مۇشەققەتتۇر.

▲ تەبىئىي مۇھىت ناچارلاشسا ئۆپكە، ئىجتىمائىي مۇھىت ناچارلاشسا يۈرەك ئېچىشىدۇ.

▲ بويتاقلار يولدا تۇرۇشقا ئامراق، قوشماقلار يول مېڭىشقا.

▲ پۇت ــ ئوقۇتقۇچى، قول ــ ئوقۇغۇچى.

▲ سىز بىرنى سورىسىڭىز ئىككىنى بەرگەن ئادەم سىزنى ياخشى كۆرىدىغان، يېرىمنى بەرگەن ئادەم سىزنى چۈشەنمەيدىغان، ھېچنېمە بەرمىگەن ئادەم سىزگە ئىشەنمەيدىغان ئادەمدۇر.

▲ ئوغۇللار ئۆزى ياخشى كۆرگەن قىزنىڭ ھاجىتىدىن چىقىشنى، قىزلار ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئوغۇللارنىڭ ئۆزىگە ھاجەتمەن بولۇشنى ئويلايدۇ.

▲ ئەخلاقلىق ئادەم مەدھىيەگە، ئەخلاقسىز ئادەم مەسخىرىگە مۇناسىپ.

▲ مۇشۇكۇڭگە نان چايناپ (ئەتىۋالاپ) باقساڭ تۆشۈكىڭگە چاشقان چىچار.

▲ ئاش بەرگەنگە سەن قەرز، مۇش بەرگەن ساڭا قەرز.

▲ ھۆرمەت تاپاي دېسەڭ بىرى ئەقىللىق، يەنە بىرى ئەخلاقلىق بول.

▲ دوستۇڭنىڭ كۆلگىنى كۆڭلۈڭنىڭ تەگكىنى، دۈشمىنىڭنىڭ كۆلگىنى كۈچۈڭنىڭ كەتكىنىدىن.

▲ قىزلار كۆپ يەردە ئىشلىگەن يىگىتنىڭ كىيىمى پاكىز، قىزلار ئاز يەردە ئىشلىگەن يىگىتنىڭ كۆڭلى پاكىز.

▲ مېھمىنى يوقنىڭ مېھمانخانىسى بولماس، مېھمىنى بارنىڭ بالىخانىسى بولماس.

▲ تۇرمۇشتىن ساۋاق شۇكى، يېرىم يالىڭاچ يۈرگەن ئادەمدە بىر «كېسەل» بار.

▲ سىياسەت چىرىك يەردە بىرى باينىڭ قەرزى، بىرى نامراتنىڭ ئەرزى سورالماس.

▲ دۈشمەننى يوقىتىشنىڭ ئۇسۇلى بىرى بارچە دۈشمەننى بىر يەرگە يىغىش، يەنە بىرى ئۇلارنى تەرەپ ـ تەرەپكە بۆلۈشتۇر.

▲ تۇرغاننى ئاتقان مەرگەن ئەمەس، ئۇچقاننى ئاتالىغان ھەقىقىي مەرگەندۇر.

ــ ئابدۇغېنى توختى تۇغرۇلتېكىن

ئاپتور: ئۈرۈمچى تۇغرۇلتېكىن كىتابخانىسىدا.

## تىرەن جەۋھەرلىرى

▲ داڭلىق شەخسلەر پەقەت ئېغىر مەسئۇلىيەتنى ئۆز زىممىسىگە ئالغانلىقى ئۈچۈنلا قەدىرلىكتۇر.

▲ ھەق سۆز ئىناۋەتنى، چوڭچىلىق ئاداۋەتنى كۆپەيتىدۇ.

▲ ھەقىقىي دوستۇڭنى تويدىن كېيىن سىنا.

▲ سېنىڭ بىكار ئۆتكەن بىر كۈنۈڭ، ئەگەر بىلسەڭ بىر كۈنلۈك زىندان كەبى مەھبۇس بولغىنىڭ.

▲ ھەقىقىي دوست ۋە چىن مۇھەببەتكە سالاچى كەتمەيدۇ.

▲ ئادەمنىڭ مەنىۋىيەتتىن چىرىپ ئۆلۈشى، ماددىيەتتىن ئۆلۈشكە قارىغاندا تېزرەك.

▲ تىنىگەن، تەمتىرىگەن ۋاقتىڭدا مەلۇم مۇددىئا بىلەن ئەمەس، بەلكى ساپ دىل بىلەن ياردەم قولىنى سۇنغان ئادەمنى سەنمۇ قەدىرلە.

▲ قىزلارنىڭ ھەقىقىي ئىچكى ۋە تاشقى دۇنياسىنى بىلمەكچى بولساڭ، ياز كەلگەندە قارا.

▲ جايىدا سۈلكەت ــ ئادەمگە سۈپەت.

▲ جىسمىڭلا ئەمەس روھىڭمۇ تەڭ ئىشلىگەندىلا ھەر ئىشتا نەتىجە قازىنالايسەن.

ــ ئابدۇرەھمجان مۇھەممەد تىرەن

ئاپتور: ئاتۇش شەھەر سۇنتاغ يېزا شورۇق كەنتىدە

## مۇھەببەت پۇراپلا تۇرسىكەن زېمىن

▲ ھاياتنىڭ قىرغاقلىرىدا تۇرىمەن. گاھىدا يالىڭاچ كىشىدەك توڭلاپ، گاھىدا تەرلەپ، گاھىدا پىشقان كىشىلەردەك تەمكىن؛ گاھىدا يىغلاڭغۇ بالىدەك تەمترەپ، گاھىدا سۇغا دەسسەپ، گاھىدا داڭگالغا. سەن شۇنداق تەمتىلەپ ھاياتنىڭ داۋانىغا بارغۇچە ھايات دەرھەقىقەتلىرىسىنى سۆرەيدۇ، سەن داۋاندىن چۈشتۈڭمۇ سەن ھەقىقەتنى سۆرەپ ماڭىسەن، بۇ دەل ھەقىقەتكە يەتكەن مەنزىل.

▲ بۇرۇن ھاياتقا نۇرغۇن سوئاللارنى قويىۋاتتىم. ھايات ماڭا نۇرغۇن سوئاللارنى قويىۋاتىدۇ. بىز يىغلاپ، يىغلاپ ماڭاتتۇق. شۇنى ھېس قىلدىمكى، ھاياتقا ھەقىقەتنى سۆزلەپ بەرگۈچىسەن، بىراق ھايات ھەقىقەتنى تونۇتقۇچى بولىدىكەن.

▲ مۇھەببەت ئازابقا ئوخشمايدۇ. مۇھەببەت پۇراپ تۇرغان كوچىلار چۈشكە كىرسكەن دەپ ئارزۇ قىلىدىغان بولدۇم. لېكىن، چۈشۈمدىمۇ ئاچچىق رېئاللىق. ئەسلي مەن ئادەملەر كۆپ جايدا ياشىسا ياخشىمكىن، دەپ خاتا پەرەز قىپتىمەن. مېنىڭ يۇرتۇم ئادەملەر كۆپ جايدا ئەمەس، ئادىمىلىك پۇراق چاچقان جايلارنى خالايدىكەن ئەمەسمۇ!

▲ دۇنيا ئەسلي بىر سىقىم ھەسرەت، سەن ئۇنى تاشلىماي ماڭىسەن. سەن ھەسرەتنى تاشلىۋەتسەڭ خۇشاللىقتىن مەھرۇم بولىسەن. خۇشاللىقنى قۇچاقلاپ ماڭساڭ ھەسرەت ساڭا ھەمراھ بولىدۇ. شۇڭا ئۇ بىر سۆيۈملۈك ھەسرەت.

▲ بىر ئادەم بىر ئادەمنى ھېچنەرسە قىلىۋېتەلمەسلىكى مۇمكىن. لېكىن، كۆرۈنمەس قەلبنى بىر ئۆمۈر كۆمۈۋېتىش، بىر ئۆمۈر يەۋېتىشى مۇمكىن.

▲ ئازابنى سەن ئۆزۈڭ تاپقانلىقىڭ ئۈچۈن ئۆزۈڭ تارتىسەن.

▲ زېمىننىڭ ھەر بىر تامچىسىدا ئالەمچە مېھىر - مۇھەببەتنىڭ سېھرىي كۈچى بار. ھەر بىر تىنىقىمىزدا تەڭرىنىڭ ئۇلۇغ ھىممەتلىرى بار. تەبىئەتنىڭ ھەر بىز ئۆزگىرىشىدە ئىنساننىڭ خۇلقى، خىسلىتى مېھىر - سۆيگۈسى مۇجەسسەم بولغان بولىدۇ. شۇڭا ھېچكىمدىن ھېچنەرسە تىلىمە. تەڭرى ئاتا قىلغان نېمەتلەردىن باشقا ھېچنەرسىگە، مەنىتسىز ئېرىشەلمەيسەن. ھەر بىر ئىنساندا قۇياشنىڭ مېھرى بولىسدى، دۇنيادا نەپرەت ۋە ئۆچلۈك بولمىغان بولاتتى.

▲ سەن باشقىلار ئالدىدا ئۆز خاراكتېرىڭدىن باشقا ھېچنەرسىنى كۆرسىتىپ بېرەلمەيسەن ھەم باشقا نەرسىمۇ تەقدىم قىلالمايسەن.

▲ بۇ دۇنيادا ھېچكىم ھېچكىمگە ھېچنەرسە توغرۇلۇق قەسەم ياكى ۋەدە بېرەلمەيدۇ. بېرەلىگەن تەقدىردىمۇ ھېچنەرسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالماي قېلىشى مۇمكىن. شۇڭا ھاياتتا ھېچكىمگە ھېچنەرسە توغرۇلۇق ۋەدە قەسەم بەرمە. بەزىدە شۇ ئىشلارنىڭ ئەكسى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ياشاش يولۇڭنى تەقدىرگە يانداشتۇرۇپ ماڭساڭ بولىدۇ.

▲ بۈگۈنكى رېئاللىق ئەتىكى ئەسلىمە. شۇڭا، ھەر بىر سۆز ھەر بىر ھەرىكىتىڭگە مەنە بىلەن مۇئامىلە قىل.

**— شەمشىقەمەر ئەبەيدۇللا**

ئاپتور: شىنجاڭ ماارىپ ئىنستىتۇتى قوش تىللىق تەربىيەلىنىش سىنىپىنىڭ كۇرسانتى

### ئىبارىلەرگە يېڭى ئىلاۋە

▲ قەتئىيلىك — توسقۇنلۇقنى ھوشسىزلاندۇرىدىغان ئەڭ زور كۈچ.

▲ ئىشتىياق — زېمىنسىدىكى ۋەزىپىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنداش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ئەڭ مۇھىم خام ئەشيا.

▲ ئۆتۈق — ئۆيىقۇ، ئويۇن - تاماشىنى تەرك قىلىش بەدىلىگە كېلىدىغان شان - شەرەپ.

▲ ئۈمىد — چۈشكۈنلۈك ۋە ئازابنىڭ بىردىنبىر رەقىبى، قىشتا پارلىغان قۇياش، تومۇز ئىسسىقتا ياغقان يامغۇر.

▲ ئۈمىدسىزلىك — ئۈمىدنىڭ ياردار قىياپىتى، قۇياشسىز سەھەر.

▲ ۋاپا — ئاشىق - مەشۇقلار ئۆزلىرىدىن ئايرىمايدىغان ئەڭگۈشتەر.

▲ سەرەڭگە — ئۆزى كىچىك، ئەمما ئاسماننى ئىس - تۈتەككە توشقۇزغۇچى.

▲ قانۇن — دۆلەتنىڭ تۈۋرۈكى، ساختىپەز، ئالدامچى، ئاچ كۆز ئادەملەرگە تەڭلەنگەن خەنجەر.

▲ قانۇننىڭ قۇدرىتى — ئادالەتنىڭ غەلىبىسى.

▲ ئاداۋەت — نادامەت.

▲ بۇزۇقچىلىق — ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدىغان سۇنۇق ئەينەك.

▲ كۆز يېشى — پۇشايماننىڭ ساڭا تۇتقان بىر قەدەھ شارابى.

▲ سەممىيەت — ھۆرمەتنىڭ تۈۋرۈكى، بىر ئادەمنىڭ ئۆزىدىكى خاتالىقنى تونۇش دەرىجىسى.

▲ ھۇرۇن ئادەم — ھوسۇلسىز ئېتىز.

▲ رىقابەت — دەۋر ياشلىرىغا تاشلانغان كىملىك.

▲ كۈتۈش — ۋاقىتنىڭ ئەڭ ئاستا ئۆتىدىغان مەزگىلى.

▲ ھايا — ئىنسانلىق تاج.

▲ ھوقۇق تۇتۇش — تەلپۈنۈپ چىقىپ، تەلمۈرۈپ چۈشىدىغان شوتا.

▲ تەكرارلانغان يول — دۈشمەنگە ئاشكارىلانغان ئاجىزلىق.

▲ زېمىن — ئېچىل داستىخان.

▲ گەپ توشۇغۇچى — يوشۇرۇن بومبا ئورۇنلاشتۇرغۇچى دۈشمەن.

▲ ساختىپەزلىك — رەزىللىكنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى.

▲ بوھتان — يېمىگەن مانتىنىڭ پۇلىنى تۆلەش.

▲ ھېسسىيات — ئادەمنىڭ ئەڭ يامان «شەيتىنى».

▲ يۇرتۋازلىق — بۆلگۈنچىلىكنىڭ ئاساسى.

▲ گىراماتىكا — سۆز - جۈملىلەرنىڭ قېلىپى.

▲ لوگىكا — سۆز - جۈملىلەرنىڭ مېغىزى.

▲ تەبىئەت — سۈكۈت ئىچىدىكى سىر، ئۇيقۇدىكى ساھىبجامال.

▲ پۇرسەت — تالانت ۋە ئىقتىدارنى ئىسپاتلىغۇچى.

▲ بۇزۇپ چاقىرغان ئىسىم — ھۆرمەتنىڭ يوقىلىشى.

▲ پۇشايمان — ئەقىلسىز باشنىڭ ئاچچىق نىداسى.

▲ خۇشاللىق — ئامانەتكە قويۇلغان قايغۇ — ھەسرەتنىڭ ئۆسۈمى.

▲ قانائەت — توكۇرنىڭ پالەچنى كۆرگەن چاغدىكى ھالىتى.

▲ ئىسىم كارتوچكىسى — دۇنيادا راست - يالغاننى ئايرىش قىيىن بولغان ئۆزىنى تونۇشتۇرۇش ئىسپاتى.

▲ ياخشى كۆڭۈل — باغ، ياخشى گەپ — گۈل، ياخشى ئىدىيە — يىلتىز، ياخشى ئىش — مېۋە.

▲ مۇلايىم سۆز — ۋەھشىلەرنى دوستلاشتۇرىدىغان خىسلەتلىك دورا.

**— سىدىق تۇردى**

ئاپتور: قاغىلىق ناھىيەلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىدىن

## تەپەككۇر ئۇچقۇنلىرى

▲ باشقىلارغا «جاپا چەككەنلەر» دەيدىغان ئادەم، بىر بولسا ئەمگەكنىڭ قەدرىنى بىلىدىغان، بىر بولسا جاپانى ئەڭ ئاز چېكىدىغان ئادەم.

▲ ئۆگىنىش مەنىۋى ئوزۇق ئىزلەش جەريانىدۇر، تەپەككۇر قىلىش ئۆگىنىشنى ھەزىم قىلىش جەريانىدۇر.

▲ ئىشلىرىڭ ئەتىگە قاراپ قالسا، پېشانەڭ تەتۈرگە قاراپ قالىدۇ.

▲ تەمەخور دوست مېلىڭگە، خۇشامەتچى دوست ئەمىلىڭگە، ھەقىقىي دوست بىلىمىڭگە ھۆرمەت قىلىدۇ.

▲ سەن ئۇنى يۆلىسەڭ، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ باشقىلارنى يۆلىشكە كۆزلۈك يەتكەن ئادەملەرنى يۆلىسەڭ، ئەمگىكىڭنىڭ ھەقىقىي ئەھمىيىتى بولىدۇ.

▲ مەقسەتتىن ھەرىكەت، بىپەرۋالىقتىن غەپلەت، غەپلەتتىن ھەسرەت تۇغۇلىدۇ.

▲ ھۈنەرۋەنلىرى كۆپ يەرنىڭ ساناڭەتلىشىش يوشۇرۇن كۈچى زور بولىدۇ.

▲ بىلەمسەن، تاشنى تەشكەن سۇنىڭ كۈچى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ سەۋر - تاقىتىدۇر. سەن سەۋر تاقەتنى «تامغان تامچىنىڭ تاشنى تېشىشى»گە ئوخشاتساڭ، ئۇنىڭ ھەقىقىي مەنىسىگە يەتكەن بولىسەن.

▲ ياخشى نامىڭ بولمىغان جايلاردا، ياخشى ئورنۇڭمۇ بولمايدۇ.

▲ كۆڭۈل ئىزلىمە، نىشان ئىزلە.

▲ ئاۋۋال ئۆزۈڭگە ئىشەن، ئاندىن باشقىلارنى چۈشەن.

▲ خاتا قانۇنىيەتنىڭ جازاسىنى تەبىئەت، خاتا قانۇننىڭ جازاسىنى جەمئىيەت بېرىدۇ.

▲ ئەجىرسىز بايلىققا قانچىلىك ئېرىشكەن بولساڭ، شۇنچىلىك خەۋپ - خەتەرگە يولۇققان بولىسەن.

▲ ھەقىقىي كۈچ - قۇدرەت بايلىق بىلەن ئەقلىنىڭ بىر يەرگە جەم بولۇشىدۇر.

▲ ئەخلاقلىق، ئىلىملىك، دىيانەتلىك ياخشى ئادەملەرنىڭ باي بولۇشى، شۇلار ياشاۋاتقان جەمئىيەت ئۈچۈن ئامەت؛ بىلىمسىز، نادان، ئەخلاقسىز، ئىپلاس ئادەملەرنىڭ باي بولۇشى، ئۇلار ياشاۋاتقان جەمئىيەت ئۈچۈن ئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

▲ ئادەملەر ئەڭ ئاز قىلغان ئىشلىرىنى خاتىرىگە، ئەڭ كۆپ قىلغان ئىشلىرىنى قەلبىگە پۈكىدۇ. كۆپ ھاللاردا قەلبىگە پۈككەنلىرى ئۆزى بىلەن كېتىپ، خاتىرىگە پۈتكەنلىرى ساقلىنىپ قالىدۇ. شۇنداق بولغانلىقتىن بەزى تارىخىي خاتالىقلار ئاسانلا يۈز بېرىدۇ.

▲ نەپسانىيەتچى ئادەملەر ئۆزئارا بىرلىككە كېلەلمەيدۇ.

▲ ئۆز پىكرىڭىزنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە تولۇق ئىشەنچ قىلالىساڭ، ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇش جاھىللىق ئەمەس، بەلكى ئاقىللىق بولىدۇ.

▲ مەنپەئەت ئۈچۈن ياشاۋاتقان ئادەملەرنىڭ ھېچقانداق جايدا ئېنىق مەيدانى بولمايدۇ.

▲ مەنئۆيىتى ئۆلگەن ئادەمگە ھېكمەت تەسىر قىلمايدۇ.

▲ ئىنساننىڭ غۇرۇر - پەزىلىتى سۇسلىغانچە نامەرتلىشىدۇ.

▲ يۈزسىز ئادەمدە ئەستايىدىللىق بولمايدۇ، چۈنكى، ئۇ باشقىلارغا يۈز كېلەلمەسلىكنى ئەسلا ئويلاپ قويمايدۇ.

▲ يالغان ئىش، ساختىلىق، ئەقىل ۋە كۈچنىڭ ئەڭ زور ئىسراپ بولۇشىدىن باشقا ئىش ئەمەس.

— مۇھەممەتجان ئابدۇغېنى

ئاپتور: كېرىيە ناھىيەلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىدىن

## مەن ئويلايمەن...

▲ بەزى ئاياللار ئېسىل فار - فور قاچا - قۇچىلارنى سېتىۋېلىپ يىغىدۇ، ئۇلارنى ئېسىل ئىشكاپلارنىڭ ئېگىز جايلىرىغا تىزىپ ساقلايدۇ. ئۇ نەرسىلەرنىڭ ھەر يىلى يېڭىدىن - يېڭىسى چىقىپ تۇرىدۇ. بەزى ئەرلەر ئېسىل ھاراق تاماكىلارنى ساقلاشنى ياخشى كۆرىدۇ. ھاراق - تاماكىلارمۇ يىلدىن - يىلغا يېڭى ماركىلار بىلەن بازارغا سېلىنىدۇ. مېنىڭ تەۋسىيەم: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ ھەممە سانلىرىدىن سېتىۋېلىپ ساقلاپ قويۇڭ. چۈنكى، ئۇنىڭ كونىسىمۇ يېڭى، يېڭىسىمۇ يېڭى، ئېسىلىنىڭمۇ ئېسىلى بۇ ژۇرنالدا.

▲ ئاياللارنىڭ يىغىسى ئەرلەرنى ئويغىتىدۇ، ئەمما ئەرلەرنىڭ يىغىسى ئەل - يۇرتنى ئويلىتىدۇ.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈپ ھەيران قالغان، 2 - قېتىم كۆرۈپ چوڭقۇر تەلقىنلەر قىلغان، 3 - قېتىم كۆرۈپ ئۆز ئىجتىمائىيىتىڭىزدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش يولىنى تاپقاندەك بولغان بولۇشىڭىز مۇمكىن. شۇنداق، مانا بۇ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ قەلب تۆرىمىزدىن تۈۋەنلىمەي قوللاردىن - قوللارغا، يىللاردىن - يىللارغا ئەتىۋارلىنىپ ساقلىنىپ كېلىۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبى.

— روزىمۇھەممەت تۇردى

ئاپتور: يوپۇرغا ناھىيە 3 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىنگلىز تىلى مۇئەللىمى

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ بەزىلەر ماڭا ئازابىنى ئۇنتۇش ئۈچۈن تاتلىق ئۇخلاۋاتقان بەختسىزنى كۆرگىنىڭدە ئۇنى ھەرگىز ئويغاتما، بەختنى چۈشەۋاتقاندۇ، دەيدۇ. مەن ئۇلارغا «مەن ئۇنى ئويغىتىپ بەختنىڭ ھەرىكەت ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىمەن» دەيمەن.

▲ دۇنيا كۆزۈڭگە كەڭرى بولۇپ كۆرۈنگەندىلا، سەن خۇشاللىق ياكى ئازابنىڭ ئەرزىمەسلىكىنى تونۇپ يېتىسەن.

▲ ئەقىل ساڭا كاتتا سېخىيلىق بىلەن چېچىلغان ئۇرۇق، ئەمما ئۇنى بىخلىتىش ياكى تۇنجۇقتۇرۇش سېنىڭ ھىممەت شجائىتىڭگە باغلىق.

▲ تۇندىن قورقىدىغانلار زۇلمەت قوينىدا يورۇقلۇقنى ئۇلۇغلاشنى بىلمىگۈچىلەردۇر.

▲ ئادەم ئۆمرىدە بىر قېتىم بولسىمۇ ئەڭ سەممىيىتى بىلەن ئۆلۈمنى ئېسىگە ئالالىسىلا، باشقىلارغا قىلىدىغان مەككارلىق ۋە قۇۋلۇقتىن ساقلىنالايدۇ.

▲ دۇنيانىڭ غەمكىن سادالىرى تەۋەككۇلچىلىكى بولمىغان ئارىسالدى يۈرەكلەردىن چىقىدۇ.

▲ بۈگۈنكى دەۋر ئۆزىنى كۈچەيتمىگەنلەرنىڭ «مېنىڭ توغرا» دېيىش ھوقۇقى بولمايدۇ.

▲ كىشىلەر بىلەن ئەڭ چاقچاقلىششقا (ئوينىششقا) ئامراق كېلىدىغىنى تارىخ. ئەگەر سەللا بىخۇدلۇق قىلساڭ، ئۇ سېنىڭ يۈرىكىڭنى باشقىلارنىڭ قولىغا تۇتقۇ

www.uyghurkitap.com

زۇپ قويىدۇ.

▲ بىر قوۋمنىڭ تارىخى ئەۋلادلار تۇنجى قېتىم ئاگلىغان ئەللەي (ئەل ئۇچۇن) ناخشىسىنى قانداق تەرىزدە ئاڭلىشى بىلەن باغلانغان بولىدۇ. چۈنكى، ئەللەي ناخشىسىنى ئانا باغرىدىن چىقىرىپ ئېيتمىغان بولسا، ئۇ پەرزەنت تۇنجى زۇلۇمنى ئانىسىغا سالىدۇ، ئەگەر يۈرىكىڭنىڭ قات-قېتىدىن ئېيتقان بولسالا تۇنجى ساداقەتنى خەلقىگە سالىدۇ.

▲ ئادەمنىڭ ئىشىغا ئەمەس، ماھىيىتىگە قاراپ ماختىلىشى، ئادەمنىڭ ئۆزىگە تەئەللۇق ھەقىقىي ئالقىشتۇر.

▲ ئارتۇقچە ماختاش بىلسەڭ سېنى خورلىغانلىق.

▲ مەن بىرمۇ دوستۇمنىڭ بولماسلىقىدىن قورقمايمەن، ئەمما ئۆزۈمنىڭ-ئۆزۈمگە ئۆچ بولۇپ قېلىشىمدىن قورقىمەن.

▲ تىرىكچىلىكنىڭ ماھىيىتى ــ ئۆزىنىڭ ئادەملىكىنىڭ دەرىجىسىنى كامالەتكە يەتكۈزۈشتە.

▲ بۇ دۇنيادا ئادەملەرگە نېمە يېتىشمەيدۇ؟ ھەممىسىدىن ئاۋۋال تاقەت ھەم ئۆزى خالىغىنىدەك ئەركىنلىك.

▲ بۇ دۇنيادا ئادەملەر نېمىنى ئەڭ كۆپ تىللايدۇ؟ شەيتاننى. ئەمما، شەيتاننىڭ «دوستلۇقى»دىن كېچەلمەيدۇ.

▲ گۈزەل ئەخلاق ــ ئاقىلنى ئەخمەقتىن پەرقلەندۈرۈپ بېرىدىغان قورال.

▲ مۇھەببەتنى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن چۈشەنگەن ئادەمگە ئۇ بىر مەنىۋى ئىنقىلاب.

▲ جازالاشقا توغرا كەلسە خاتا يېزىلىق ياراتقان ئادەمنى ئەمەس، يېزىلىق يارىتىش مۇمكىن تۇرۇقلۇق ياراتمىغان ئادەمنى جازالاش كېرەك.

▲ ئادەم ئۆزىنىڭ ئىنسانلىقىنى دوغا تىككىنى ماھىيەتتە ئۆز-ئۆزىگە قاتىللىق قىلغىنى.

▲ روھىي گاسلىقتىن ئېتىقادسىزلىق كېلىپ چىقىدۇ، ئېتىقادسىز ئادەمنىڭ دۇردانە سۆزلىرىدىن ئېتىقادلىق گاچىنىڭ تىلى سۆيۈملۈكتۇر.

▲ ھەر قانداق ئالىمنىڭ ئۆگەنگەنلىرىدە بىرى ئۆز ئېلىگە ساداقەت، يەنە بىرى ئۆز ئىلمىگە ئىخلاس بولمىسا ئۇنىڭ ئاقىۋىتى نادان قۇلدىنمۇ پاجىئەلىك.

ــ نۇرمۇھەممەد ئابدۇۋەلى

ئاپتور: يەكەن ناھىيە تاغارچى يېزا مەركىزىي ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى

(ئاخىرى 54ـ بەتتە)

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2015ـ يىلى 3ـ سان (ئومۇمىي 333ـ سان)
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى
چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر سەنئەت تەتقىقات ئورنى
تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1008-6498
مەملىكەتلىك نومۇرى: CN65-1073/I
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو كىتاب ئىمپورت-ئېكسپورت (گۇرۇھى) باش شىركىتى ئېكسپورت بۆلۈمى
چەت ئەللەرگە قارىتا ۋاكالەت نومۇرى: 6498BM
مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە تارقىتىلىدۇ
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى شىنخۇا جەنۇبىي يولى 11ـ نومۇر ۋەنگو سارىيى 10ـ قەۋەت
پوچتا نومۇرى: 830000 تېلېفون نومۇرى: (0991)2856942
باسقۇچى: «شىنجاڭ گېزىتى» باسما مەركىزى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 22 ـ 58 باھاسى: 8.50 يۈەن

《新疆文化》（维吾尔文）
综合性文学双月刊

主管单位：新疆维吾尔自治区文化厅
主办单位：新疆维吾尔自治区艺术研究所
编辑出版：《新疆文化》杂志编辑部
国际标准刊号：ISSN1008-6498
国内统一刊号：CN65-1073/I
海外发行：中国图书进出口（集团）总公司出口部
代理者地址：中国北京朝阳区工体东路16号
P.O.BOX 88, 16 Gongti East Road, Beijing 100020, China
海外发行代号：6498BM
发行范围：国内外发行
地 址：新疆乌鲁木齐市新华南路11号万国大厦10楼
邮 编：830000 电话：（0991）2856942
印 刷：《新疆日报》印务中心
发 行：乌鲁木齐市邮局
订 阅：全国各地邮局
邮发代号：58-22 定价：8.50元

# بالىلار ئۈچۈن سوققان يۈرەك



**مەرھۇم ئەدىب ئەخمەتجان قۇربان سابىرى ( 2011 — 1960) نى ئەسلەيمىز!**

ئۇ ھايات ۋاقتىدا چوڭلار ۋە بالىلارغا ئاتالغان يەتتە پارچە رومان ۋە ھەر خىل ژانىردىكى بالىلار ئەسەرلىرىدىن 47 پارچە كىتاب نەشر قىلدۇرغان. رومانلىرىدىن «كۆك ئۆستەڭ»، «ئەلقۇتنىڭ ئانا يۇرتىدىكى ساياھىتى»، «چىچەن قوشماقلار»، «مۇقام ۋارىسلىرى»، «ئورمانلىقتىكى ئويۇنلار»، «سىرلىق ئۆڭكۈر»، «سامساق ھەيدار» قاتارلىقلار؛ بالىلار كىتابلىرىدىن «كالتە قۇيرۇق چاشقاننىڭ سەرگۈزەشتىلىرى» (چاتما چۆچەك)، «كالتە قۇيرۇق چاشقاننىڭ مۇشۇكلەر ئارىسىدىكى سەرگۈزەشتىلىرى» (چاتما چۆچەك)، «چوغلۇق ۋە ئۇنىڭ ئويۇنچۇقلىرى» (چاتما چۆچەك)، «ئاق قۇشقاچنىڭ ھېكايىسى» (چاتما چۆچەك)، «يالغانچى تۇشۇق» (چاتما چۆچەك)، «قولىقى قېچىپ كەتكەن بالا» (چۆچەك ۋە مەسەللەر)، «ئۇيغۇر بالىلار چۆچەكلىرى» 5 قىسىم كىتاب، «ئۇيغۇر بالىلار مەسەللىرى» 5 قىسىم كىتاب، «ئۇيغۇر بالىلار تېپىشماقلىرى» 6 قىسىم كىتاب، «ئۇيغۇر بالىلار قوشاقلىرى» 5 قىسىم كىتاب، «ئۇيغۇر بالىلار ھېكايىلىرى» 5 قىسىم كىتاب، «بالىلار يۇمۇرلىرى»، «بالىلار چاقچاقلىرى» قاتارلىقلار ئالاھىدە سالماقنى ئىگىلەيدۇ.



# قېرىنداش مىللەتلەر سەنئەت ئەسەرلىرىدىن

جويا، تەخەللۇسى ئوۋجۇن، شىنجاڭ بورتالادىن، موڭغۇل، شىنجاڭ قەشقەردە تۇغۇلغان. شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، رەسسام، شائىرە، نەسر يازغۇچىسى. «ئەگىشىپ يۈرۈش»، «جويا خاتىرىلىرى» قاتارلىق ئەسەرلىرى نەشر قىلىنغان. ئۇ تېكىستىنى يازغان «تاغدىكى تاش كېمىرلارنىڭ سىرى» ناملىق هۆججەتلىك فىلىم 21 - نۆۋەتلىك جۇڭگو كىنو - تېلېۋىزىيە «ئالتۇن بۈركۈت مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن.








